# ئۇيغۇر خەلق
# چۆچەكلىرى

(5)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تورىسى

# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

# 5

تۈزگۈچىلەر: نۇرمەھەممەت زامان
تۇرغان شاۋدۇن

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مۇندەرىجە


ۋاپادار قۇش ........................................ 1
پەم - پاراسەتلىك قىز ........................................ 4
خاسيەتلىك چۇش ........................................ 11
كىشىنىڭ ھەققى ........................................ 29
ئادەم يامانمۇ، شەيتانمۇ ........................................ 33
غەۋغا ........................................ 36
بىرلوپلۇقنىڭ سەرگۈزەشتىسى ........................................ 41
كەنجى باتۇر ........................................ 47
ۋىجدانلىق ئايال ........................................ 58
"نىيىتى يامانىنىڭ قازىنى تۇشۇك" ........................................ 71
مەغرۇر پىل ........................................ 75
بەگنىڭ "پەيزى" ........................................ 79
ئامەتلىك بايۋەچچە ........................................ 82
شاھزادە تۇغلۇق ........................................ 97
خاسيەتلىك ئەنگۈشتەر ........................................ 128
زۇلخۇمار ........................................ 142
ھاراقنىڭ كاراматى ........................................ 156
"ئۆرنى كىم كولىسا ئۆزى چۈشەر" ........................................ 158
تاشگۈل ........................................ 161
قىرسلارنىڭ قەدرى ........................................ 170
كەنجى ئوغۇل ........................................ 173

www.uyghurkitap.com

ئاچچىق ساۋاق ........................................ 186
قوينى قايسى يەدى ........................................ 189
ئەگەرچىنىڭ ئوغۇللىرى ........................................ 194
مەلىكە دىلسوز ........................................ 205
غايىپ نىكا ........................................ 230
ۋاپادارلىق ........................................ 245

# ۋاپادار قۇش

بۇرۇن ئۆتكەن بىر پادىشانىڭ تولىمۇ ئەتىۋالاپ باققان بىر ۋاپادار قۇشى بار ئىكەن. شاھنىڭ دوستلىرى كەلسە "دوستۇڭ كەلدى" دەپ سايراپ، ئوڭ قانىتىنى قاقىدىكەن؛ دۈشمىنى كەلسە "دۈشمىنىڭ كەلدى" دەپ سول قانىتىنى قاقىدىكەن. ئۇ پادىشانىڭ ئوڭ قولىدا قوشلايدىكەن. پادىشامۇ ئۇنى يەرگە چۈشۈرمەي كۆتىرىپ يۈرىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشا شۇ ۋاپادار قۇشنى ئېلىپ ئوۋغا چىقىپتۇ. بىرنەچچە كۈن ئوۋ ئولاپ يۈرۈپ، ئاخىرى بىر پايانسىز چۆلنىڭ ئىچىگە كىرىپ قاپتۇ. ئۇلارنىڭ سۇلىرى تۈگەپ تەشنالىقتىن ئۆلەر ھالەتكە يېتىپتۇ. پادىشا ۋەزىر - ۋۇزرالىرىغا: "بولمىدى، ئەتراپلارغا قاراڭلار، سۇ تېپىڭلار" دەپ ئەمىر قىلىپتۇ. ۋەزىر ھەم نۆكەرلەر ئەتراپتىن سۇ ئىزلەشكە كىرىشىپتۇ. خېلى يەرلەرگىچە سۇ ئىزلەپ بېرىشىپتۇ، تاپالماپتۇ. ئىككى نۆكەر ئېگىز تاغنىڭ چوققىسىدىن بىر خىل سۈزۈك سۇنىڭ تامچىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. "ۋاي سۇ تاپتۇق" دەپ خوشال بولۇپ، بوكىسى ئاسمانغا يېتىشىپتۇ. ئۇلارنىڭ بۇ خۇشاللىقىنى پادىشاغا يەتكۈزۈپتۇ. پادىشا بۇنى ئاڭلاپ: "ئاشۇ سۇدىن باشقىڭلار ئىچمەي تۇرۇپ، ئالدى بىلەن ماڭا بىر قاچا ئەكېلىپ بېرىڭلار" دەپتۇ. ۋەزىرلەر "خوپ" دېيىشىپ، تامچىپ تۇرغان سۇغا قاچا تۇتۇپ تولدۇرۇپ، بىر قاچا سۇنى ئەكەپتۇ. پادىشا قاچىنى قولىغا ئېلىپ، سۇنى ئىچەي دېيىشىگە، ھېلىقى قۇش سول قانىتىنى قېقىپ، قاچىنى ئۆرۈۋېتىپتۇ. سۇ تۆكۈلۈپ كېتىپتۇ. پادىشا

پادىشا بۇگەپنى ئاڭلاپ چوچۇپ كېتىپتۇ. ئىشىنىڭ ئاقۋى-
تىنى ئويلاپ يېتىپتۇ-دە:

— قۇش ماڭا كويۇنۇپ يانخشىلىق قىپتىكەن، مەن ئۇنىڭ-
غا يامانلىق قىپتىمەن. ۋاي ئىسىت، ۋاپادار قۇشۇم، — دەپ قۇش-
نىڭ ئولۇگىنى قولىغا ئېلىپ، ھوكۇرەپ يىغلاپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ
ھەسرىتى زېمىننى بېسىپتۇ. پادىشا ئومۇر بويى پۇشمان يەپ
ئوتۇپتۇ.

"ۋاپاغا جاپا" دېگەن سوز ئەنە شۇندىن قالغان ئىكەن.

## پەم - پاراسەتلىك قىز

بۇرۇنقى بۇرۇنىسىدا بىر پادىشا بولغان ئىكەن. ئۇ ئۇزۇن يىللار دۆلەتنىڭ ئىشلىرى بىلەن بولۇپ كۆپ چارچاپتۇ - دە، ئوڭ قول ۋەزىرىنى ئۆز ئورنىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، ھەمرالىقىغا سول قول ۋەزىرىنى ۋە بىجانىدىل ئىشلەيدىغان مۇلازىمىدىن بىرىنى ئېلىپ، جاھان سەيلىسى ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ.

پادىشا سەپەرگە چىقىشتىن بۇرۇن بىر دانە گۆھەر ئېلىۋالغان ئىكەن. گۆھەر ئېلىۋالغانلىقىنى ھەمرالىرىنىڭ ھېچقايسىسىغا ئېيتماپتىكەن. خۇپىيانە ساقلاپ يۈرگەن بۇ گۆھەر تۇساتتىن يۈتۈپ كېتىپتۇ. پادىشا ئۇ ياقنى ئىزلەپتۇ، بۇ ياقنى ئاختۇرۇپتۇ. گۆھەرنى ئاقتىنمۇ، كۆكتىنمۇ تاپالماپتۇ. پادىشا ئىچ - ئىچىدىن تىت - تىت بوپتۇ. ئۇلار بىر ئاۋات شەھەرگە كېلىپ بىر ھەشەمەتلىك سارايغا چۈشۈپتۇ.

ئەتىسى پادىشا باشقىلارنى ئەگەشتۈرمەي ئۆزى يالغۇز كوچىغا چىقىپتۇ. بىر دەسسەپ، ئىككى دەسسەپ شەھەر پادىشاسىنىڭ ئوردىسىغا بېرىپتۇ. پادىشا بىلەن كۆرۈشۈپ، دۆلەت ئىشلىرى توغرىسىدىكى سۆھبەتلىرى بىر يەرگە بارغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ بىر دانە گۆھىرى يۈتۈپ كەتكەنلىكىنى، ئۇنى ئىزلەپ تاپالمايۋاتقانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ساھىبخان پادىشامۇ ئىچ ئاغرىتىپ ھېسداشلىق قىپتۇ.

ساياھەتچى پادىشا:

— بۇ گۆھەر مۇشۇ ئۈچەيلەننىڭ ئوتتۇرىسىدا يۈتتى، "سەن ئالدىڭ" دەپ تۇتۇشقا مېنىڭ قولۇمدا ئاساسىم يوق. شۇڭلاشقا ئۈچىمىزلى بىر يەرگە دەرقەمتە قىلماسلىق شەرتى ئاستىدا سورۇش-

تە قىلىپ ئېيىپ بېرىشلىرىنى ئۆتۈنىمەن، — دەپتۇ.

— ۋاي ھەزرەتلىرى، شۇنداق قىلمامدىغان، بۇنىڭغا چوقۇم كۈچ چىقىرىمەن، — دەپ ۋەدە قىپتۇ ساھىپخان پادىشا. ئۇ ساياھەتچى پادىشانى ئۇزىتىپ قويۇپ: "بۇ گوھەرنىڭ بىزنىڭ شەھىرىمىز تەۋەسىدە يۇتكىنى تولىمۇ سەتچىلىك بوپتۇ. بۇ بىزنىڭ شان-شوھرىتىمىز، ئابروي-ئىناۋىتىمىزگە مۇناسىۋەتلىك ئىش"، دەپ ئويلاپتۇ. ئويان ئويلاپتۇ، بۇيان ئويلاپتۇ، ئۇچەيلەننى دەرقەمتە قىلماسلىق شەرتى بىلەن گوھەرنى تېپىشنىڭ ھېچ ئىلاجىنى قىلالماپتۇ. تولا ئويلاپ ئورۇقلاپ كېتىپتۇ. بارا-بارا تاماقمۇ يېيەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قاپتۇ.

ساھىپخان پادىشانىڭ شەھەربانۇ دىگەن پەم-پاراسەتلىك بىر كىنىزىكى بار ئىكەن. ئۇ پادىشانىڭ كەيپىياتىنىڭ كۈنسېرى ئوساللاپ كېتىۋاتقانلىقىنى بايقاپ، بىر كۈنى شاھ قەسىرىگە كىرىپ:

— ئى ھورمەتتە تەڭدىشى يوق پادىشاھى ئالەم، يېقىندىن بۇيان تاۋىڭىز يوق، چىرايىڭىز سولغۇن، كۆڭلىڭىز يېرىم، خىيالچان بولۇپ كەتتىڭىز. نىمە ئىش كۆڭلىڭىزنى مالال ئەتتى؟ نىمىگە شۇنچە باش قاتۇرىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ. پادىشا ئۇزى ئۇچۇن كويۇنگەن بۇ شەپقەتلىك كېنىزەككە بولۇپ ئوتكەن ۋەقەنىڭ جەريانىنى بىر-بىرلەپ سوزلەپ بېرىپتۇ.

— مۇشۇنچىلىك ئىشقا شۇنچە غەم يەپ ئۆزىڭىزنى ئاۋارە قىپسىز. بۇنى ھەل قىلىش ئاسان ئىدى. مەن، بۇ ئۇچەيلەننى بىر يەرگە دەرقەمتە قىلماي تۇرۇپ ھەل قىلىمەن. ئالدى بىلەن سىز ماڭا بۇ مېھمانلار بىلەن تونۇشۇشۇمنىڭ شەرىپى ئۇچۇن بىر زىياپەت ئۇيۇشتۇرۇپ بېرىڭ، — دەپتۇ شەھەربانۇ.

پادىشا كاتتا زىياپەت ئۇيۇشتۇرۇپ مېھمانلارنى چاقىرىپتۇ. زىياپەت ئاياقلاشقاندىن كېيىن شەھەربانۇ ئۇچ مېھماندىن

ھېكايە ئېيتىپ بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ. بۇ ئۈچەيلەن "قېنى ئۆزلىرىدىن كەلسۇن" دەپ قىزنى قىستاپ تۇرۇۋاپتۇ. قىز ھېكايە باشلاپتۇ:

بۇرۇن بىر پادىشا ئۆتكەن ئىكەن. ئۇنىڭ بىر چار بېغى بار ئىكەن. بۇ باغنى شاھنىڭ بىر سادىق باغۋىنى مۇھاپىزەت قىلىدىكەن، باش ئەتىياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە پادىشا ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان كىچىك قىزىنى ئەگەشتۈرۈپ بۇ باققا سەيلىگە كەپتۇ. قىز گۈللۈككە كىرىپ ھۇپپىدە ئېچىلغان بىر تال چىرايلىق گۈلنى كۆرۈپتۇ. گۈل ئۆزىنىڭ چىرايلىقلىغى ۋە خۇشبۇي پۇرىغى بىلەن قىزنىڭ مەيلىنى تارتىۋاپتۇ. قىز باغۋەننىڭ ئوغلىغا قاراپ:

— ئاۋۇ گۈلنى ماڭا ئۈزۈپ بېرىڭا، — دەپتۇ. باغۋەننىڭ ئوغلى شاھنىڭ قىزىغا چاخچاق بىلەن:

— سىزنىڭ مەيلىڭىز گۈلگە قانچىلىك چۈشكەن بولسا، مېنىڭ مەيلىممۇ سىزگە شۇنچىلىك چۈشۈۋاتىدۇ، بۇنى قانداق قىلىمىز؟ — دەپ مۇھەببەت ئىزھار قىپتۇ ۋە گۈلنى ئۈزۈپ قىزغا بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككى ياش گۈلزارلىقتا كەلگۈسىدە بىرگە ئۆتمەكچى بولۇپ ۋەدىلىشىپتۇ.

ھايت-ھۇيت دېگىچە توت-بەش يىل ئۆتۈپتۇ، پادىشا قىزىنى ئۆزىگە ئوخشاش قۇدرەتلىك بىر پادىشانىڭ شاھزادىسىگە ياتلىق قىلماقچى بوپتۇ. داغدۇغىلىق توي مەرىكىسى 40 كۈن داۋام قىپتۇ. قىز-يىگىتلەر تويى بولغان قىزنى ھوجرىغا كوچۇرۇپ ئەكىلىپ قويۇپ كېتىشىپتۇ. قىز بىلەن شاھزادە يالغۇز قاپتۇ. قىز شاھزادىگە:

— ئالدى بىلەن مەن سىزدىن بىر سوئال سوراي، — دەپتۇ، — مەن بۇندىن توت-بەش يىل بۇرۇن بىر باغۋەننىڭ بالىسى بىلەن ئۆمۈرلۈك بىرگە بولۇشنى ۋەدىلەشكەن ئىدىم. ۋەدەمگە ۋاپا قىلىمەنمۇ-قىلمايمەنمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

شاھزادە بۇ گۈزەل مەلىكىنىڭ سوزىنى ئاڭلاپ، قاتتىق ئويلاپتۇ، بىر پەستىن كېيىن ئۇلۇق - كىچىك تىنىپ:
— ۋەدىگە ۋاپا قىلىش كېرەك، ۋەدىسىدە تۇرمىغان ئادەم ۋىجدانلىق ئادەم ھېساپلانمايدۇ، — دەپتۇ.
— ئەمىسە بۇ ئىشنى قانداق قىلىمەن؟
— بېرىڭ، سىزگە ئىجازەت بەردىم، ئۇقۇشماسلىق بوپتۇ، — دەپتۇ شاھزادە.
قىز ئىشىكتىن ئۇقتەك ئېتىلىپ چىقىپ، شۇ كېچىدىلا باغ ۋەن يىگىت تەرەپكە ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كېتىۋاتسا، بىر توپ قاراقچى قىزنى تۇتۇۋېلىپ، باشلىقىنىڭ ئالدىغا ئەكىرىپتۇ. قاراق چىلارنىڭ باشلىقى شاپ بۇرۇتلىرىنى تولغاپ، ياۋۇز كوزلىرىنى ئويىنىتىپ، ئىككى مۇشتۇمىنى بىقىنىغا تىرەپ تۇرۇپ:
— بۇ تەرەپلەردە نىمە كويدا يۈرگەن قىز سەن؟ — دەپ سوراق قىپتۇ.
قىز كەچمىش - كەچۈرمىشلىرىنى بىر قۇر بايان ئەيلەپتۇ. قاراقچىلار باشلىقى ئۇنىڭ سوزىنى پۈتۈن زېھنىنى قويۇپ ئاڭلاپتۇ - دە، ئاندىن قىزغا:
— ھىم، ۋەدىگە ۋاپا قىلىپ ياخشى ئىش قىپسەن. مەنمۇ ساڭا تىلەكداش، تېزدىن ۋەدە قىلغان يىگىتىڭنىڭ يېنىغا بار، — دەپ قىزنى قويۇپ بېرىپتۇ.
قىز يەنە يول يۈرۈپتۇ. يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپتۇ. ئاخىرى گۈلزارلىق باققا يېتىپ كەپتۇ. باغۋەن ئوغۇلنىڭ ئىشىگىنى قېقىپتۇ. يىگىت ئويىدىن چىقىپ قىزنى كورۈپ ھەيران قاپتۇ.
— ھوي، — دەپتۇ يىگىت، — سىزنى دادىڭىز بىر شاھزادىگە ياتلىق قىلغان ئىدىغۇ؟ بۇيەردە نىمە قىلىپ يۈرىسىز؟
— شاھزادە مېنىڭ ۋەدەمگە ۋاپا قىلىپ، سىزنىڭ بولۇ-

شۇنىڭغا ئىجازەت بەردى، — دەپتۇ قىز..... شەھەربانۇ ھىكايىسىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ:

— ئەمدى سىلەر ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ: قىز كىمگە تەئەللۇق بولۇشى لازىم؟ — دەپتۇ ۋە سىنچى كۆزلىرى بىلەن ئالدىدىكى ئۈچەيلەنگە قاراپ ئولتۇرۇپتۇ. بۇ ئۈچەيلەن بىر بىرىگە قارىشىپ "سەن دەپ باق"، "سىلى دەپ باقسىلا" دېيىشىپتۇ. ئاقىۋەت پادىشا سۆز ئېلىپ:

— مەنچە بولغاندا بۇ قىز شاھزادىگە تەئەللۇق، چۈنكى ئۇنىڭ دادىسى نۇرغۇن پۇل، دۇنيا خەجلەپ، كاتتا تەييارلىقلار بىلەن قىرىق كېچە-كۈندۈز توي قىلىپ قىزنى ئوغلىغا ئېلىپ بەردى، — دەپتۇ.

ۋەزىر ئۈندىمەي خىيال دەرياسىغا غەرق بولۇپ، قولىنى قوشتۇرۇپ، بېشىنى يەرگە سېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. مۇلازىم سۆز ئېلىپ:

— بۇلار پادىشانىڭ قىزى، پادىشانىڭ ئوغلىكەن، ئۇلار ئەلۋەتتە شۇنداق كەڭ قوساق بولۇشلىرى كېرەك. يولدىكى قاراقچى يامان ئادەم بولسىمۇ، يەنە كەڭچىلىك قىلىپ "بار، ۋەدەڭگە ۋاپا قىل" دەپ قويۇۋەتكەندىن كېيىن، قاراقچى يارايدىكەن، — دەپتۇ.

شەھەربانۇ لام-جىم دېمەي ئولتۇرغان ۋەزىرنى خىيال قۇچىقىدىن تارتىپ چىقىپ:

— تەخسىر، ئۆزلىرىچە كىمگە خاستۇ؟ — دەپتۇ.

— مېنىڭچە...، — دەپتۇ ۋەزىر دۇدۇقلاپ، — ئۇ پادىشانىڭ قىزىكەن، قانداقمۇ قاراقچىغا خاس بولسۇن؟! بۇ نەسەپكە توغرا كەلمەيدۇ. قىزنىڭمۇ باغۋەن يىگىتكە ئوتتەك مەيلى بار ئىكەن. قىز باغۋەن يىگىتنىڭ بولۇشى كېرەك.

ۋەزىرنىڭ ئەندىشىلىك قىياپىتى شەھەربانۇدا چوڭ بىر گۇماننى پەيدا قىپتۇ. شۇڭلاشقا پادىشا بىلەن مۇلازىمنى سارايدىن

چىقىرىۋېتىپ، ۋەزىرنى تەكلىپ بىلەن ئېلىپ قاپتۇ. ئەمما ئاچكۆز ۋەزىر ئىچىدە: "بۇ شەھلا كۆزلۈك، زىلۋا بويلۇق مەلىكىنىڭ كۆڭ-لى ماڭا چۈشۈپ قالغان ئوخشىمامدۇ؟ بولمىسا نېمىشقا ھەممە-نى چىقىرىۋېتىپ مېنى يالغۇز ئېلىپ قالىدۇ؟......" دەپ ئويلاپ خوشال ۋە مەغرۇر ئولتۇرۇپتۇ، شېرىن خىياللارغا چۆمۈپتۇ.

شۇ ئارىلىقتا شەھەربانۇ كېنىزەكلەرنىڭ يېنىغا چىقىپ، ئۇ-سۇلچىلار، سازەندىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. ئۇلارغا مۇنداق دەپ تاپىلاپتۇ:

— ئويۇن باشلانغاندا سازنى شوخ ئۇسۇل پەدىسىگە چالىسىلەر. ئۆزەم ئۇسۇلغا چۈشىمەن. ئويناپ بېشىم قايغاندا بىرسىڭلارنىڭ قۇچىقىغا يىقىلىمەن. سىلەر "ۋاي خېنىكەم، ۋاي خېنىكەم" دەپ يىغلاپ بىسە-رەمجان بولىسىلەر. شۇ سەكپارىچىلىقتا بىرسىڭلار "مەلىكىگە گوھەرنى چايقاپ سۈيىنى ئىچىرسەك ساقىيىپ كېتەتتى، گوھەر ئەكېلىڭلار" دەپ چۇقان سالىسىلەر، شۇنداق قىلىپ مېھماننىڭ كۆڭلىنى ئاچىمىز.

شۇ ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە نەغمە قىزىپ كېتىپتۇ. شەھەر-بانۇ راسا جۇلانە ئۇسۇل ئويناپتۇ. ساز ئەۋجىگە چىقىپتۇ. شەھەر-بانۇ پىر-پىر پىقىراپ كېلىپ، بىر كېنىزەكنىڭ قۇچىقىغا يىقى-لىپتۇ. كېنىزەكلەر "ۋاي خېنىكەم ھوشىدىن كەتتى" دەپ ئۇپۇر-تۇپۇر بولۇشۇپتۇ. يىغا-زارە قىلىپ ئۆيىنى بېشىغا كىيىشىپتۇ.

شەھەربانۇنىڭ جۇلانە ئۇسۇلغا، كېلىشكەن قەددى-قامىتىگە، قوللىرىدىن قاس چىقىرىپ، قاش تاشلاپ ئويناشلىرىغا ئۆزىنى پۈتۈنلەي ئۇنۇتقان ھالدا بېرىلىپ كەتكەن ۋەزىر يۈگۈرۈپ كېلىپ:

— مەلىكىگە نېمە بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بولمىدى، گوھەرنى چايقاپ سۈيىنى ئىچكۈزۈۋەتسەك ساقىيىپ كېتەتتى، — دەپتۇ بىر كېنىزەك.

— غەزىنىگە بېرىپ گوھەر ئېلىپ كەلگىچە مەلىكىمدىن ئاي-رىلىپ قالىدىغان بولدۇق، ۋاي ئىست، چىرايلىق مەلىكەم، — دەپ

ئاچلىرىنى تۇتۇپ راسا قاملاشتۇرۇپ يىغلاپتۇ يەنە بىر كىنىزەك.
ھودۇقۇپ كەتكەن ۋەزىر قويىنىدىكى يانچۇقىدىن گوھەرنى
ئېلىپ:
— ۋاي مانا گوھەر، مەلىكىنى دەرھال قۇتقۇزۇڭلار! —
دەپ كېنىزەكلەرگە سۇنۇپتۇ......
شەھەربانۇ گوھەرنى ئۆز پادىشاسىغا ئاپىرىپ بېرىپتۇ. سايا ھەت-
تى پادىشا يوقالغان گوھىرىنى قولىغا ئېلىپ خوشال بولۇپ:
— بۇ قىز ھەقىقەتەن پەم - پاراسەتلىك ئىكەن، —
دەپ مەمنۇن بوپتۇ.

# خاسىيەتلىك چۇش

بۇرۇنقى زاماندا بىر تۇل خوتۇن ئۆتكەن ئىكەن. بۇ خوتۇننىڭ دۇنيالىقتا بىرلا ئوغلى بولۇپ، ئۇ كەيمە تاز ئىكەن. بالا ھەر كۈنى جاڭگالدىن ياتناق ئەكېلىپ ناۋايخانىغا ساتمىدىكەن. شۇ كىرىم بىلەن كۈن كەچۈرىدىكەن. بۇ تاز بالا كۈنلەرنىڭ بىرىدە مۇنداق چۈش كۆرۈپتۇ: كۈننىڭ ئوڭ تەرىپىدە كۈن، سول تەرىپىدە ئاي ياتارمىش، ئۇ بىردەم كۈننى، بىردەم ئاينى قۇچاقلايمىش ... ئۇ، بۇ چۈشنى ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرۇپلا ئانىسىغا ئېيتىپتۇ. ئانىسى ئۇنىڭ چۈشنى تولىمۇ زەڭ قويۇپ ئاڭلاپتۇ. ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، ھەسرەت بىلەن ئۇزۇن بىر ئۇھ تارتىپ، ئاندىن بالىسىغا:

— سەن بىر خاسىيەتلىك چۈش كۆرۈپسەن. ئۇنىڭغا تەبىر بېرىشكە مەنمۇ ئاجىزلىق قىلىمەن. ئەڭ ياخشىسى بۇ چۈشۈڭنى پادىشانىڭ مەلىكىسىگە ئېيتىپ بەر، مەلىكە ئىنتايىن زىرەك ۋە دانىشمەن، بۇنداق چۈشكە توغرا تەبىر بېرەلەيدۇ، — دەپتۇ.

تاز يېرىم كېچىدە ئورنىدىن يېتىپ كەپتۇ. مەلىكىنىڭ ھوجرىسىنى تېپىپ، دەرىزىنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۆينىڭ ئىچىگە قاراپتۇ. مەلىكە مۇھەببەتنامىسى بىلەن ئېچىلىپ - يېيىلىپ ئۆينىڭ ئولتۇرغان ئىكەن. مەلىكە دەرىزىنىڭ سىرتىدا قاراپ تۇرغان تازنى كۆرۈپ قاپتۇ - دە، ئورنىدىن تۇرۇپ، دەرىزە يېنىغا كېلىپ:

— ھەي تاز، بۇ يەرگە نىمە بار دەپ كەلدىڭ؟ — دەپتۇ.

— ئاخشام ئاجايىپ بىر چۈش كورۇپتىمەن. سىلىنى ئۇرۇپ بېرەمدىكىن، دەپ كەلدىم، — دەپتۇ تاز.

— قانداق چۈشكەن ئۇ، قېنى دەپ باقە؟

— كۈننى ئوڭ تەرىپىمگە، ئاينى سول تەرىپىمگە ئېلىپ قۇچاقلاپ يېتىپ چۈش كورۇپتىمەن.

تازنىڭ چۈشىنى ئاڭلاپ مەلىكىنىڭ كوڭلى بىر قىسىم بولۇپ، چىرايى تۇتۇلۇپ، قوشۇمىسى تۇرۇلۇپ كېتىپتۇ ۋە ئاچچىغى بىلەن:

— بۇنداق چۈشنى ئورۇگىلى بولمايدۇ، ماڭ، نەدىن كەلگەن بولساڭ شۇ يەرگە كەت! — دەپتۇ.

تاز ئىلاجىسىز ئارقىسىغا يانغان بولسىمۇ، لېكىن مەلىكىنىڭ سوزىگە قايىل بولماي، بۇ يەردىن كەتكىسى كەلمەپتۇ. ئاستا دەسسەپ يېنىپ كېلىپ، دەرىزە قاپقىسىنىڭ كەينىگە ئوتۇپ تىڭشاپ تۇرۇپتۇ. مەلىكىنىڭ مۇھەببەتدىشى:

— بۇ تازنىڭ چۈشىنى ئەجەپ ئورۇگىلى كەلمىدىغۇ مەلىكەم، بۇ نىمە ئۈچۈن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بۇ چۈشتىن قارىغاندا مۇشۇ تاز كەلگۈسىدە مېنى ئوز ئەمرىگە ئالماقچى. تاز ئوڭ يېنىغا ئېلىپ قۇچاقلاپ ياتقان كۈن مەن بولىمەن. مېنىڭ ئۈستۈمگە يەنە بىر پەرىزاتنى ئالىدىكەن، ئۇ مەندىنمۇ چىرايلىق ئىكەن، تاز سول يېنىغا ئېلىپ قۇچاقلىغان ئاي ئەنە شۇ پەرىدۇر، — دەپتۇ مەلىكە.

مەلىكىنىڭ مۇھەببەتدىشى بۇ تەبىرگە ئىشەنگۈسى كەلمەي، ياقىسىنى تۇتۇپ:

— خۇدا ساقلار، ئۇنداقمۇ بولماس، — دەپتۇ.

— شۇنى دېمەمسىز. مەن بولسام بىر پادىشانىڭ قىزى، ئەسلىمىز ئىسىل ئادەملەر، قانداقمۇ بۇ گاداي تازغا خوتۇن بولىمەن. شۇڭا تازنىڭ كېپىنى ئاڭلاپ ئىمانىم قىرىق گەز ئۇچتى.

تاز رامنىڭ كەينىدە تۇرۇپ بۇ گەپلەرنى ئاڭلىۋاپتۇ. شۇ يەردىن يۈگۈرگەن پېتى ئۇيىگە بېرىپ بولنان ۋەقەنى ۋە ئاڭلىغان گەپلىرىنى ئاپىسىغا بىرمۇ - بىر سوزلەپ بېرىپتۇ.

— ئەمدىچۇ بالام، — دەپتۇ تازنىڭ ئاپىسى، — يەنە ئارقاڭغا يېنىپ مەلىكىنىڭ ھوجرىسىغا بار، ھېلىقى رامنىڭ كەينىگە ئوتۇپ يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ، مەلىكىنىڭ گەپ - سوزىنى تىڭشا، ئۇلار ئەمدى نىمە ئىش قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ كەل.

— خوپ، — دەپتۇ - دە، تاز شاپاشلاپ بارغانچە رامنىڭ كەينىگە ئوتۇۋېلىپ، قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ تىڭشاپ تۇرۇپتۇ. ئۇينىڭ ئىچىدە مەلىكە بىلەن مۇھەببەتدىشى يەنە شۇ چۇش ئۇستىدە گەپلىشىپ، مەسلىھەتلىشىۋاتقىدەك.

— ئەلۋەتتە مەن سىزدەك كېلىشكەن يىگىت بىلەن مەڭگۇلۇك بىرگە ئوتۇشنى خالايتتىم، — دەپتۇ مەلىكە مۇھەببەتدىشىگە، — بىراق، تازغا بۇيرۇغان تەقدىرىمنى توساپ ئالغىلى بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ. مەن ئاخىرى مۇشۇ سەت تازنىڭ قولىغا چۇشىدىغاندەك تۇرىمەن.

— ئەمىسە، — دەپتۇ مۇھەببەتدىشى سەل ئەنسىرەپ، — ئىككىمىز بۇ شەھەردىن دەرھال قېچىپ چىقىپ كېتەيلى، قانداق دەيسىز؟

— بولىدۇ، — دەپتۇ مەلىكە، — مەن غەزنىدىن پۇل ئەپچىقىپ بېرەي، سىز بازارغا كىرىپ، ئالتە ئايلىق يولنى بىر كېچىدە باسىدىغان يۈگۈرۈك ئاتتىن ئىككىنى سېتىپ ئەكىلىڭ. ئەتە كەچ كىرىپ، كوز باغلانغان چاغلار بىلەن باغنىڭ سىرتىدىكى ئەگمە كوۋرۇك تۇۋىدە مېنى ساقلاپ تۇرۇڭ. مەن ئومرىمىز بويىچە خەجلىسەكمۇ يېتىپ ئاشقىدەك تىللانى بوخچامغا قاچىلاپ، كوتىرىپ چىقىمەن. كوۋرۇك يېنىغا بېرىپ "ئەھىھۇ" دەپ يوتىلىپ

بەلگە بېرىسەن. سىز يېتىپ كېلىسىز. ئاندىن ئىككىمىز ئاتقا مىنىپلا قاچىمىز.

تاز ئانىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ مەلىكە بىلەن مۇھەببەتلىشى ئوتتۇرىسىدا بولغان بۇ گەپلەرنى ئېقىتماي ـ تېمىتماي يەتكۈزۈپتۇ.

— ئومرۇڭنى جاڭگالدىن يانتاق توشۇپ ئوتكۈزگىنىڭدىن مەلىكە بىلەن ئوتكۈزگىنىڭ مىڭ مەرتىۋە ئەلا، — دەپتۇ تازنىڭ ئانىسى، — بولدى، بېشىمغا ھەر بالا كەلسە مەن كورەي، سەن ماڭا تارتىنىشىپ تۇرماي شۇ گۈزەل مەلىكە بىلەن كەت!

— ئانا، ئۇنىڭ بىلەن قانداق كەتكىلى بولىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ تاز مەلىكىنى قولغا چۈشۈرۈشتىن بېشى قېتىپ.

— مۇنداق قىلىسەن، — دەپتۇ ئانىسى ئۇنىڭغا يول كورسىتىپ، — مەلىكە بىلەن مۇھەببەتلىشى بۇ ئاجايىپ چۈشىنىڭ ۋەھىمىسىدىن بۈگۈن كېچىچە ئۇخلىماي چىقىدۇ. مۇھەببەتلىشى ئەتە قوپۇپ شەھەرگە كىرىپ، ئات ئېلىپ كەچتە يېتىپ چىققىچە قاتتىق چارچايدۇ، كوۋرۈك تۈۋىدە مەلىكىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپ مۈگدەپ قېلىشى، ھەتتا ئۇخلاپ قېلىشى مۇمكىن. سەن شۇ قاراڭغۇ كېچىدە تۈيدۈرماي بېرىپ ئۇنىڭ قولىدىكى ئاتلارنى قولغا چۈشۈرىسەن. مەلىكە چىقىپ بەلگە بېرىشى بىلەن قولتۇغىدىن يولەپلا ئاتقا مىندۈرۈپ بەدەر قاچىسەن. ئۇنىڭدىن كېيىنكىسىنى ھىكمەت بەلگىلىسۇن.

تازچاق ئانىسىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە كېچىدە كوۋرۈك يېنىغا كەپتۇ. سەپسېلىپ قارىسا مەلىكىنىڭ مۇھەببەتلىشى ئاتلارنى بىر قوزۇققا باغلاپ قويۇپ، ئوزى خورەك تارتىپ ئۇخلاپ كېتىپتۇ. تازچاق ئاتلارنى قولغا چۈشۈرۈپ يوشۇرۇنۇپ، مەلىكىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ. ئالەم قازاننىڭ قارىسىدەك قاپ ـ قاراڭغۇ ئىكەن. بىر چاغدا مەلىكە چىقىپ "ئەھھۇ" دەپتۇ، تاز

www.uyghurkitap.com

ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ، مەلىكىنىڭ قولتۇغىدىن تۇتۇپلا ئاتىقا مىندۇرۇپتۇ. ئۆزىمۇ ئىرغىپلا يەنە بىر ئاتقا مىنىپتۇ. "چۇۋ" دەپتۇ ـ دە، ئىككىسى تۈن قوينىغا كىرىپ كېتىپتۇ.

ئاتلىقلار ئۇچقاندەك چېپىپ كېتىۋېرىپتۇ، تۈن نىسپى بوپتۇ. مەلىكە "بۇ يىگىت ئەجەپ گەپ قىلمايدا! مېنى دەپ تۇغۇلغان يۇرتى، مېھرىۋان ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلدى، مۇشۇنىداق قاراڭغۇ كېچىدە، چول ـ جەزىرىلەردە مۇساپىر بولۇپ يۈرگەنلىكى ئۈچۈن ماڭا خاپا بولۇپ، رەنجىپ قالدىمۇ ـ يە؟" دەپ ئويلاپتۇ. يىگىتتىن گەپ ئېلىپ سىناپ بېقىش ئۈچۈن:

— ئەجەپمۇ بىر تۇگىمەيدىغان قۇملۇققا كىرىپ قالدۇق ـ ھە! — دەپتۇ.

قىزنىڭ ئارقىسىدىن كېلىۋاتقان تازچاق ئوشۇق گەپ قىلماي "ھىم" دەپلا قويۇپتۇ.

يەنە بىر يەرلەرگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن مەلىكە "بۇ يىگىت مەندىن راستلا خاپا بولۇپ قالغان ئوخشىمامدۇ؟" دىگەن ئويغا كەپتۇ. ئۇنى سوزلەتمەكچى بولۇپ:

— نىمە دىگەن قېلىن توغراقلىق بۇ ـ ھە! — دەپتۇ.

— ھە، — دەپ قويۇپتۇ تازچاق باشقا گەپ قىلماي.

مەلىكىنىڭ نازۇك كوڭلىدە: "بۇ يىگىت راستلا مەندىن رەنجىپ قالغان ئوخشىمامدۇ، بولمىسا نىمىشقا شۇنىچىلا گەپ قىلساممۇ ئېچىلماي تۇرۇۋالىدۇ؟" دىگەن گۇمان تۇغۇلۇپتۇ.

قىز يىگىتنى يەنە ھىر قېتىم گەپكە سالماقچى بولغانىدا ئاسمانىنىڭ قۇمغا تېگىپ تۇرغان گىرۋەكلىرى ئاقىرىپ، تاڭ يورۇشقا باشلاپتۇ. قىز ئەمدى ئاستىراق ماڭساقمۇ بولار، دەپ سۇرئەتنى ئاستىلىتىپ، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قاراپتۇ. سەپسېلىپ قاراپ، ئۆزى مۇھەببەت باغلىغان چىرايلىق يىگىتنى ئەمەس، بەلكى گەدىنىدىن يۇقۇرىسىنىڭ ھەممىسىنى قوماق بېسىپ كەتكەن كەي-

مە تازنى كورۇپتۇ. مەلىكىنىڭ ئاچچىغى كېلىپ، يىرىلغۇدەك بوپتۇ.

— ھەي تاز، سەن بۇ يەرگە نېمە بار دەپ كەلدىڭ؟

— ئۆزلىرىنى پانا تارتىپ كەلدىم.

— ئىككىمىز باشقا نەسەپتىن تۇرساق، مەن ساڭا قانداق راۋا بولاتتىم؟

— ھېچقىسى يوق، بىزمۇ ئادەم بالىسى ئەمەسمۇ، بولۇۋېرىدۇ، — دەپتۇ تاز گەدىنىنى قاشلاپ.

مەلىكە ئويان ئويلاپتۇ، بۇيان ئويلاپتۇ. ئاچچىقلاپتۇ، تېرىكىپتۇ، پۇشايمان قىپتۇ، ئىچىدە كۆلۈپمۇ تاشلاپتۇ. ئاقىۋەت بۇ ئىشنىڭ مۇشۇنداق ھەل بولماي مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ھېس قىپتۇ. ئەمما بۇ تازنى ئېغىر بىر شەرت قويۇپ سىناپ باقماقچى بولۇپتۇ. «مۇبادا قويغان شەرتىمنىڭ ھوددىسىدىن چىقالماي قالسا، مېنىڭ بەختىم» دەپ ئويلاپتۇ.

— ئانداق بولسا، — دەپتۇ مەلىكە، — مەن ساڭا بىر شەرت قويىمەن. ئەھدىسىدىن چىقالساڭ مەن سېنىڭ خوتۇنۇڭ، ئەھدىسىدىن چىقالمىساڭ ئۆز تەلىيىڭدىن كور، بەخت قۇشۇڭ ئۇچۇپ كېتىدۇ.

— جاندىن كەچمىگىچە جانانغا يەتكىلى بولمايدۇ، قانداق شەرتلىرى بولسا قويسىلا، — دەپتۇ تاز ئاتتىن سەكرەپ قۇمنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ.

— كىيىملىرىڭنى يېشىپ تاشلايسەن. يالىڭاچ بەدىنىڭگە ساناپ تۇرۇپ قىرىق قامچا ئۇرىمەن، ئەگەر بەدىنىڭنى قاچۇرماي چىداپ تۇرۇپ بېرەلىسەڭ، مېنىڭ بېشىمغا ھەرقانداق بالا-قازا كەلگەندە ئازاپلىنىشتىن قورقماي بەرداشلىق بېرەلەيدىكەن، دەپ كوڭلۇم ئىشىنىپ تاپىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەن سېنىڭ بولىمەن. ئەگەر «ۋايجان» دەپ بەدىنىڭنى قاچۇرىدىغان بولساڭ، بېشىڭ

نى تېپىشكەندىن جۇدا قىلىمەن.

— شەرتلىرىڭنى ئورۇنداشقا تەييارمەن، — دەپتۇ تاز كېيىملىرىنى يېشىپ پىقىرىتىپ چۆرۈپ تاشلاپ.

مەلىكە قولىنىڭ ئالقىنىنى نەمدەپ، قامچىنىڭ سېپىنى چىڭ ئۇچۇملاپ تۇرۇپ قەھرى بىلەن تازنى ئۇرۇشقا باشلاپتۇ. بىر، ئىككى، ئۈچ، ئوتتۇز سەككىز، ئوتتۇز توققۇز ...... تاز چىشىنى - چىشىغا چىڭ چىشلەپ، مەلىكىنى خوتۇن قىلغاندىن كېيىنكى بەختلىك تۇرمۇشىنى كۆز ئالدىغا ئەكىلىپ، بەرداشلىق بېرىپ مىدىر - سىدىر قىلماي، كۈلۈمسىرىگەن ھالەتتە تۇرۇپتۇ. مەلىكە ئەڭ ئاخىرقى قامچىنى ئىگىز كۆتىرىپ "مانا قىرىق" دەپ تارس قىلىپ ئۇرۇپ توختاپتۇ. تاز بۇ سىناقتىن ئۆتۈپتۇ. مەلىكىنىڭ كۆڭلىمۇ ئىمىن تېپىپ:

— بولدى، كېيىملىرىڭنى كەي، بۈگۈندىن باشلاپ ئۆمرۈم ئاخىرلاشقىچە مەن سېنىڭ ئاياليڭمەن. ئەمدى سەن ئۆزەڭنىڭ بويۇڭنى چەنلەپ تۇرۇپ، تار بىر ئورا كولىغىن، — دەپتۇ.

تاز مەلىكىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە تار قىلىپ ئۆز بويىغا تەڭ چوڭقۇرلۇقتا ئورا كولاپتۇ ۋە ئۆزى شۇ ئورىغا چۈشۈپ تۇرۇپ بېرىپتۇ. خوتۇنى ئۇنىڭ بويىنىنىڭ يۇقۇرىسىنىلا چىقىرىپ قويۇپ، قالغان يېرىنى تازا دەسسەپ چىڭداپ تۇرۇپ توپا بىلەن كۆمۈپ تاشلاپتۇ. قولىغا قامچىنىڭ سېپىدەك سوكسوكنى ئېلىپ، تازنىڭ بېشىدىكى قوماقلارنى قىرىپ، قومۇرۇپ چىقىرىشقا كىرىشىپتۇ. تازغا بۇنىڭ ئاغرىقى بايىقى 40 قامچىنىڭ ئازاۋىدىنمۇ يامان تۇيۇلۇپتۇ. مىدىراي دېسە، مىدىرلىيالماپتۇ. قولى بىلەن بېشىنى تۇساپ ئالاي دېسە، قولىنى چىقىرالماپتۇ. ئاغرىقتا چىدالمىغىنىدىن توۋلاپ چىقىراپ كېتىپتۇ. خوتۇنى ئۇنىڭ نالىسىگە پەرۋا قىلماي قىرىۋېرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، قوماقنىڭ بىرسىنىمۇ قويماي، ھەممىنى قىرىپ چۈشۈرۈۋېتىپتۇ. ياۋا چۆپنىڭ

يىلتىزىنى ئەكىلىپ كويدۇرۇپ، كۈلىنى تازىنىڭ قاناپ كەتكەن بېشىغا تېگىشىپتۇ. ئارقا - ئارقىدىن بىرنەچچە قېتىم شۇنداق قىلىپ، يۇيۇپ مايلاپ بېرىپتۇ، ئاخىرى تازىنىڭ بېشى ئوڭلىنىپتۇ. ئاپپاق كېپەكلەپ كەتكەن قوماقنىڭ ئورنىغا، قۇندۇزدەك قاپ - قارا چاچ چىقىپتۇ. تازچاق ئەمدى كېلىشكەن چىرايلىق يىگىتكە ئايلىنىپتۇ.

— بۇندىن كېيىن چول - جەزىرىدە ياۋايى ئادەملەردەك ئوتتۇۋەرمەيلى، ماكان تۇتۇپ، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرەيلى، — دەپتۇ مەلىكە.

— ھەببەلى، شۇنداق قىلىلى، — دەپتۇ ئۇنىڭ ئېرى.

— مەن ساڭا ھازىر بەش يۈز تىللا بېرىمەن. سەن بۇنى ئېلىپ شەھەرگە كىرىپ چار باغلىرى بار كاتتا قورا - جاي سېتىۋالغىن. شۇ نەرسە ئېسىڭدە تۇرسۇنكى، ئالغان قورا - جاي شاھنىڭ ئوردىسىدىن يىراق جايدا بولسۇن. ئوردىغا يېقىن يەردىن جاي ئالساڭ، پادىشا ۋە ئۇنىڭ ۋەزىرلىرى ئاچكوز كېلىدۇ. كۆڭلىنىڭ بىرىدە ئۇلار بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالساق، ئۇلاردا يامان غەرەز پەيدا بولۇپ، ساڭا قەست قىلىدۇ، — دەپتۇ.

يىگىت ئاتنى توقۇپتۇ، 500 تىللانى ئېلىپ شەھەرگە كىرىپتۇ. شەھەرنى بىر ئايلىنىپ چىقىپ، خوتۇنى ئېيتقاندەك قورۇنى ھېچ يەردە ئۇچراتماپتۇ. پادىشانىڭ ئوردىسى جايلاشقان تەرەپكە بېرىپ ئىزلەپتۇ. ئوردىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ، دەل خوتۇنى ئېيتقاندەك كاتتا ئىمارەتنى كۆرۈپتۇ. قورانىڭ باغ - ۋارانلىرىنى كۆرۈپ تېخىمۇ قىزىقىپ قاپتۇ. "ئوردىنىڭ يېنىدا بولسا بولمامدۇ، باشقا يەردە مۇنداق قورا يوق تۇرسا قانداق قىلىنۇلۇق" دەپتۇ - دە، بۇ قورانى سېتىپ ئاپتۇ. ئادەملىرىنى كوچەرتىپ، ئۆيلىرىنى كۆچۈرۈپ كىرىشكە تەييارلاتقۇزۇپ قويۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

جاڭگالغا قايتىپ كېتىپتۇ. خوتۇنىغا ھېچيەردىن تۈزۈك قورا ـ
جاي تاپالماي، ئامالسىز ھىلىقى جايىنى ئالغانلىغىنى ئېيتىپتۇ.
— ئاپلا، يامان قىپسەن ـ دە! — دەپتۇ خوتۇنى ئەپسۇسلى-
نىپ، — خەير، قانداق قىلىمىز، باشقا كەلگەننى كوردۇق.
ئەسلى شۇ كاساپەتلەر بىلەن زادى خوشنا ئولتۇرمايدىغان گەپ
ئىدى.

ئۇلار ئاتلىرىغا مىنىپ، ئەل ئۇيىقۇغا كەتكەندە شەھەرگە
كىرىپ كەپتۇ. سېتىۋالغان جايىغا كىرىپ ئورۇنلىشىپتۇ. ھېرىپ ـ
چارچاپ كەتكەنلىكتىن ئەتىسىمۇ كەچكىچە ئۇخلاپتۇ. ئوگۈنى
سەھەردە مەلىكە تالاغا ھاجەتكە چىقىپتۇ. شۇ چاغدا پادىشانىڭ
نائىنساپ ۋەزىرىمۇ تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن تالاغا چىققان ئى-
كەن. ئۇ كەڭ ھويلىدىن چىقىۋاتقان كۈن سۈپەتلىك پەرىزاتنى
كورۇپ، تۇرغان ئورنىدا ئاغزىنى ئېچىپ، قاققان قوزۇقتەك قېتىپ
تۇرۇپلا قاپتۇ. قولىدىكى ئۇۋرىغىمۇ يەرگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. بىر
ھازادا ئېسىنى يىغىپ قارىسا، مەلىكە ئاللىقاچان ھوجرىسىغا كى-
رىپ كەتكەن، ئۇ بىشىنى ساڭگىلىتىپ، دوڭغاسلاپ پادىشانىڭ
ئالدىغا كىرىپتۇ.

— ئى پادىشاھى ئالەم، — دەپتۇ ئۇ شاھ قەسرىگە كى-
رىشى بىلەن، — بىزنىڭ شەھىرىمىزگە كۈن سۈپەتلىك بىر پەرى
پەيدا بوپتۇ. ھوسنى ـ جامالى ھەرقانداق كىشىنى مەپتۇن
قىلىدۇ.

— سىلىنىڭ كوگۈللىرىنى ئوزىگە تارتقان قانداق پەرى-
دۇ؟ — دەپتۇ پادىشا ھەيران بولۇپ، — ئەمسە مەنىمۇ بىر
كورۇپ باقاي، ياخشىنى كورمەكلىك پەرىز.

ئۇلار ئەتىسى سەھەردە مەلىكىنىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ دەر-
ۋازا ئالدىدا تۇرۇشۇپتۇ. مەلىكە تونۇگۈنكى قەرەلى بىلەن تالا-
غا چىقىپتۇ. ئۇنىڭ سىپايىلىق بىلەن ئىشىكتىن چىقىشى پادىشاغا

بۇلۇت ئىچىدىن ئاي چىققاندەك، گەڭ ھويلىنىڭ سەيناسىنى يېرىپ ئۇتۇشى تىنىق ئاسماندا ئاي ئۈزۈپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ پادىشانىڭ قەلبىگە بىر ئوت تۇتىشىپتۇ. ئىشتىيى تۇتۇلۇپ، تامىقى ئازلاپ رۇخسارى سارغىيىپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. يە نەسىھەت، يا دورا كار قىلماپتۇ.

— ئى ھەممىگە قادىر، ئۇلۇغ شاھىمىز، — دەپتۇ ھىلىقى ۋەزىر بىر كۈنى شاھ خالى قالغان پەيتتە كىرىپ، سىلى ئۇنداق بىئارام بولۋەرمىسىلە، مەن ئوبدان ئېنىقلاپ كوردۇم: ئۇ گۈزەل مەلىكىنىڭ ئېرى تېگى پەس بىر گاداي ئىكەن، ئۇنىڭ قۇدرەتلىك بىرەر تايانچىسىمۇ يوق ئىكەن. شۇڭا ئۇنى ئوردىغا چاقىرتىپ، ئىنساننىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان بىرەر ۋەزىپە تاپشۇرايلى، ئۇنى، تەھقىق ئورۇندىيالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى جىمىقتۇرۇۋېتىپ، مەلىكىنى تارتىۋالساق، دەرتلىرىڭگە داۋا دىگەن شۇ ئەمەسمۇ؟

پادىشا بۇ "ئاقىلانە" مەسلىھەتنى ماقۇل كورۇپتۇ. بۇ غەرەزنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن يىگىتنى ئوردىغا چاقىرتىپتۇ. يىگىت ئوردىغا مېڭىش ئالدىدا خوتۇنى ئۇنىڭغا مۇنداق دەپتۇ:

— پادىشا ساڭا ھەرقانداق ئېغىر ۋەزىپە يۈكلىسىمۇ ھەرگىز ياق دىمە، "خوپ بولىدۇ، ئورۇندايمەن" دەپ ئۇدۇل ئۆيگە يېنىپ كەلگىن. قالغىنىنى ئۆزەم توغرىلايمەن.

يىگىت ماقۇل دەپ ئوردىغا قاراپ مېڭىپتۇ. ۋەزىرلەر ئۇنى شاھنىڭ ئالدىغا باشلاپ ئەكىرىپتۇ.

پادىشا ئۇنىڭغا:

— يېقىندىن بۇيان بىتاپ بولۇپ قالدىم، كېسىلىمگە يولۋاسنىڭ سۈتى داۋا بولۇپ قالدى. مۇشۇ توغرىلىق ساڭا ھاجىتىم چۈشتى. يولۋاس سۈتى تېپىپ كېلەلىسەڭ ئامانلىق بېرىمەن، تېپىپ كېلەلمىسەڭ كاللاڭنى ئالىمەن، — دەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— گېپىپ كېلمەن، — دەپتۇ يىگىت ۋە ئوردىدىن چىقىپ ئۇدۇل ئۆيىگە يېنىپ كەپتۇ.

— ھە، پادىشا نىمە دېدى؟ — دەپتۇ خوتۇنى ئۇ ئۆيگە كىرىشى بىلەن.

— يولۋاسنىڭ سۈتىنى تېپىپ ئەكەلسەڭ ئامانلىق بېرىمەن، بولمىسا كاللاڭنى ئالىمەن، دېدى.

ئانداق بولسا ئۇ ساڭا ئاسان شەرت قويۇپتۇ. بۇنى ئورۇنلاش تەس ئەمەس. باياتىن ئاڭلىسام، ئانچە يىراق بولمىغان جىگدىلىكتە بىر يولۋاس جىگدە تېرىپ يەۋاتقاندا، قولىغا جىگدە شوخىسى كىرىپ كېتىپ چىقىرالماي ئازاپ تارتىپ يېتىپ قاپتۇ. باشقىلار ئۇنىڭدىن قورقۇپ يېنىغىمۇ يولىماپتۇ. سەن قورقماستىن بېرىپ، ئالقىنىدىكى تىكەننى چىقىرىپ، ئۇنى ئازاپتىن قۇتقاز. شۇنداق قىلساڭ يولۋاسمۇ سەندىن بىرچىنە سۈتىنى ئايىمايدۇ.

يىگىت خوتۇنى ئېيتىپ بەرگەن جىگدىلىككە بارسا، بىر يولۋاس يوغان بىر تۈپ جىگدە تۈۋىدە زوڭزىيىپ، تەلمۈرۈپ ئولتۇرغان ئىكەن. يىگىت ئالدى بىلەن يولۋاسقا سالام بېرىپتۇ. يولۋاسمۇ ئۇنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئاپتۇ. ئاندىن يىگىت يېقىن كېلىپ، يولۋاسنىڭ ئاياۋراق تايىنىپ تۇرغان قولىنى تۇتۇپ قارىسا، شوخا يولۋاس ئالقىنىنىڭ ئىچىدە بىخ چىقىرىپ كوكلەپ كېتىپتۇ. يىگىت پىچىقىنى ئېلىپ، يولۋاس ئالقىنىنىڭ يىرىڭداپ كەتكەن يېرىنى يېرىپ، جىگدىنىڭ كوكلەپ كەتكەن شوخىسىنى يىلتىزلىرى بىلەن بىراقلا چىقىرىۋاپتۇ. ئاندىن يىرىڭلىرىنى پاك-پاكىز تازىلاپتۇ. جاراھەتلەنگەن جايىغا دورا قويۇپ تېڭىپتۇ. يولۋاس ئازاپتىن قۇتۇلۇپتۇ. يىگىتكە تەشەككۇر ئېيتىپتۇ ۋە:

— ئەي ئىنسان بالىسى، بىرنەچچە ۋاقىتتىن بېرى ھېچكىم مېنىڭ يېنىمغا يېقىن يولىمىغان ئىدى. سەن باتۇرلۇق بى-

لەن كېلىپ مېنى ئېغىر ئازاپتىن قۇتقازدىڭ. مېنىڭمۇ ياخشىلىقىڭغا ياخشىلىق قايتۇرغۇچىلىكىم بار. ساڭا نېمە ئېھتىياجىلىق بولسا ئېيت، ھەل قىلىپ بېرىمەن، — دەپتۇ.

يىگىت پادىشاغا يولۋاس سۈتى لازىم بولۇپ قالغانلىقىنى، بۇ تەرەپكە شۇ مەقسەت بىلەن كەلگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. يولۋاس سۈتىدىن بىر قاچا بېرىپتۇ. يىگىت ئۇنى ئېلىپ، رەھمەت ئېيتىپ قايتماقچى بوپتىكەن، يولۋاس ئۇنىڭغا:

— ئالدىرىما. پادىشا دېگەننىڭ پەتىۋاسى تولا. بۇنى كۆرۈپ "يولۋاسنىڭ سۈتى ئەمەس" دەپ، ساڭا زىيانكەشلىك قىلىشتىن يانمايدۇ. شۇڭا گۇۋاچىلىقتىن ئۆتۈش ئۈچۈن، بالىلىرىمدىن بىرىنى ساڭا قوشۇپ قوياي، — دەپتۇ. يىگىت يولۋاسنىڭ بالىسىنى ئەگەشتۈرۈپ شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. سۈتنى كۆتىرىپ، پادىشانىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ. پادىشا سۈتنى كۆرۈپ قانائەت ھاسىل قىپتۇ ۋە:

— بۇ ئىشنى مۇۋەپپەقىيەتلىك بېجىردىڭ، قايتىپ كەتسەڭ بولىدۇ، — دەپ ئىجازەت بېرىپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، پادىشانىڭ ئەھۋالى ئېغىرلىشىپتۇ. ھېلىقى ئاچكۆز ۋەزىر ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ:

— ئى ئۇلۇغ سەركەردىمىز، يولۋاس دېگەن بار نەرسە، ئىنسانلار ئۇنىڭ كويىغا چۈشسىلا تۇتۇۋالىدۇ. شۇڭا ئىنسانلار قىلالمايدىغان شەرتنى قويىلى، بۇ شەرتنى ئورۇنلىيالمىغاندىن كېيىن، ئۇنى كوزدىن يوقىتىپ، مەلىكىنى سىلىگە ئېلىپ بەرسەك قانداق؟ — دەپتۇ. پادىشا ساقىلىنى سىلاپ، ئويلاپ تۇرۇپ:

— بۇ ئالەمدە ئىنسانلارنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان قانداق بەسى - مۇشكۇل ئىش بولۇشى مۇمكىن؟ — دەپتۇ.

— ئۇنىڭدىن ھەم قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق، — دەپتۇ ئاچكۆز ۋەزىر سۆز ئېلىپ، — رىۋايەت قىلىنىشىچە، كويىقاپتى-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

گى پەرىزات قىزلىرىنىڭ قولىدا گۈلقەقە دىگەن ئىنتايىن چەرايلىق بىر قۇش بارمىش. شۇ قۇشنى ئېلىپ كەلسە ئامانلىق بېرەيلى، ئېلىپ كېلەلمىسە كاللىسىنى ئالىمىز. ئېيتىلىشىچە كويىقاپقا بېرىش ئۈچۈن بەش يۈز يىل ۋاقىت كېتەرمىش. بۇنىڭغا ئۇنىڭلا ئەمەس، نەچچە ئەۋلادىنى ئۆلسىمۇ ئۆمرى يەتمەيدۇ. بۇ شەرتنى قويساق ئۇ يە ئۆلىدۇ، يە ئورۇنلىيالماي قايتىپ كېلىپ ئۆلۈم جازاسى تەلەپ قىلىدۇ.

— بۇ ئوبدان شەرت ئىكەن. ئەمىسە ئۇنى چاقىرىڭلار، — دەپ ئەمىر قىپتۇ پادىشا.

يىگىت پادىشانىڭ ئالدىغا بېرىش ئالدىدا، ئۇنىڭ مېھرىۋان خوتۇنى يەنە مۇنداق جېكىپتۇ:

— ھەرقانداق قىيىن شەرت بولسىمۇ مەردانىلىق بىلەن قوبۇل قىل. ھەرگىز قورقما.

يىگىت شاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ گۈلقەقەنى ئەكىلىش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ يېنىپ چىقىپتۇ. ئۆيىگە يېنىپ كېلىپ، ئەھۋالنى خوتۇنىغا ئېيتىپتىكەن، خوتۇنى ئۇنىڭغا مۇنداق يول كۆرسىتىپتۇ:

— گۈلقەقە ئىنسانلارنىڭ قولىدا بولمايدۇ، بۇ قۇش كويىقاپتىكى پەرىزات قىزلىرىنىڭ قولىدا تۇرىدۇ، بۇ قۇشنى ئېلىش ئۈچۈن، سىنىڭ كويىقاپقا بېرىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق. سەن كۈن چىقىش تەرەپتىكى قومۇشلۇققا بارساڭ، چەكسىز كەتكەن قومۇشلۇقنىڭ ئىچىدە بىر كول بار. ئۇ قىزلار بىر توپ كوك كەپتەر سۈرىتىدە ھەر كۈنلۈكى شۇ كولگە كېلىپ سۇغا چومۇلىدۇ. بىر بىرىگە سۇ چېچىشىپ تازا قىزىق ئويناۋاتقاندا بېرىپ كىيىمىنى يىغۋال. ھەرقانچە يالۋۇرسىمۇ كىيىملىرىنى بەرمە. ئاخىرى پەرىزاتلارنىڭ بىرسى "ئۆزەمنى ساڭا مەڭگۈلۈك ئاتا قىلدىم" دىگەندە بەرگىن. ئۇلار ئېيتقان سوزىگە بېزىدىنىمۇ

بەكرەك ئەمەل قىلىدۇ. گۈلقەقەنىمۇ ساگما شۇ پەرىزات تېپىپ
بېرىدۇ. ھىلىقى خاسىيەتلىك چۈشۈگىدە سول تەرىپىگگە ئېلىپ قۇ-
چاقلىغان ئاي ئەنە شۇ پەرىزات بولىدۇ.

يىگىت خوتۇنىنىڭ ئېيتىپ بەرگىنى بويىچە مېڭىپ، ئەترا-
پىنى ئېگىز ئۆسكەن قېلىن قومۇشلۇق ئوراپ تۇرغان بىر كولگە
يېتىپ بېرىپتۇ. قومۇشلۇقنىڭ ئىچىگە موكۇۋېلىپ، ماراپ يېتىپتۇ.
چۈش مەزگىلى بىلەن شىشىدەك سۈزۈك ئاسماندا بىر توپ كەپ-
تەر پەيدا بوپتۇ. كەپتەرلەر كولنىڭ ئۈستىنى بىر ئەگىپ، لەپ-
پىدە پەسكە شۇڭغۇپتۇ. كول بويىدىكى چوپلۇكمكە قونۇپ بىرلا
سىلكىنىپ پەرىلەرگە ئايلىنىپتۇ. قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ، چۇقۇرۇشۇپ
كىيىملىرىنى يەشكىلى تۇرۇپتۇ. ئۇلار كىيىملىرىنى قاشقا سېلىپ
قويۇپ، ئۆزلىرى كولدىكى سۇدا تازا قىزىق ئويۇنغا بېرىلىپ
كەتكەندە، يىگىت قومۇشلۇقنىڭ ئىچىدىن چىقىپ كول بويىغا
كەپتۇ، قىزلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى يىغىشتۇراپتۇ. قىزلار
ئۇنى كۆرۈپ قاپتۇ. كىيىملىرىنى ئېلىۋېلىشقا گۈلگۈرەلمەي، سۇ-
دا تۇرۇپ يالۋۇرۇپتۇ. يىگىت كىيىملەرنى بەرمەپتۇ. كەچ كىرىپ،
ئۇلارنىڭ كويىقاپقا قايتىدىغان ۋاقتىمۇ توشۇپ قاپتۇ. ئۇلار
تولىمۇ جىلى بولۇپ جىددىيلەشكىلى تۇرۇپتۇ. ئاخىر ئىككى ھەدى-
سى سىڭلىسىغا: "ئەھۋالدىن قارىغاندا بۇ ئىنسان كىيىملىرىمىزنى
بەرمەيدىغاندەك تۇرىدۇ. كىيىمسىز ئاتا - ئانىمىزنىڭ ئالدىغا
قانداق بارىمىز؟ سەن چىقىپ ئۇنىڭ قانداق تەلىۋى بولسا ئۇ-
قۇپ، قوبۇل قىلغىن، ئاندىن كىيىملىرىمىزنى ئېلىپ كەل" دەپ-
تۇ. لېكىن سىڭلىسىمۇ ئىزا تارتىپ سۇدىن چىققىلى ئۇنىماپتۇ.
ھەدىلىرى زورلاپ يۈرۈپ تەستە ماقۇل كەلتۈرۈپتۇ. پەرىزات سۇ-
دىن چىقىپ يىگىتنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— سىنىڭ قانداق تەلىۋىڭ بولسا ئېيتقىن، ئورۇنلاپ بې-
رىمىز، — دەپتۇ.

— مېنىڭ پەقەت بىرلا تەلىۋىم بار، — دەپتۇ يىگىت، — ئۇ بولسىمۇ، سىزنى ئۆز ئەمرىمگە ئالسام، ئىككىمىز بىللە تۇر-مۇش كەچۈرسەك.

قىز ھەدىلىرىنىڭ ئېيتقان نەسىھىتىنى ئەسلەپتۇ، ئىلاجسىز بۇ تەلەپكە ماقۇل بوپتۇ. رازىلىق بىلدۈرۈپ، كىيىملىرىنى قول-غا ئاپتۇ. قىزلار سۇدىن چىقىپ كىيىملىرىنى كىيىشىپ بوپتۇ. يىگىت ئۆزىگە خوتۇن بولۇشنى ۋەدە قىلغان پەرىزاتتىن گۈلقە-قەنى ئەكىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ. قىزلار يىگىتكە:

— ئۇنداق بولسا، سەن مۇشۇ يەردە بىزنى كۈتۈپ تۇر-سەن، — دەپتۇ.

— ماقۇل، مەن سىلەرنى كۈتۈپ تۇرىمەن، — دەپتۇ يىگىت. پەرىزاتلار ياپ - يېشىل چوپلۇككە بىرلا دوملاپ، بىر توپ كوك كەپتەرگە ئايلىنىپتۇ - دە، پۇررىدە ئۇچۇپ كېتىپتۇ. يىگىت كول بويىدا، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن كوزىنى ئۈزمەي قا-راپ قاپتۇ. ئازمۇ ئۆتمەي، كوپمۇ ئۆتمەي پەرىزاتلار بىر چى-رايلىق قەپەزنى كوتىرىپ، كول بويىغا كەپتۇ ۋە قەپەزنى يى-گىتكە بېرىپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئەي ئىنسان بالىسى، بىزنىڭ ساڭا ئىككى تۈرلۈك تەلىۋىمىز بار، بىرى مانا بۇ قەپەزنىڭ ئىچىدىكىسى گۈلقەقە، قەپەزنىڭ ئاغزىنى تاكى پادىشانىڭ ئالدىغا بارمىغىچە ئاچماي-سەن؛ يەنە بىرى، سىڭلىمىزنى ئۆز يۇرتۇڭغا ئاپىرىۋېلىپ خار-لىمايسەن، كوڭلىگە ئازار بەرمەيسەن.

يىگىت ۋەدە بېرىپتۇ. پەرىزاتنىڭ ھەدىلىرى ئۇلارغا ئاق يول تىلەپ ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.

يىگىت بىلەن قىز نۇرغۇن يولنى بىللە مېڭىپ، ئويلىرىگە يېتىپ كەپتۇ. ئەتىسى يىگىت قەپەزنى كوتىرىپ ئوردىغا كىرىپتۇ. پادىشا قەپەزنىڭ ئاغزىنى شۇنداقلا ئېچىشى بىلەن گۈلقەقە

شۇنداق بىر سايراپتىكى، ئەي يۇھەنناس، پادىشانىڭ كۆيۈك ئازا-
ۋىسىغۇ ئېسىدىن كوتىرىلىپ كېتىپتۇ. ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتۈپتۇ.
پادىشانىڭ قەلبىدىكى كۆيۈك ئوتلىرى يەنە يېلىنجاپ يالقۇنلاش-
قا باشلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يەنە جىلىخور، تېرىككەك بولۇپ كې-
تىپتۇ، گۈلقەقەنىڭ خەندان ئۇرۇپ سايرىشىمۇ قۇلىقىغا خوشياق-
مايدىغان بولۇپ قاپتۇ. شاھنىڭ كەيپىياتىغا تولىمۇ كۆڭۈل بو-
لۇپ، كۆزىتىپ تۇرىدىغان ئاچكوز ۋەزىر يەنە بىر پەتىۋا تېپىپ
پادىشاغا مەسلىھەت ساپتۇ:

— ئى شەۋكەتلىك شاھىم، — دەپتۇ ۋەزىر، — مەر-
تەم - مەرتەم ئۈچ مەرتەم بولسۇن. ئەمدى بۇ ئادەمگە ئوتۇپ
كەتكەن ئىشلاردىن بىرەرنى قىلدۇرۇپ باقسىلى. بۇنى جەزمەن
ئورۇنلىيالمايدۇ، ئاندىن بويىنىغا قىلىچ سېلىپ، جېنىدىن جۇدا
قىلايلى. شۇ چاغدا مەلىكە بىزنىڭ بولىدۇ.

پادىشا سەل ھەيران بولۇپ:

— دۇنيادا بولۇپ ئوتۇپ كەتكەن، قىلىشقا بولمايدىغان
نىمە ئىش بولۇشى مۇمكىن؟ — دەپتۇ.

— مەسىلەن، — دەپتۇ ئاچكوز ۋەزىر، — سىلىنىڭ ئا-
تىلىرى ئالەمدىن ئوتكەن. بىراق رەخمەتلىكنىڭ قەۋرە نىشانىسى-
نىڭ نەدە ئىكەنلىكى بىزگە ھازىرغىچە مەلۇم ئەمەس. بۇ ئادەم-
نى ئاتىلىرىنىڭ قەۋرە نىشانىسىنى تېپىپ كېلىشكە ئەۋەتسەك.

پادىشا بۇ مەسلىھەتكە قوشۇلۇپتۇ. يىگىتنى يەنە چاقىرى-
تىپ ئەكەلدۈرۈپتۇ:

— ئەمدى ساڭا يەنە بىر ۋەزىپە بار، — دەپتۇ پادى-
شا، — ئاتامنىڭ تەۋەرۈك قەۋرە نىشانى بىزگە نامەلۇم، سەن
شۇنى تېپىپ كەل، ئەگەر تېپىپ كېلەلمىسەڭ، كاللاڭنى تېنىڭ-
دىن جۇدا قىلىمەن.

— خوپ، تېپىپ كېلىمەن، — دەپتۇ يىگىت ئىككىلەنمەي-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

لا. ئۇ ئۆيىگە يېنىپ كېلىپ بۇ ئەھۋالنى چوڭ خوتۇنىغا ئېيتىپتۇ.

— ئاۋالقى ئىككى يولنى مەن كۆرسىتىپ بەردىم. ئەمدىكى يولنى پەرىزات كۆرسىتىپ بەرسۇن، — دەپتۇ مەلىكە.

يىگىت ئەھۋالنى كىچىك خوتۇنىغا ئېيتقان ئىكەن، ئۇ مۇنداق دەپتۇ:

— سەن پادىشانىڭ ئالدىغا بېرىپ: "ئاتىلىرىڭىزنىڭ تەۋەرۈك نىشانىسىنى تېپىپ قويدۇم. مۇشۇ تىك تاغنىڭ ئۈستىدىكەن. تاۋاپ قىلىپ كېلەي دېسىلە مەن باشلاپ چىقىمەن، بىراق بۇ تاققا چىقىش ناھايىتى تەس، پەقەت بىرلا تەرەپتىن چىققىلى بولىدىكەن. تېيىلىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن تاغ ئۈستىگە چىقىدىغان چىغىر يولغا ئوتۇن ياغاچلارنى تاشلاپ، ئۈستىگە دەسسەپ چىقىمىز" دېگىن. پادىشا پىكرىڭنى قوبۇل كۆرۈپ تاققا ئوتۇن-ياغاچلارنى تىزدۇرۇپ يول ياسىتىدۇ. سەن ئۇنى شۇ يول بىلەن تاققا ئېلىپ چىقىپ "ئاتىڭىزنىڭ قەۋرە نىشانى مانا مۇشۇكەن" دەپ يوغانراق تاشتىن بىرىنى كۆرسىتىپ قوي. پادىشا جەزمەن ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ. شۇ پەيتتە ئۈزەڭگىنى چوققىدىن يەرگە تاشلا، مەن تۇتۇۋالىمەن. پادىشا ئۆزىنى تاشلىيالماي ھېلىقى يول بىلەن چۈشىدۇ. ياغاچقا ئوت قويۇۋېتىمىز، پادىشا كۆيۈپ ئۆلىدۇ.

يىگىت پادىشانىڭ قېشىغا بېرىپ بۇ قەۋرە نىشانىنى تاپقانلىقىنى ئېيتىپتۇ. پادىشا بۇنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ. ئاتىسىنىڭ قەۋرە نىشانىنى كۆرۈش ئۈچۈن يولغا ياتقۇزىدىغان ئوتۇننى پۇقرالارغا ئالۋاڭ سېپتۇ. ئوتۇن-ياغاچلار رەتلىك تىزىلىپتۇ. يىگىت شاھنى باشلاپ ئوتۇننىڭ ئۈستىگە دەسسەپ تاغ چوققىسىغا چىقىپتۇ. يىگىت "ئاتىلىرىڭىزنىڭ قەۋرە بەلگىسى مانا مۇشۇكەن" دەپ پادىشاغا ئاتىسىنىڭ كاللىسىدەك بىر قارا

تاشنى كۆرسىتىپ قويۇپتۇ. پادىشا تاشقا قاراپ تۇرۇپ كېتىپ، بېشىنى ئىغاڭشىتىپ:

— مېنىڭ ئاتام دۆلەتمەن ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ خەزىنىسى بۇنداق ئاددى بولمىسا كېرەك. سەن مېنى ئالداۋاتامسەن - قانداق؟ — دەپ يىگىتكە غەزەپلىنىپتۇ ۋە چېپىپ تاشلىماق بولۇپ قىلىچىغا قول ئۇزىتىپتۇ. قىلىچنى شارتتىدە سۇغۇرۇپ ئېلىپ، ئالدىغا ئېتىلىشى بىلەن يىگىت ئۆزىنى تاغنىڭ ئۈستىدىن يەرگە ئېتىپتۇ. يەردە تەقەززا بولۇپ، ئېرىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈپ تۇرغان پەرىزات ئۇنى خۇددى شاختىن چۈشكەن ئالمىنى تۇتقاندەك تۇتۇۋاپتۇ. پادىشا گىرۋەككە كېلىپ يەرگە شۇنداق قاراپتىكەن، تېنى جۇغىدە ئەيمىنىپ، يۈرىكى ئېغىپتۇ. ئاستا ئارقىسىغا يېنىپ، ھېلىقى ئوتتۇن - ياغاچلار تاشلانغان يول بىلەن پەسكە چۈشۈشكە باشلاپتۇ. يولنىڭ تەڭ يېرىمىغا كەلگەندە، پەرىزات ئوتتۇنغا ئوت قويۇپ بېرىپتۇ. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ بۇ زالىم پادىشانىڭ زۇلمىدىن بىزار بولغان خەلق تەرەپ-تەرەپتىن ياغاچلارغا ئوت يېقىپتۇ. ئوت بارغانچە ئۇلغىيىپ، ياغاچلار چاراسلاپ كۆيگىلى تۇرۇپتۇ. پادىشا بۇ ھەيۋەتلىك ئوت دېڭىزى ئىچىدە كۆيۈپ كۇلگە ئايلىنىپ كېتىپتۇ. غەزەپلەنگەن خەلق قوزغىلىپ ھېلىقى ئاچكۆز ۋەزىر ۋە نائىنساپ ۋەھشى ئەمەلدارلارنىمۇ تۇتۇپ ئەكېلىپ، شۇ ئوتقا تاشلاپ كۆيدۈرۈۋېتىپتۇ. خەلق بۇ چوڭ ئاپەتتىن قۇتۇلغانلىغى ئۈچۈن تەنتەنە قىپتۇ. تەلەيلىك يىگىت بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. يىگىتكە ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە ئاپىرىن ئوقۇپتۇ. يىگىتنى كۆتەرگەنچە ئاپىرىپ پادىشالىق تەختىگە ئولتۇرغۇزۇپتۇ. شۇندىن باشلاپ يىگىت بۇ ئەلنىڭ پادىشاسى بولۇپ ئۆتۈپتۇ. مەملىكەت گۈللەپ، ئەل - پۇقرا باياشاتلىققا ئېرىشىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## كىشىنىڭ ھەققى

بۇرۇنقى زاماندا مۇسا ۋە ئەيسا دېگەن ئىككى يىگىت ئاغىنە بولۇپ ئۆتكەن ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە مۇسا بىلەن ئەيسا كىشىنىڭ ھەققى ئۈستىدە پاراڭلىشىپ قاپتۇ. مۇسا ئەيسادىن:

— ئاداش، كىشىنىڭ ھەققى زادى كىشىدە قالامدۇ ـ قالمامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئايلار، يىللار ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن، ئەمما كىشىنىڭ ھەققى كىشىدە قالمايدۇ، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ئەيسا.

— ئەمىسە مۇشۇ سوزۇڭنى بىرەر كارامەت كورسىتىپ تۇرۇپ ئىسپاتلاپ باققىنا، — دەپتۇ مۇسا.

— بولىدۇ، — ئەيسا رازى بولۇپ سوزلەشكە باشلاپتۇ، — سەن كەينىمگە بەش قەدەم چېكىنىپ ئارقاڭغا بۇرۇل.

مۇسا ئارقىسىغا شۇنداق بۇرۇلۇپتىكەن، ئالدىدا ياپ ـ يېشىل مەنزىرىلىك بىر شەھەر تۇرغانلىقىنى كورۇپتۇ.

ئەيسا مۇسانىڭ كەينىدە تۇرۇپ، ھېكايە ئېيتىشقا كىرىشىپتۇ. ئۇنىڭ ھېكايىسىدە بايان قىلىنغان نەرسىلەر مۇساغا ئېنىق كورۇنۇپ تۇرۇپتۇ.

— سەن كورۇپ تۇرغان مانا مۇشۇ چىرايلىق شەھەردە بىر كاتتا سودىگەر ياشىغان ئىدى، — دەپ ھېكايە باشلاپتۇ ئەيسا. — ئۇ سودىگەر ئىنساپسىز ھەم ئاچكوز ئىدى. بىر ياغاچچى بۇ سودىگەرگە بەش يىل ئىشلەپ، ئىش ھەققىنى ئالىدىغان چاغدا ئولۇپ قالىدى. سودىگەر ئۇنى كومۇپ قويۇپ، تۇپراق بېشىدىن قايتىپ كېلىپلا يۇرت كاتتىلىرىنى ئويىگە چاقىرىپ

زىياپەت بېرىپ ئوبدان مېھمان قىلدى، ئاخىرىدا مۇنداق مۇراجەت قىلدى:

— ئى جامائەت، ھەممىڭلارغا مەلۇمكى، رەھمەتلىك ياغاچچى ماگا بەش يىل ئىشلىۋىدى، ئۇنىڭ يېمەك - ئىچمىكى، كىيىم - كېچىكى، پۈتكۈل خىراجىتى مەندىن بولغان. يەيدىغىنىنى يەپ، ئالىدىغىنىنى ئېلىپ بولغان ئىدى، مەندە ھېچقانداق ھەققى قالمىدى، مۇبادا كۈنلەردىن بىر كۈنلىرى بۇ ياغاچچىنىڭ ئىگىسى چىقىپ قېلىپ، مېنىڭدىن ئۇنىڭ ھەققىنى ئالىمەن دېسە، سىلەر گۇۋا بولۇڭلار.

— بەش يىلدىن بۇيان سىلىنىڭ تۈزلىرىنى يەپ، ئۆيلىرىدە ئىشلىگەن تۇرسا، ئۇنىڭ يەنە نېمە ھەققى قالسۇن. ھەر قانداق ئادەم كەلسە بىز گۇۋاھچىلىقتىن ئۆتىمىز، — دېيىشىپتۇ يۇرت كاتتىلىرى.

سودىگەر "بۇ ئىشتىن ئەجەپ ئوبدان قۇتۇلدۇم، ئەمدى ياغاچچىنىڭ ئەۋلاتلىرى داۋا قىلىپ كېلىپ قالسىمۇ، جامائەتكە ئىتتىرىپ قويۇپلا تۈگىشىدىغان بولدۇم" دەپ خۇرسەن بوپتۇ. شۇندىن كېيىن خاتىرجەم يۈرۈۋېرىپتۇ.

سودىگەر بىر كۈنى ئىككىنچى بىر شەھەرگە سودىگەرچىلىككە بارماقچى بوپتۇ. 30 سەر ئالتۇننى پوتىسىغا تۈگۈپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. يولدا ھاۋا بەك ئىسسىپ كېتىپتۇ. تەرلەپ كەتكەن سودىگەر ئېتىنى چوپكە قويۇۋېتىپ، ئۆزى ئېرىق بويىدىكى قارىياغاچنىڭ تۈۋىگە كېلىپ بىر پەس ئۇخلىماقچى بوپتۇ. بىراق ھېلىقى پوتىغا تۈگۈۋالغان ئالتۇنى بىقىنىغا پېتىپ زادىلا ئۇخلاتماپتۇ. ئاخىرى ئورنىدىن تۇرۇپ پوتىسىنى بېلىدىن يېشىپتۇ. "بۇ دەشتى - باياۋاندا كىم ئېلىۋالاتتى" دەپ ئويلاپ، دەرەخ شېخىغا ئىلىپ قويۇپ، يېتىپلا ئۇخلاپ كېتىپتۇ. بىر ھازادا كۆزىنى ئاچسا كەچكىرىپ قالغان. "ئاپلاھۇ ئەكبەر، نېمانچە ئۇخ-

www.uyghurkitap.com

لاپ كەتكەندەمەن" دەپ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، قامچىسىنى قولىغا ئاپتۇ. ئالدىراپ - سالدىراپ بىرىپ توقۇغىلىق ئېتىغا مىنىپتۇ - دە، ئۇچقاندەك چىپىپ كېتىپتۇ. ھېلىقى ئالتۇن چەگىلگەن پوتا شاختا قاپتۇ.

سودىگەر كەتكەندىن كېيىن بىر ياغاچچى بالا دۇكان - جابدۇقلىرىنى كوتىرىپ ھېلىقى دەرەخ تۈۋىگە كېلىپ، ئارام ئېلىشقا ئولتۇرۇپتۇ، ئۇ قىرغا بېشىنى قويۇپ، ئاسمانغا قاراپ ياتقاندا كوزى دەرەخ شېخىدا ئىلىغلىق تۇرغان پوتىغا چۈشۈپتۇ. ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ، پوتىنى قولىغا ئاپتۇ. ئۇنى يەشسە، كوزلىرىنى چاقنىتىپ، ساپ - سېرىق ئالتۇن چىقىپتۇ. ياغاچچى بالا "خۇدايىم بەردى" دەپتۇ - دە، تۇيۇقسىز كەلگەن بۇ ئامەتتىن ئالەمچە خوشاللىقتا چومۇپ يۇرۇپ كېتىپتۇ. —

ئەمدى گەپنى سودىگەردىن ئاڭلا.

سودىگەر شۇ يەردىن قوپقانچە توختىماي مېڭىپتۇ. قاراڭغۇ چۈشكەنسېرى قونالغۇغا يېتىۋېلىش ئۇچۇن تېخىمۇ ئالدىراپتۇ. يېرىم كېچىلەر بىلەن ئاران دىگەندە بىر ئوتەڭگە يېتىپ بېرىۋاپتۇ. ئەتىسى سەھەردە ھېلىقى پوتىدىكى ئالتۇنى ئېسىگە كېلىپ، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپتۇ - دە، بېلىنى سىلاپتۇ. قارىسا پوتا يوق. شۇ ھامان پۇتۇن بەدىنىدىن ئاچچىق تەر چىقىپ، پۇتلىرى تىترەپ كېتىپتۇ. ئاتقا مىنىپتۇ - دە، ئارقىسىغا قايتىپ ھېلىقى قارىياغاچ تۈۋىگە كەپتۇ. ئۇ كەلگەندە دەرەخ تۈۋىدە بىر قېرى بوۋاي ھاسىسىغا تايىنىپ دەم ئېلىپ ئولتۇرغان ئىكەن. شاختا ئىلىپ قويغان پوتا كورۇنمەپتۇ، ئۇ ئۇيان - بۇيانىنى ئىزلەپتۇ.

— بىر نەمىڭىز يۈتۈپ كەتكەن ئوخشىمامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ بوۋاي.

— ماۋۇ شاختا پوتىغا تۈگۈلگەن بىر نەمەنى ئېسىپ قويۇۋىدىم، يوق تۇرىدۇ، سىز كوردىڭىزمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ سودىگەر.

— كورمىدىم. ئەمدى كېلىپ ئولتۇرۇشۇم، تېخى شاخقا قارىغۇ-
چىلىكمۇ بولىمىدىم، ئۇكام، — دەپتۇ بوۋاي.
— راستىنگىزنى ئېيتىڭ، سۈيۈنچە بېرىمەن.
— ئىللا - بىللا كورمىدىم.
— ئەمىسە شەيتان ئېلىپ كېتەمدۇ؟
— ۋاي تووۋا، مەن كورمىدىم.
— راستىنگنى ئېيت ، بىسەجەل ئولىسەن قېرى!
— هوي، قانداق ئوكتەم نىمىسەن؟
— كورمىگەن بولساڭ مانا! — سودىگەر پىچىقىنى ئېلىپ
بوۋاينى بوغۇزلىۋېتىپتۇ.....
ئەيسا ھېكايىسىنى تۈگىتىپ:
— ئەمدى ئارقاڭغا بۇرۇلۇپ، ئوز ئورنىڭغا كېلىپ تۇرساڭ
بولىدۇ، — دەپتۇ مۇساغا.
مۇسا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ.
— سودىگەرنىڭ ئالتۇنىنى ياغاچچى بالا ئېلىپ كەتسە،
سودىگەر ئاچچىقىدا بىگۇنا بوۋاينى ئولتۇرۇۋەتتى، بۇ قانداق
بولغىنى؟ — دەپتۇ.
ئەمدى بۇنى مەن ساڭا چۈشەندۇرۇپ قوياي، — دەپتۇ ئەي-
سا، — ئالتۇننى ئېلىپ كەتكەن بالا ھېلىقى سودىگەرنىڭ قو-
لىدا ئىشلەپ ئولۇپ كەتكەن ياغاچچىنىڭ ئوغلى بولىدۇ. ئول-
گەن بوۋاي بولسا، بۇرۇن مۇشۇ سودىگەرنىڭ ئاتىسىنى ئولتۇ-
رۇۋەتكەن قاراقچى ئىدى. پۇل ئىگىسىگە تاپشۇرۇلدى، سودىگەر
دادىسىنىڭ ئىنتىقامىنى ئالدى. ئەمدى سەن دەپ باقىنا، كى-
شىنىڭ ھەققى كىشىدە قالامدىكەن؟
مۇسا قايىل بولۇپ بېشىنى لىڭشىتىپ:
— كىشىنىڭ ھەققى زادى كىشىدە قالمايدىكەن، ئوخشاش
بولمىغان يوللار بىلەن ھامان تولىنىدىكەن، — دەپتۇ.

# ئادەم يامانمۇ شەيتانمۇ

زامانى ئەۋۋەلدە بارى ۋە جارى دەيدىغان بىر جۈپ ئاغىنىلەر ئۆتكەن ئىكەن. ئىككى دوست تۇرمۇش كويى تۈپەيلىدىن ئۇزۇن ۋاقىتلار ئايرىلىپ كېتىپ، جاھانپەزلىك بىلەن نۇرغۇن ئىشلارنى باشتىن كەچۈرۈپتۇ، تالاي گەپلەرنى ئاڭلاپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئىككىسى يەنە ئۆز يۇرتىدا كورۈشۈپ قاپتۇ. كوزى كورگەن، قۇلىغى ئاڭلىغان تۈرلۈك ئىشلار ئۈستىدە پاراڭلىشىپتۇ. دوستلۇق ۋە بۇزغۇنچىلىق مەسىلىسى ئۈستىدە توختالغاندا "ئادەم يامانمۇ شەيتانمۇ؟" دىگەن مەسىلىگە دۇچكەپتۇ. جارى گەپ ئېلىپ "ئادەم شەيتاندىن يامان" دەپتۇ.

— نىمىگە ئاساسەن شۇنداق دەيسەن؟ — دەپ سوراپتۇ بارى.

جارى ئاغىنىسىنى قانائەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ئۆزىگە دۇچكەلگەن مۇنداق بىر ھىكايىنى سوزلەپ بېرىپتۇ:

مەن جاھان كېزىپ باشقا ئەللەردە يۈرگەندە، ئىككى پۇتىدىن ئايرىلغان بىر توكۇر ئادەم بىلەن تونۇشۇپ قالغان ئىدىم. بۇ ئادەم گاداي بولۇشقا قارىماي يىراق يەرلەرگە سەپەر قىلىپ، كوپلىگەن شەھەرلەرنى كورۈشنى ئارمان قىلىدىكەن. ئۇ تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرۈپ، ئىككى كوزىدىن ئايرىلغان بىر ئەما ئادەم بىلەن تونۇشۇپ قاپتۇ. بۇ ئادەمنىڭ كوزى كورمىگەن بىلەن دىلى كورىدىكەن. باشقا ئەزاسى ساغلام ئىكەن. بۇ ئىككى دوست بىرلىشىپ، يىراق جايلارغا سەپەر قىپتۇ. توكۇر ئاغىنەمنىڭ ئېتى جاپپار ئىدى. ئەما ئادەمنىڭ ئېتى ساتتار ئىكەن. جاپپار ھېرىپ

قالسا ساتتار يۇدۇپ مېڭىپتۇ. ساتتار كورەلمىگەچكە جاپپار يول باشلاپ مېڭىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئىككىسى بىر بىرىنىڭ ئاجىزلىقلىرىنى تولۇقلاپ كوپلىگەن شەھەر، يېزىلارنى ئارىلاپتۇ. بۇلارنىڭ تاپاۋىتى خېلى ياخشىلىنىپ، تۇرمۇشمۇ ئوڭشىلىپ قاپتۇ. دارامەت كۈندىن - كۈنگە ئېشىشقا باشلاپتۇ. ئۇلار بىر بىرىگە شۇنچىلىك سادىق ئىكەنكى، تاپقان نەرسىسىنى تەڭ بولۇشىدىكەن. بۇ مۇساپىرلارنىڭ بېيىپ كېتىۋاتقانلىقىغا بىر شەيتاننىڭ ئىچ تارلىقى كەپتۇ. "بۇ قەلەندەرلەر بىزنىڭ يۇرتقا كېلىپ شۇنچىلا روناق تېپىپ كېتەمدىكەن" دەپ ھەسەتخورلۇق قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىناق ئوتۇۋاتقان بىر جۈپ دوستنىڭ ئوتتۇرىسىغا پىتنە - پاسات تېرىپ، ئايرىۋەتمەكچى بوپتۇ. بۇ يولدا شەيتان قولىدىن كېلىدىغان چارە - تەدبىر، ھىلە - مىكىرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىشقا ساپتۇ. ھېچ ئايرىيالماپتۇ. ئۇزىنىڭ كۈچى يەتمىگەندىن كېيىن ئادەملەردىن پايدىلانماقچى بوپتۇ. ئۇزىگە ئوخشاش كوزى كىچىك، ئىچى تار، بىراۋنىڭ روناق تاپقىنىنى كورسە ئىچىدە ئوغا قاينايدىغان بىر چېقىر كوز ئادەمنى تېپىپتۇ. شەيتان بۇ ئادەمگە:

— ئەگەرچەندە بۇ ئىككى دوستنى بىر بىرىدىن ئايرىۋېتەلىسەڭ، ئەجرىڭگە بەش تىللا بېرىمەن، — دەپتۇ. چېقىر كوز ئادەم:

— ئايرىۋېتەلەيمەن. ھەلىقى ئىككى مىسكەن، نى - نى ساق ئادەملەرنىڭ دوستلۇقىنى بۇزۇپ، ئۇزلىرىنى ۋەيرى - ۋەيران قىلىۋېتەلەيمەن، — دەپ كارامىتىنى كورسەتمەك بوپتۇ.

ساتتار بىلەن جاپپار يۇرت ئارىلاپ يۇرۇپ، قاينام - تاشقىنلىققا چومگەن ئاۋات بىر بازارغا كەپتۇ. رەستە بويىلاپ كېتىۋاتسا، ئۇدۇلىدىن قاتاڭغۇر كەلگەن، چېقىر كوز بىر ئادەم يانچۇقىنى كوچىلاپ چىقىپ كەپتۇ. جاپپار "بۇ ئادەم بىزگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خېلى بىرلىمە سەدىقە قىلىدىغان ئوخشايدۇ" دەپ ئويلاپتۇ-دە، بۇ ئويىنى ساتتارغا بىلدۇرۇش ئۈچۈن: "بىر سېخى نېرىدىنلا يانچۇقىنى كوچىلاپ كېلىۋاتىدۇ" دەپتۇ. ھېلىقى ئادەم ئولارنىڭ ئالدىغا ئۇدۇل كەپتۇ. جاپپار چوڭ تاما بىلەن قولىنى تەڭلەپتۇ. ھېلىقى ئادەم قولىنى پىنجەكنىڭ يانچۇقىدىن چىقىرىپلا "مە" دەپ تەڭلەپتۇ - دە، ھېچنىمىنى بەرمەي ئۆتۈپ كېتىپتۇ. جاپپارنىڭ غۇزۇرىدە ئاچچىقى كەپتۇ، نېمە دېيىشىنى بىلمەي تۇرۇپ قاپتۇ. ساتتارنىڭمۇ غەزىپىنى قوزغىماي دەپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ، بۇ ئادەمنىڭ قىلىقىنى دېمەپتۇ. بىراق ساتتار بۇ ئىشنى جاپپار ئويلىغاندەك چۈشەنمەي، ئەكسىچە "ھېلىقى ئادەم خېلى كۆپ بىر نېمە بەرگەن ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدىن ماڭا تېگىشلىكىنى بەرمەي ھەممىنىلا جاپپار ئۆزى ئېلىۋالدى" دەپ چۈشىنىپ قاپتۇ. كېيىن جاپپار ھېلىقى چىقىر كۆز ئادەمنىڭ قىلغان قىلىقىنى ئېيتىپ بەرسىمۇ ئىشەنمەپتۇ. جاپپار قانچە سۆزلەپمۇ قايىل قىلالماپتۇ. گۇمان ئىماننى قاچۇرۇپتۇ. بۇ گۇمان ئۇلغىيىپ، ئاخىر ئىككىيلەننىڭ دوستلۇغى بۇزۇلۇپتۇ، ئولار ئايرىلىپ كېتىپتۇ. ساتتارمۇ ئۆز ئالدىغا ئوقەت قىپتۇ، جاپپارمۇ ئۆز ئالدىغا يۈرۈۋېرىپتۇ. بىر كۈنى جاپپار ساتتارنىڭ كۆلگە چۈشۈپ ئۆلۈپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپتۇ....

جارى ئۆز ئاغىنىسى بارىغا سوئال تاشلاپتۇ:

— ئەمدى سەن دەپ باقىنا، ھېلە - نەيرەڭدە ئادەم يامانمىكەن شەيتانمۇ؟

بارى قايىل بولغان ھالدا بېشىنى لىڭشىتىپ:

— راست، ئادەم يامان ئىكەن، — دەپتۇ.

— شۇنى بىلىش كېرەككى، — دەپتۇ جارى گېپىنى ئۇزايلاپ، — بەزى ھاللاردا شەيتاننىڭ قولىدىن كەلمىگەن يامانلىقنى ئادەم قىلالايدۇ. شۇڭلاشقا ئىناق دوستلۇق — قاتتىق ئىشەنچ، يۈكسەك ھوشيارلىققا موھتاجدۇر.

# غەۋغا

بۇرۇن بۇرۇنسىكەن، تۈلكە يالاقچىكەن، سېغىزخان ماراقچىكەن، قاغا قاراقچىكەن، ئېيىق پادىشا، يولۋاس خىزىركەن، مايمۇن ۋەزىركەن، گوش دەپ ئالغىنى ئۆپكە - بېغىركەن، گادايغا كۈن يوق، دۈمبە يېغىركەن. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە تاغلارنىڭ دامىنى بىلەن، بايلارنىڭ خامىنى بىلەن ئاغامچىنى مۈرەمگە سېلىپ، ئايپالتىنى قولۇمغا ئېلىپ، ئوتۇن ئەكىلەي دەپ جاڭگاللىققا قاراپ، خىيالىمغا كەلگەن ناخشىنى ئېيتىپ كېتىۋاتاتتىم. دەريا بويىغا يېتىپ بېرىشىمغا قېيىقچى كەلدى. قېيىقچىغا:

— ئاكا، مېنى قېيىقىڭغا سېلىپ ئۇ قاتقا ئۆتكۈزۈپ قويساڭچۇ، — دېۋىدىم.

— بەش تەڭگە بەرسەڭ ئۆتكۈزۈپ قوياي، — دېدى.

يانچۇقتا بەش تەڭگە تۈگۈل بىر تەڭگىمۇ يوق ئىدى، بار پۇلنىڭ ھەممىسى پادىشانىڭ غەزنىسىدە ئىدى. كەمبەغەللىنىڭ كۈنى ئىتنىڭ كۈنىدىنمۇ تەس، قېيىقچى بۇنى بىلمەيدۇ ئەمەس، شۇڭا مەنمۇ تەۋەككۈل قىلدىم:

— بولىدۇ، ئەمما بەش تەڭگىنى ئۇ قاتقا چىققاندا ئالىسەن، — دېدىم. قېيىقچى:

— ماقۇل، بىراق دەريادىن ئۆتۈۋېلىپ پۇلۇمنى بەرمىسەڭ قۇلىقىڭنى كېسىۋالىمەن، — دەپ پېچىقىنى قارس قىلىپ قېيىقنىڭ بېشىغا سانچىپ قويدى. مەن قېيىقنىڭ تۇمشۇقىغا چىقىپ ئولتۇردۇم. ئۇ پالاقنى قولىغا ئالدى. ھەيدەپ دەريانىڭ

ئۇ قېتىغا ئۇتكۈزدى. قېيىقنىڭ تۇمشۇغى قىرغاققا تېگىشى بىلەن بىرلا تاخلاپ قىرغاققا چىقتىم. پىچاقنى تارتىپ ئېلىۋېلىپ، قېيىقنى ئارقىسىغا ئىتتىرىۋېتىپ، بەدەر قاچتىم. قېيىقچى «توختا، هاي هارامزادە!» دەپ ۋاقىراپ قوغلىدى. مەن ئارقامغا قارىماي قېچىۋەردىم. قېچىپ كېتىپ بارسام ئالدىمدىكى چوپلۇقنىڭ ئىچىدىن بىر ئادەم چىقتى: «ۋاي جېنىم ئۇكام، ئېغىر ئالىماي ئاۋۇ توگەمنى توسىۋەتسەڭچۇ» دىدى. ئۇنىڭ توگىسى نېرىدا كېتىۋاتاتتى. يەرگە ئېڭىشىپ بىر تاشنى ئېلىپ توگىگە ئاتتىم، ئارقامدىن يەنە بىر غەۋغا كوتىرىلدى، «ۋاي هارامزادە قاچتۇڭ، توگەمنىڭ كوزىنى قۇيۇۋەتتىڭ، توگەمنى تولە!» دەپ توگىچى قوغلىدى. ئارقامدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان ئادەم ئىككى بولدى. مەن قېچىپ بۇ ئىشنى هەل قىلغىلى قازىخانىغا قاراپ كېتىپ باراتتىم. قازىخانىنىڭ دەرۋازىسىنى يىراق كورۇپ، ئارقا تېمىدىن باغنىڭ ئىچىگە تاخلاپ چۇشتۇم. بىر تازنىڭ ئاتىسى كېسەل بولۇپ يا ئولمەي، يا ساقايماي ياتقىنى 30 يىل بوپتىكەن. مەن ئاتىسىنىڭ توپىسىگىلا سەكرەپتىمەن. ئۇ تازنىڭ ئاتىسى شۇ يەردىلا جان بەردى. «هۇ ئالقانات، ئاتامنى تولە!» دەپ ئۇ قوغلىدى. ئارقامدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان ئادەم ئۇچ بولدى. هويلىدىكى ئادەملەر «بۇ نېمە غەۋغا؟» دەپ هەيرانلىقتا قالدى. يۇگۇرگەن پېتى قازىخانىغا كىرىۋالدىم:

— ۋاي قازاخۇنۇم، — دىۋىدىم.

— هە، ئەرزىڭ بولسا ئېيتىۋەر، — دىدى قازى. بولغان ئىشنى بايان قىلدىم. ئاڭغىچە هېلىقى ئۇچى هاسىراپ-هومۇدەپ كىرىشىپ كەلدى. ئۇلار مېنى كورۇپ تۇراتتى، مەن ئەرزىمنى يىغلاپ تۇرۇپ بايان قىلاتتىم. قازاخۇنۇم ئۇلارغا قارىدى، بۇرۇتىنى تولغاپ سورىدى:

— هە، نېمە ئەهۋال بولدى؟

— ئالدى بىلەن قىيىقچى گەپ ئېلىپ:
— بەش تەڭگىگە ۋەدىلىشىپ قىيىق بىلەن دەريادىن ئۆت-كۈزۈپ قويسام، پۇلۇمنى بەرمەي قاچتى، پۇلۇمنى ئالاي دەپ قوغلاپ كەلدىم، — دىدى.
— ھە، سىنىڭ نىمە دەردىڭ بار؟ — دىدى قازى توگىچىگە.
— يولدا يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ كەتكەن، توگەمنى توسىۋە-سەڭچۇ دىسەم، تاش بىلەن بىرنى قويۇپ كوزىنى قۇيۇۋەتتى. يا توگەمنى تولەيدۇ، يا بولمىسا كوزىنى قۇيۇۋېتىمەن، — دى-دى توگىچى.
ھىلىقى تاز قار - يامغۇر يىغلاپ تۇراتتى.
— ھە، ساڭا نىمە بولدى؟
— بۇ مىنىڭ ئاتامنىڭ توپىسىگە سەكرەپ چۈشۈپ، كې-سەل ياتقان ئاتامنى ئۇلتۇرۇپ قويىدى، مىنىڭ بۇ دۇنيادا بارى - يوقى بىرلا ئاتام بار ئىدى. مەن بۇنىڭدىن ئاتامنىڭ خۇنىنى ئولتىمەن، — دىدى تاز يىغلاپ تۇرۇپ.
قازاخۇنۇم بۇلارنىڭ دەۋاسىنى ئاڭلاپ بولۇپ، قىيىقچىغا قاراپ:
— سەن بەش تەڭگە پۇل ئالساڭلا بولىدىغان ئىش ئى-كەنغۇ، مە! — دەپ بەش تەڭگە بەردى، قىيىقچىنىڭ ئاغزى قۇلىغىغا يەتتى. غىڭ قىلمايلا پۇلنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى.
— ساڭا ئازراق ئەجىر پۇلى بېرەيلى، رازى بولۇپ كەتكىن، — دىدى قازى توگىچىگە.
— ياق، توگەمنى ئولتىمەن، — دىدى توگىچى.
قازى دەرھال ئەمىر قىلىۋىدى، ياساۋۇللاردىن بىرى كام ئۇن بەشى پەيدا بولدى. قازى ياساۋۇللارغا مۇنداق پەرمان چۈشۈردى:
— ماۋۇ ئوتۇنچى بالا ئالدىدا قاچىدۇ، توگىچى قولىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورېكتى
www.uyghurkitap.com

تاش ئېلىپ قوغلايدۇ، ئەگەر توگىچى تاشنى ئېتىپ بالىنىڭ كۆزىنى قۇيۇۋەتمىسە، ئۇبدان توگىدىن ئىككىسىنى بېرىڭلار، تاشنى ئوتۇنچىنىڭ كۆزىگە تەككۈزەلمىسە ئىدىگە يېتىپ بارغان بولسا شۇ يەردىن تۇتۇپ قايتۇرۇپ كېلىڭلار، كالىلىرىنى ئالىمىز!

— خوپ! — دېدى ياساۋۇللار.

توگىچى تۇرالماي قالدى. قورقۇپ كېتىپ قازىنىڭ پۇتىغا باش قويدى، يىغلاپ تۇرۇپ:

— كالىلىمۇ يىمىدىم، چىشىمۇ چاقمىدىم. بولىدى ئۇنىڭ گۇنايىدىن ئۆتتۈم، — دېدى-دە، بېشىنى ساڭگىلاتقان پېتى قازىخانىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭغا بىر تەڭگىمۇ بېرىلمىدى.

تازچاق مىشىلداپ يىغلاپ تۇراتتى. قازى:

— بولدى سەۋرى قىل. ئاتاڭمۇ 30 يىل كېسەل تارتىپ بەك قىينىلىپ كەتكەن ئىدى. خۇدادىن ئەجەل كەپتۇ. ئۇنىڭغا ھېچ ئامالىمىز يوق. ئىككى سەر كۈمۈش بېرەي، ئاتاڭنىڭ نەزىر-چىرىغىنى چىرايلىق ئۆزىتىۋالغىن، قانداق دەيسەن؟ — دېدى.

— ئاتام خېلى ياخشى بولۇپ قالغان، ساقىيىپ ئورنىدىن تۇرغان، مەن بۇنىڭدىن قانغا-قان، جانغا-جان ئالىمەن! — دېدى تازچاق.

قازى ياساۋۇللارغا قاراپ:

— سىلەر ماۋۇ بالىنى باغنىڭ تېمىغا يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇڭلار، ئاندىن بۇ تاز يىراقتىن يۈگۈرۈپ كېلىپ تامدىن سەكرىسۇن. بۇ تاز سەكرەپ مۇشۇ بالىنىڭ توپىسىگە چۈشەلىسە، بالىنى شۇ يەردىلا ئۇرۇپ ئۆلتۈرسۇن، قانغا-قان، جانغا-جان ئالسۇن. ئەگەر سەكرەپ ئۈستىگە چۈشەلمىسە مانا ماۋۇ قىلىچ بىلەن تازچاقنى شۇ يەردىلا چاناپ تاشلاڭلار! — دېدى.

— خوپ! — دېدى پەرمان كۈتۈپ تاق تۇرغان ياسا-
ۋۇللار، ئۇلار تېخى ئورنىدىن قوزغالماي تۇرۇپلا تازچاق ۋا-
قىرىدى:
— ۋاي قازاخۇنۇم، ئارقامدىن ياساۋۇللار قىلىچلىرىنى
يالىڭاچلاپ قوغلاپ كېلىۋاتسا، بۇ ئادەمنىڭ تامنىڭ قەيېرىدە
تۇرغانلىقىنى مەن بىلمەسەم، قانداق قىلىپ ئۇنىڭ ئۈستىگە
سەكرەپ چۈشدلەيمەن؟
— ھە، بۇ بالىمۇ سەنلەرنىڭ تام تۈۋىدە ياتقانلىقىڭ-
لارنى نەدىن بىلسۇن؟ — دېدى قازاخۇنۇم، — ھەيدەڭلەر!
— بولدى، بولدى، — دېدى تازچاق، — دادامنىڭ
ئۆلگىنىمۇ يېتەر، مەنمۇ بىكاردىن - بىكار ئۆلۈپ كەتمەي
يەنە. سىلىنىڭ دېگەنلىرىچە بولسۇن، قازىكا.
شۇنىڭ بىلەن بۇ تازمۇ بىر قوي، ئىككى گەز ماتا، ئىك-
كى سەر كۈمۈشنى ئېلىپ يولىغا راۋان بولىدى. بۇ غەۋغا مۇ-
شۇنداق تامام بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# بىر لوپلۇقنىڭ سەرگۈزەشتىسى

زامانلارنىڭ زامانىسىدا زالىملارنىڭ پەسلىگىدىن، كۆن ئالماقنىڭ تەسلىگىدىن، ئاتا - ئانامدىن ئايرىلىپ، جۇپ قاناتىم قايرىلىپ، جاھاندارچىلىق بىلەن كورلىغا سەپەر قىلدىم. كورلىنىڭ بازىرىنى بىر ئارىلاپ چىقىپ مەدىكار بازىرىدا تۇرسام، كوۋرۇكنىڭ بېشىدىن بىر سودىگەر چۈشۈپ كەلدى. باش - ئايىغىمغا سەپسېلىپ قارىۋېلىپ:

— نەدىن كەلدىڭ؟ — دەپ سورىدى.

— لوپتىن كەلدىم، — دېدىم.

— داداڭغىلا ئوخشايدىكەنسەن، داداڭنىڭ مەندە ئون بەش تىيىن قەرزى بار ئىدى. تولىۋېتەسەڭ قانداق؟ — دېدى ئۇ ئادەم.

— پۇللىرىنى دادام ئالسا، ماڭا نىمە دەيلا؟ — دېسەم، سودىگەر ياقامغا مەھكەم ئېسىلىپ:

— داداڭنىڭ پۇلى سېنىڭ پۇلۇڭ، داداڭدىكى پۇلمۇ سەندىكى پۇل، نىمە ھوكۇرەيسەن؟ بۇرنۇڭنىڭ نوخۇلىسى ئوسۇپ قاپتۇ سېنىڭ! — دەپ تەستەكمىكە ئەككىنى سېلىۋىدى، يۈزلىرىمدىن ئوت چىقىپ كەتتى. كىچىكلىكتە ئۈنىڭغا كۈچۈم يەتمىدى. ئۇ كەملەردە زامانە زورنىڭ، تاماشا كورنىڭ ئىدى. باي - بايغا باقاتتى، سۇ سايغا ئاقاتتى. شۇڭا سودىگەر مېنى ئالدىغا سېلىپ ئۆيىگە ئەكەلدى. ئۈچ كۈندىن كېيىن:

— كۇچارغا ئىشەك ھەيدەيمىز، — دېدى.

— ماقۇل غوجام، — دېدىم. ماڭا بىر چامبال ئىشەكنى

بەردى. مىنۋالدىم، ئىشەكتىن 15 نى ئالدىمىزغا سېلىپ ھەيدىدۇق. ئىشەككە ئارتىۋالغىنىمىز قاق بىلەن ماتا ئىدى. ھەيدە - ھەيدە، ھەيدە - ھەيدە، 15 كۈن يول يۈرۈپ ئاران دىگەندە يېتىپ كەلدۇق. كۈچارغا كەلسەك ئىتلىرى قاۋىشىپ، قويلىرى مەرىشىپ، ئىشەكلىرى ھاڭرىشىپ تۇرۇپتۇ. خوجايىن ماڭا:

— مەن بازارغا كىرىپ چىقاي، سەن ئىشەك بېقىپ تۇر. توقۇملارغا ئوبدان قارا، ئوغرى ئېلىپ قاچمىسۇن، — دىدى - دە، بازارغا كەتتى.

ئىشەك بېقىپ يول بويىدا ئولتۇرسام، بازار تەرەپتىن بىر سىكىلەك چىقىپ كەلدى. ئۇنى يىراقتىن كورۇپ يۈرەكلىرىم ۋىژ - ۋىژ قىلىپ كەتتى. سىكىلەكنىڭ قولىدا بالىسى بار ئىدى، تازا ئۇدۇلۇمغا كەلگەندە لەپپىدە قاراپ قالدى، ئوچۇق چىراي بىرىپ پىسسىڭگىدە كۈلۈپ سالدى. شۇ زاماتلا كوڭلۈمنى ئالدى. لىككىدە قېشىمنى ئاتتى، مېنى ئوزىگە تارتتى. "مويىت كىشى، خاپا بولماي ماۋۇ بالامنى بىردەم تۇتۇپ تۇرسىلا" — دىدى. بالىسىنى ئالدىم. تامىنىڭ ئارقىسىغا ئوتۇپلا يوقالدى. كۈتتۈم، كۈتتۈم، يوق. چۈشكىچە بالا باقتىم. بالا يىغلاپ خاپا سالغىلى تۇردى. تاغاردىن قاق ئېلىپ بەردىم، يەنە يىغلايدۇ. ئاخىرى بالىنى كوتىرىپ، توپا كېچىپ، كۈچارنىڭ بازىرىغا كىرسەم، ھېلىقى سىكىلەك يىپ سېتىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئاچچىغىم نەدىن كەلدى، ئالدىغا بىرىپ، بالىسىنى تەڭلەپ:

— ۋاي خېنىم، بالىلىرىنى ئالمامىلا؟! — دىدىم.

— قانداق، بالا باقماق تەسمىكىن؟ مەن بىر يىل باقتىم، بىر كۈن باقالمايدىغان ئادەم نىمىشقا تاپقان؟! — دەپ مەندىن بەكرەك توۋلىدى. "ئاللا، ئەمدى قاپتىمەن بالاغا، نەگە باراي دەۋاغا" دەپ ئويلىدىم.

www.uyghurkitap.com

— ۋاي خېنىم، مەن سىلىنى نەدە كوردۇم؟ لوپتىن تې-
خى ئەمدى كەلسەم نىمە دەپ جويلۇۋاتىلا؟ — دېسەم زادى ئۇنىمىدى. بىشەملىك قىلىپ چاپىنىمنىڭ پېشىغا ئېسىلدى.

— جورە، قازىنىڭ يېنىغا بارىمىز ئەمىسە، — دەپ يولغا يېتىۋالدى. ئۇ ياققا تارت، بۇ ياققا تارت، ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ قازىخانىسىغا باردۇق. قازاخۇنۇم بىزنى كوروۈپ بورۇتىنى بىر سىلاپ:

— هە، نىمە ئىش بولدى؟ — دېدى.

— ماۋۇ كىشى ئەسلى لوپلۇق ئىدى، — دېدى ھېلىقى جۇۋان مەندىن بۇرۇن جاۋۇلداپ، — ئىككىمىز تورمۇشلۇق بولغان. ئالتە ئاي بولدى ئۆيدىن چىقىپ كەتكىلى. بۇگۇن كەپتىكەن، بالىنى بىردەم بېقىپ تۇرسىلا دېسەم ئۇنىمايۋاتىدۇ. بالىنىڭ جاپاسىنى بىر يىلغىچە مەن تارتتىم. مەن يىل بويى باقسام بولىدىكەن، بۇ كىشى بىر كۈن باقسا بولمامدىكەن؟! بۇ جېدەلنى لىللالىق بىلەن ئۆيدان سوراپ بەرسىلە، قازاخۇنۇم

— سىنىڭ قانداق گېپىڭ بار؟ — دېدى قازى ماڭا قاراپ ھومىيىپ تۇرۇپ.

— قازىكا، بۇ خوتۇننى مەن تونۇمايمەن. كورۇپمۇ باقمىغان، ئەمرىمگىمۇ ئالمىغان، ماڭا توھمەت چاپلاۋاتىدۇ، — دېسەم قازى گېپىمنى تارتىۋېلىپ:

— بولدى، بولدى، گېپىڭلار ئۇقۇشلۇق بولدى، ئانداق بولسا، بۇ ئىشنى مۇنداق ھەل قىلىمىز، — دېدى.

قازى ئورنىدىن تۇردى. بالىنى قولىغا ئالدى. بالىنى كوتىرىپ ئەكىلىپ ئىككىمىزنىڭ ئۇدۇلىغا ئولتۇرغۇزدى. ئىككىمىزگە بىر چاقماقتىن قەنتنى تۇتقۇزۇپ "بالىنى چاقىرىڭلار" دېدى. بىز "دىكىلىك بالام، دىكىلىك" دەپ چاقىردۇق. بالا ئەتىگەندىن بېرى مېنىڭدىن قاق يەپ ئۆگىنىپ قالغاچ، ئانىسىنىڭ يېنىغا

بارماي، ئىتتىك ئوملەپ مېنىڭ ئالدىمغا كەلدى.
قازى:
— مانا ئەمەسمۇ، بالا سېنىڭ ئىسكەن، يات بىراۋغا ئۇن-داق ئىتتىك ئېتىلىپ بارامدۇ؟ بۇ يەرگە كېلىپ يالغان گەپ قىلىپ خۇپسەنلىك قىلماي، خوتۇنۇڭنى ئەگەشتۇرۇپ، با-لاڭنى كوتىرىپ ئۆيۈڭگە كەت. ماڭ، چىقىڭلار، — دەپلام تو-نۇمايدىغان خوتۇننى بۇيرۇپ قويدى. ئۇ خوتۇن ئورنىدىن تۇ-رۇپ قازىغا ئېگىلىپ تازىم قىلىپ، ھەشقالال ئېيتتى. مەن جىملى بولۇپ قاپىغىمنى تۈردۈم.
— جۇرسلە ئەمسە، ماگىسلا، ئۆيىمىزنى تاپىلى، — دەپ، ھېلقى سىكىلەك قولۇمنى تۇتۇپ قازىخانىدىن سورەپ چىقتى. "مايانغا ماگىسلا" دەپ ئۆيىگە باشلاپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۆيى با-زارنىڭ چېتىدىكى بىر سارايدىكەن، "سىلى زىغىردەك ئولتۇ-رۇپ تۇرسىلا، مەن بازاردىن ئاش ئەكىرەي" دەپ جاۋۇرنى كوتىرىپ بالىنى ماگا تاشلاپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. ئۇ خوتۇن قايتىپ كەلگىچە ئۇ ياققا ئويلاپ، بۇياققا ئويلاپ، "ئىشەكنى تاپاي جۇمۇ" دىگەن نىيەتكە كەلدىم. شۇ ئەسنادا دەرۋازىدىن يوغان بىر سېرىق ئىت كىرىپ، ھويلىدا يېپىقلىق تۇرغان تېرى-نى تارتقۇشلىغىلى تۇردى. "چاخە!" دىسەم خىقىراپ تۇرىدۇ. ئۇ-يان - بۇيانغا قارىسام، بۇلۇڭدا گىرنىڭ تېشى تۇرۇپتىكەن، قولۇمغا ئېلىپ ئىتقا ئاتاي دەۋاتسام قولۇمدىن سېرىلىپ چىقىپ كېتىپ، ئارقامدا ئويناۋاتقان بالىنىڭ كاللىسىغا تەگدى - دە، بالا تىن تارتماي ئولۇپ قالدى. ئاندىن قوپۇپ قاچتىم. قاچە، قاچ - قاچ، بىر كوچىدا قېچىپ كېتىپ بارسام، ئوگزىدە تۇر-غان بىر ئىسىل توقامغا كوزۇم چۇشۇپ قالدى. "ۋادەرىخا، چام-بال ئىشەككە ئاشۇ توقۇمنى توقۇسام، ئالتۇن ئۇزۇككە ئالماس كوز سالغاندەك ياراشامدۇ؟!" دىدىم - دە، ياغاققا يامىشىپ ئوگزى-

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

گە چىقتىم. تۇڭلۇكتىن قارىسام، بىر ئەر بىلەن بىر ئايال ئويىدە راسا تاكاللىشىۋاتىدۇ. ئۇمىلەپ بېرىپ توقۇمنى ئېلىپ، پەستىكى چوپلۇككە بىر ئېتىۋىدىم، قوشقىنى بويىنۇمغا سېلىپ قېلىپ، ئۆزەممۇ توقۇم بىلەن بىللە ئۆگزىدىن مولالاق ئېتىپ "گۈلۈپپىدە" چۈشتۈم. ھىلىقى ئەر - خوتۇن قورقۇپ كېتىپ "ۋاي ئاللا، ۋاي كاللا، بۇ نىمە كارامەت" دەپ ئۆيىدىن يۈگۈرۈشۈپ چىقتى. ئورنۇمدىن قوپسام سوڭگۈچىمنىڭ سولىسى يوق. دەردىمنى ئىچىمدە بىلىپ، لېۋىمنى چىشلەپ، جىنىمنىڭ بېرىچە قاچتىم. ئۇچۇلىقىمۇ تويىدۇم، ئىشەككىمۇ تويىدۇم، بىر يېرىم كۈنلۈك يولنى يېرىم كۈندە بېسىپ يۇرتقا قاراپ ماڭدىم. گۇگۇم ۋاقتى بىلەن ئاران كېلىۋاتسام، يول بويىدىكى ھويلىدىن ياشانغان بىر ئايال يۈگۈرۈپ چىقتى - دە، قولىنى شىلتىپ:

— ھوي ئۇكام، توختىغا! — دېدى.

— ۋاي ئاچا، نىمە دەيلا؟ مەن ئالدىرايمەن، گەپلىرى بولسا تېزرەك دىسىلە! — دېدىم. ھىلىقى خوتۇن يۈگۈرۈپ ئالدىمغا كەلدى. مېنى توسۇپ تۇرۇپ:

— ۋاي جېنىم ئۇكام، بىر كالام بار ئىدى، كېسەل بولۇپ قالدى. ئۆيدە ئەركىشى يوق. كېچەتىن ئۆلۈپ - تارتىپ قالسا بوغۇزلىيالمايمەن. خاپا بولماي شۇنى بوغۇزلاپ بەرسىڭىز، ھارام بولۇپ قالمىسۇن، — دەپ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالدى. ئۇنى دىسەم، بۇنى دىدى، بۇنى دىسەم ئۇنى دىدى، ئۇنىمىسام زادى ئۇنىمىدى. توسىۋېلىپ ماڭغىلى قويمىدى. قوسىقىم ئاچ دىسەم كومەچتىن ئىككىنى ئەچىقىپ بەردى. بىرىنى يەپ، بىرىنى قولتۇققا قىستىم. ئۆتكۈر پىچاقتىن بىرنى بەردى. ئۇنى ئېلىپ ئېغىلغا كىرىپ، پاخالنىڭ ئۈستىدە ياتتىم. قالتىس ھېرىپ كېتىپتىكەنمەن، يۇمشاق پاخالنىڭ ئۈستىگە يېتىپلا ئۇخلاپ كەتتىم. يېرىم كېچە بولغاندا يېنىمدا بىر نىمە خاقىرايدۇ، بىردەم ياتسام تېخىمۇ

بەكرەك خاقىرايدۇ. "ھە، كالىسى جان تالىشىۋاتقان ئوخشايدۇ"
دەپ، ئۇيقۇلۇقتا ئورنۇمدىن تۇردۇم - دە، كانىيدىن تۇتۇپ-لا
بوغۇزلاپ تاشلاپ، بىرىپ پاخالدا ياتتىم، ياتتىم - دە، ھىچنې-
مىنى تۇيماي ئۇخلاپ كەتتىم. سەھەردە ئۇخلاۋاتسام بىرسى مې-
نى نوقۇپ يۈرۈيدۇ، تېپىپ يۈرىدۇ، تۇكۇرۇپ يۈرىدۇ، ئۇ-
رۇپ يۈرىدۇ، "لوپلۇق دىگەن ساراڭ بولامدۇ؟!" دەپ تىللاپ
يۈرىدۇ. كوزۈمنى ئېچىپ قارىسام ھىلىقى خوتۇن.

— ھوي جېنىم ئاچا، نىم بوللا؟ — دىسەم:

— ئورنۇڭدىن قوپۇپ قاراپ باقە ۋە قەلەندەر، ماۋۇ خېچىرىمى-
نى بوغۇزلىۋېتىپسەن، — دەيدۇ. چاچراپ قوپۇپ قارىسام، يا
پەرۋەيدىگارا، دەر مەھەل ئاتتەك بىر خېچىرى بار ئىكەن، كې-
چىدە ئۇيقۇلۇقتا قوپۇپ شۇنى بوغۇزلىۋېتىپتىمەن. ئاغرىپ ئو-
لەي دەپ قالغان كالىسى ساقىيىپ قاپتۇ، بۇ خوتۇندىن بىر
تالاي تاپا - تەنە، تىل - ئاھانەت ئىشتتىم. ھىلىمۇ ياخشى،
خېلى ئىنساۋى بار خوتۇن ئىكەن، "خېچىرىمىنى تولەپ بېرى-
سەن" دەپ بىشەملىك قىلىپ تۇرۇۋالمىدى. يىغلىدى، قاخشىدى،
زىيانغا چىدىيالماي ۋايىسىدى، كېيىن "ئوزەم تاپقان بالاغا، نە-
گە باراي دەۋاغا" دەپ دەردىنى ئىچىدە بىلدى، بۇ كېلىشمەس-
لىككەلەردىن ئاران قۇتۇلدۇم، شۇ يەردىن قوپۇپ ماڭغانچە، ھىچ-
نىمىگە قارىماي لوپقا ئاران دىگەندە يېتىپ كېلىۋالدىم. يۇرتۇم-
غا كېلىپ "ئوھ" دەپ دېمىمنى بىر ئېلىۋالدىم.

## كەنجى باتۇر

بۇرۇنقى زاماندا بىر ئەر - خوتۇن ئۆتكەن ئىكەن. بۇلار نامرات بولسىمۇ، خوشال - خورام ياشايدىكەن. ئۇلارنىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىكەن. بالىلارنىڭ كىچىكى ئورۇق، ئاجىز ئىكەن. دادىسى بۇ ئاۋاق بالىسىنىڭ ئىسمىنى كەنجى قويغان ئىكەن.

بۇ ئائىلىنىڭ بىر خاسىيەتلىك بايتىلى بار ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ بايتال ئالتۇن تاي تۇغۇپتۇ. بۇ ئالتۇن تاينى كۆرۈپ ھەممەيلەن خوشال بوپتۇ. خوشنىلار كۆرگىلى كېلىشىپتۇ ۋە تەبرىكلىشىپتۇ. يېڭى چىققان ئايغا ھەممە ئادەمنىڭ زوقى كەلگەندەك، بۇ تايغىمۇ ھەممىنىڭ ئامراقلىقى كەپتۇ.

بىر كۈنى بالىلار تاينى باقىلى ئېلىپ چىقىپتۇ. تاينى چىملىقكە قويۇپ بېرىپ، ئۆزلىرى دەريا بويىدا ئويناپتۇ. تۇيۇقسىزلا بىر قۇيۇنتاز پىقىراپ ئۆتۈپتۇ - دە، ئارقىدىنلا قاتتىق بوران چىقىپتۇ. شۇ قارا بوراندا، چۆل تەرەپتىن بىر يوغان ئاق دىۋە چىقىپ كەپتۇ. دىۋە ئۈچ بالىنى دەرياغا دومىلىتىۋېتىپ، ئالتۇن تاينى ئېلىپ قېچىپتۇ. دىۋە كەتكەندىن كېيىن دەھشەتلىك بورانمۇ توختاپتۇ. جاھان تىم - تاس بولۇپ قاپتۇ. بالىلار سۇدىن چىقىپ، ئۆيگە يۈگۈرۈپتۇ. ھويلىغا كىرە - كىرمەيلا دادىسىغا:

— ئالتۇن تاينى دىۋە ئېلىپ قاچتى، — دەپتۇ. دادىسى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپكە كەپتۇ. بالىلىرىغا قاراپ:

— دىۋە بىزنى قاتتىق بوزەك قىلىۋاتىدۇ. ئالدىنقى يىلى بوران چىقىرىپ ئۆي - ماكانىمىزنى ۋەيران قىلىۋەتتى. بۇ يىل سۇنى توسۇپ يېتىۋېلىپ ئاشلىقىمىزنى قۇرۇتۇۋەتتى. ئەمدى ئالتۇن تاينى ئېلىپ قېچىپتۇ. بەس، سەۋرىمىز پۈتتى. سىلەر بېرىپ دىۋىنى ئۆلتۈرۈپ، ئەل ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىڭلار، ئالتۇن تاينى تېپىپ كېلىڭلار! — دەپ ئىككى قىلىچنى ئىككى ئوغلىغا تۇتقۇزۇپتۇ. كەنجى ئوغلىنى "سەن كىچىك" دەپ بارغۇزماپتۇ. ئىككى يىگىت چول قوينىغا قاراپ ئىچكىرىلەپ مېڭىۋېرىپتۇ. ئالاھەزەل بىر ئايچە ماڭغاندىن كېيىن بىر بۇلاققا دۈچ كەپتۇ. يەيدىغان ئوزۇغى تۈگەپ ياۋايى ھايۋانلارنى تۇتۇپ يەپ مىڭ تەسلىكتە كۈن كەچۈرۈپتۇ.

ئاكىلىرى كەلمىگەندىن كېيىن كەنجىنىڭ قاتتىق ئىچى پۇشۇپتۇ. ئالتۇن تېپىنى ئەسلەپ ئىچى تىت - تىت بولۇپ تورالماي قاپتۇ. دادىسىدىن رۇخسەت سوراپ بارماقچى بوپتىكەن، دادىسى ئۇنىڭغا:

— تەپسە تاغنى ئۆرۈيدىغان قاۋۇل ئىككى ئاكاڭ تېپىپ كېلەلمەيۋاتىدۇ - يۇ، سەن قانداق تېپىپ كېلەلەيسەن؟! — دەپتۇ.

— رۇخسەت قىلىڭ دادا. ئاكىلىرىمنىڭ خەۋىرىنى بولسىمۇ ئەكېلەي، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ كەنجى. ئۇ ھەر كۈنى دەۋىرىپ، ئاخىرىدا دادىسىنى ماقۇل كەلتۈرۈپتۇ. سەپەرگىمۇ ئاتلىنىپتۇ. قۇم تاغلىرىدىن ھالقىپ، توغراق ئورمانلىرىنى كېسىپ ئوتۇپ مېڭىۋېرىپتۇ. بىپايان بىر جەزىرىدە چولنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېتىۋاتسا، يولغۇن ئارىسىدىكى يولدىن ئاپپاق ساقاللىق بىر بوۋاي چىقىپ كەپتۇ.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم بوۋا! — دەپ سالام بېرىپتۇ كەنجى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— ۋائەلەيكۇم ئەسسالام بالام. سەپىرىڭ قاياققا؟ — دەپتۇ بوۋاي.

— دىۋە تاز باياباننىڭ يۇرتىغا.

— ھە؟ نىمە ئىش بىلەن؟

— ئۇ بىزگە ئاپەت ياغدۇردى، مېنىڭ ئالتۇن تېپىمىنى ئېلىپ قېچىپ كەتتى.

— يامان خەتەرلىك جايغا مېڭىپسەن بالام. ئۇ يەردە ئۈچ چوڭ دىۋە بار. بىرىنىڭ رەڭگى ئاق، بىرىنىڭ رەڭگى قارا، يەنە بىرىنىڭ رەڭگى كوك. بۇ ئۈچ چوڭ دىۋە ئىنسان ئۈچۈن ئاپەت، بالايى - قازانىڭ مەنبەسى. بۇ مەخلۇقلارغا قانداق تەڭ كېلەرسەن، كۈچۈڭ يېتەرمۇ؟

— "ئېسىلساڭ نارغا ئېسىل. يىقىلساڭ ناردىن يىقىل" دەپ-تىكەن بوۋا، سىز ماڭا ئاق يول تىلەپ دۇئا بېرىڭ، بېشىمغا كەلگەننى كوردۇم.

بوۋاي قوينىدىن بىر دانە قول ياغلىقنى چىقىرىپ كەن-جىگە بېرىپتۇ - دە:

— دىۋىلەر ماكانىغا يېتىپ بارغىنىڭدا، ئالدىڭدىن چاق-قاق ھەرىلەر ئېتىلىپ چىقىدۇ. بۇ بىر چوڭ ئوتكەل، نى - نى يىگىتلەر ئاشۇ ھەرىلەرنىڭ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمەي قاچ-قان. مۇشۇ ياغلىقنى ھەرە كېلىشى بىلەن بېشىڭغا ئارتىۋالساڭ چاقالمايدۇ. ئالتۇن بېشىڭ ئامان بولسا ئالتۇن ئاياقتا ئاش يەي-سەن. خەيرلىك بول. ئامىن ئاللاھۇ ئەكبەر، — دەپ غايىپ بولۇپ كېتىپتۇ.

كەنجى يەنە يولىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. بىرنەچچە كۈنلەر توختىماي مېڭىپتۇ. كوپ - كوك چىملىق يەردىكى بۇلاق بويىغا كېلىپ ئىككى ئاكىسى بىلەن ئۇچرىشىپتۇ. كەنجى خورجۇندىكى نان ۋە تالقانلىرىدىن بېرىپ، ئۇلارنىڭ قوسىقىنى تويغۇزۇپتۇ،

ئاندىن ئىككى ئاكىسىنى ئېلىپ يەنە مېڭىپتۇ. دىۋە تاز بايابانىنىڭ يۇرتىغا يېتىپ كەلگەندە، ئالدى تەرەپتىن بىر توپ ھەرىلەر ئېتىلىپ چىقىپتۇ. ئىككى ئاكىسى ھەرىلەرنىڭ چېقىشىغا چىدىيالماي ئارقىسىغا قاراپ بەدەر قېچىپتۇ. كەنجى خىزىر بوۋاي بەرگەن قول ياغلىقنىڭ پاناسىدا، ئۆزى يالغۇز مېڭىپ دىۋىلەرنىڭ ماكانىغا كىرىپ كېتىپتۇ. ئۇ جىلغا ئىچىدىكى كونا دەريا ئېقىنى بىلەن ئورلەپ مېڭىۋېرىپتۇ. خېلى بىر يەرگە بارغاندا يول ياقىسىدىكى ئۆڭكۈرنىڭ ئىشىگىگە ئاتارتىلغان مىلەگزە كورۇنۇپتۇ. كەنجى "بۇ يەردە ئادەم ياشايدىغان ئوخشىمامدۇ" دەپ بۇرۇلۇپ، شۇ ياققا كېتىۋاتسا، مىلەگزە ئېچىلىپ، ئىچىدىن چىرايلىق بىر مەلىكە چىقىپتۇ. يىگىتكە قاراپ كۈلۈپ قويۇپ قاش تاشلاپتۇ.

— پەيزى بار يىگىت، ئۆيىمىزگە مەرھەمەت! — دەپ تەكلىپ قىپتۇ. كەنجى ئۆڭكۈرگە كىرىپتۇ. مەلىكە ئۇنى تورگە ئولتۇرغۇزۇپ، بىر چىنە سوغ چاي سۇنۇپتۇ ۋە:

— قاياققا كېتىپ بارىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مېنىڭ بىر ئالتۇن تېپىم بار ئىدى. ئاق دىۋە ئەپقېچىپ كەتتى، شۇنى تارتىپ ئەكەلگىلى كېتىپ بارىمەن، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ كەنجى.

— ھەي، — دەپتۇ مەلىكە ئەپسۇسلىنىپ، — بىزمۇ بۇ يەرگە مۇساپىر. دىۋىلەر ئاتا - ئانىمىزدىن ئايرىپ ئەپقېچىپ كەلگەن. ئۇنى يەڭمەك ئاسان ئەمەس. بۇ يەردە ئۈچ دىۋە بار: بىرى ئاق، بىرى قارا، يەنە بىرى كوك. ھەر بىر دىۋىنىڭ بىر ۋاقلىق تامىغى ئۈچۈن قازانغا يەتتە مىسك جىنك گۆرۈچ سالىمىز. بۇغا، بۇقا، ئات، توكىلەرنى چاناپ قىيما قىلىپ، شورپا - شەلەك قىلىپ بېرىمىز. بىرلا سۇمۇرۇپ تۈگىتىۋېتىدۇ. شۇڭا ئۇلارنى يېڭىشكە كۈچىڭىز يەتمەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

— ئەمسە قانداق ئامال بار، سىز ئېيتىپ بېرىڭا؟ — دەپ سوراپتۇ كەنجى.

— ھەر بىر ئىشنىڭ يولى بار، ئەسكى تامنىڭ ھۆلى بار. ئوتتۇككىمۇ چەم كېرەك، ھەممە ئىشقا پەم كېرەك. ئۇنى يېڭىش ئۈچۈن ئۆزىڭىزگە سەۋەپ قىلسىڭىز بولىدۇ، — دەپتۇ مەلىكە ۋە ئىچكىرىگە كىرىپ، توخۇمغا ئوخشايدىغان بىر دورىنى ئېلىپ چىقىپتۇ. بۇ ئاق دىۋىنىڭ كۈچىدىن ياسالغان كومۇلاچ دورا ئىكەن. ئۇنى ئېزىپ، قاچىغا سۇ قۇيۇپ چايقاپ ئەكىلىپ كەنجىگە ئىچىرىۋېتىپتۇ. شۇ ئەسنادا ئۇيگە يەنە بىر بىرىدىن گۈزەل ئىككى مەلىكە كىرىپ كەپتۇ. ئۇلار ۋەقەنى ئاڭلاپ، كەنجىگە ھىسداشلىق قىپتۇ. يۈگۈرۈپ چىقىپ قارا دىۋە بىلەن كوك دىۋىنىڭ كۈچىدىن ياسالغان كومۇلاچتىن ئېلىپ كىرىپ، چايقاپ ئىچىرىپتۇ. ئاندىن كەنجىنى ئوڭگۈردىن ئۆزىتىپ چىقىپ:

— مۇشۇ جىلغىنىڭ ئۈستىگە چىقسىڭىز ئوركەشلەپ تۇرغان بىر ئەزىم دەريا بار، دەريانىڭ بىر بۇرجىكىدە كوۋرۈك بار، شۇ كوۋرۈكنىڭ تېگىگە كىرىپ ساقلاپ ئولتۇرسىڭىز، بىر بوران چىقىپ ئاندىن دىۋىلەر كېلىدۇ. كوۋرۈكنىڭ ئۈستىگە دەسسىشى بىلەن سەكرەپ چىقىپ تۇتۇشسىڭىز بولىدۇ، خەير، سەپىرىڭىز قۇتلۇق بولسۇن، — دېيىشىپتۇ.

كەنجى مەلىكىلەر كورسەتكەن يول بىلەن مېڭىپ جىلغىنىڭ ئۈستىگە چىقىپتۇ. قولاقنى يارغىدەك شاقىراپ ئېقىۋاتقان دەريانىڭ كوۋرۈكى تېگىگە كىرىپ ساقلاپ ئولتۇرۇپتۇ. كوپ ئوتمەي شىددەتلىك گۈكىرىگەن ئاۋاز كەپتۇ. بوران چىقىپتۇ. بوراننىڭ ئىچىدىن ئاق دىۋە ئالتۇن تايىنى ئوينىتىپ چىقىپ كەپتۇ. ئۇ كوۋرۈككە چىقىشى بىلەن، كەنجى كوۋرۈكنىڭ ئاستىدىن ئىرغىپ چىقىپ ئۇنىڭغا قاراپ ئېتىلىپتۇ. ئىككىسى شۇ تۇتۇشقان پېتى كېچە-

كۈندۈز ئىپلىشىپتۇ. بىرسى بىرسىنى يېگەلەپتۇ. ئاق دېۋىنىڭ
كۈچى ئاجىزلىشىپ، جېنى ئاز قالغانىدا، "مەن بىردەم ئارام
ئىلىۋالاي"دەپتۇ. كەنجى مەرتىلىك قىلىپ يول قويۇپتۇ. دېۋە
دەريا قىرىغا كېلىپ، بىر كالپۇكىنى قىرغا قويۇپ، يەنە بىرىنى
ئېچىپ تۇرۇپ، ئىچىگە بىردەم تارتىپتىكەن، دەريانىڭ تېگى
كۆرۈنۈپ قاپتۇ. ئورنىدىن تۇرۇپ كېلىپ، كەنجى تەييارلىقسىز
تۇرغاندا بىرنى قويۇپتىكەن، كەنجى قۇمنىڭ ئىچىگە مۈرىسىگـ
چىلىك كىرىپ كېتىپتۇ. دېۋە ئۆز غەلىبىسىدىن خوشاللىنىپ قاـ
قاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ. كەنجى غەزەپكە كېلىپ، بىرلا سىلكىـ
نىپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ ـ دە، پەملەپ تۇرۇپ، زۇلپىقار بىلەن
بىرنى سايتىكەن، دېۋىنىڭ قوسىغى ۋاقىدە يېرىلىپتۇ، ئىچىكەن
سۈيىنىڭ ھەممىسى يېنىپ چىقىپتۇ. دەريا ئۆز قىسىنىغا چۈشۈپ
ئېقىپتۇ. كەنجى ئالتۇن تايىنى قولىغا ئاپتۇ. دېۋىنىڭ كاللىسىـ
نى كېسىپ ئالتۇن تايغا غانجۇغىلاۋاتسا كوك دېۋە يېتىپ كەپتۇ.
ئۇنىڭ بىلەن بىر قەپەز قاتتىق ئېلىشىپتۇ. ئاخىر ئۇنىڭمۇ كالـ
لىسىنى ئاپتۇ. قارا دېۋە كەپتۇ. ئۇنىڭ بىلەنمۇ قاتتىق جەڭ
قىلىپ ئاخىر يېڭىپتۇ. ئۈچ دېۋىنىڭ كاللىسىنى ئاتقا غانجۇغىلاپ
قەلئەنىڭ ئىچىگە يېنىپ چۈشۈپتۇ. قەلئەنىڭ ئىچىدىمۇ چوڭ ـ
كىچىك دېۋىلەردىن بىرنەچچە يۈزى بار ئىكەن. ئۈچ كېچە ـ
كۈندۈزدە ھەممىسىنى قىرىپ تاشلاپتۇ. تاغ ئىچىدىكى خىلۋەت
قىلئەنى دېۋە تاز بايابانىدىن ئازات قىپتۇ. دېۋىلەرنىڭ توپلاپ
ئالغان مال ـ مۈلكىنى شۇ يەردىكى مۇساپىرلارغا مۇسادىرە قىـ
لىپ بېرىۋېتىپتۇ. جىلغا ـ جىلغىلارغا قامىۋەتكەن مال ـ ۋاراـ
لارمۇ تولا ئىكەن. ئۆزى بىرنەچچە قوتان چارۋىىنى ئالدىغا
سېلىپ ھەيدەپ مېڭىپتۇ. ھىلىقى جىلغىغا كەلگەندە ئۈچ مەلىكە
ئۇنىڭغا قېتىلىپ بىللە مېڭىپتۇ. ئۇلار مال ـ ۋارانلارنى ھەيدەپ
بۇلاق بېشىغا يېتىپ كەلسە، كەنجىنىڭ ئىككى ئاكىسى تېخىچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شۇ يەردە يۈرگەن ئىكەن. ئۇلار ساق - سالامەت ئۆچرىشىپتۇ. بىر نەچچە يەرگە گۈلخان يېقىپ، قوي سويۇپ كاۋاپ قىلىشىپ يەپتۇ. قوساقلىرىنى راسا بىر تويغۇزۇپ ئارام ئېلىشىپتۇ.

كەنجىنىڭ ئىككى ئاكىسى ئىنىسىغا كەلگەن بۇ ئامەتلەرنى كۆرۈپ، نىيىتىنى بۇزۇپتۇ. كېچىدە يېتىپ ئىككىسى مەسلىھەتلىشىپتۇ: "بىز ئۇنىڭ ئاكىسى تۇرۇپ دېۋىلەرنى ئۆلتۈرەلمىدۇق، ئالتۇن تايىنى تارتىۋالالمىدۇق، دادىمىزنىڭ ئالدىغا قايسى يۈزىمىزنى كۆتىرىپ بارىمىز؟ ئۇنىڭدىن كۆرە كەنجىنى مۇشۇ يەردە جايلىۋىتىمىز تۈزۈك" دېگەن يەرگە كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇكىسىنى ئۆلتۈرۈشنىڭ قەستىگە چۈشۈپتۇ.

ئۈچىنچى پەرى ئۇلارنىڭ سىرلىق سوھبىتىنى چالا - پۇچۇق ئاڭلاپ قاپتۇ. ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ كۆزدىتىپتۇ. بايىقاپ تۇرسا ئۇلار قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپتۇ. كەنجى ياتقان يەرگە قاراپ مېڭىپتۇ. ئۈچىنچى پەرى چوپلۇكنىڭ ئىچى بىلەن ئۆمىلەپ بېرىپ كەنجىنى ئويغىتىپتۇ. لېكىن كەنجى مەلىكىنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەپتۇ. دەر گۇمان بولۇپ ئۆلتۈرغاندا "شارت" قىلىپ چۈشكەن قىلىچ، ئۇنىڭ ئىككى پۇتىنى چورتلا كېسىپ تاشلاپتۇ. ھىلىقى مەلىكە قورقۇپ كېتىپ قولىنى قاتتىق بىر چىشلەپتۇ - دە، ئۆزىنى پىچانلىقىنىڭ ئىچىگە ئېتىپتۇ، شۇڭغۇپ كېرىپ كېتىپ كۆزدىن غايىپ بوپتۇ.

بىر قوساقتىن چىققان ئاكىلار مال - دۇنيانى كۆزلەپ، ئابروي - ئىناۋىتىنى دەپ ئۆز قېرىندىشىغا قەست قىپتۇ. كەنجى ئاكىلىرىنىڭ بۇ شۇمپەئىللىكىنى كۆرۈپ يىغلاپ كېتىپتۇ. ئىككى ئاكىسى بولسا شۇ كېچىدە مال - ۋارانلارنى ھەيدەپ ھىلىقى ئىككى مەلىكىنى بىردىن ئېلىپ خوتۇن قىلىپ، يولغا راۋان بوپتۇ.

تاڭ ئېتىپتۇ، جىمى ئالەمگە لالىرەڭ نۇر سېپىپ قۇياش چىقىپتۇ. ھىلىقى ئۈچىنچى مەلىكە پىچانلىقتىن بېشىنى چىقى-

رىپ ئۇيان - بۇيان قاراپتۇ. ھېچكىم كۆرۈنمەپتۇ. ئۇ كەنجى ياتقان يەرگە كەلسە، كەنجى قانسىراپ ھالسىزلىنىپ قىينىلىپ يېتىپتۇ. مەلىكە ئىچىدە: "مۇشۇ باتۇر يىگىت دىۋىلەرنى ئۆلتۈ- رۈپ بىزنى ئازاپتىن قۇتۇلدۇردى، يېڭى ھاياتقا ئېرىشتۈردى. بۇ ۋاپادارنى مەن سۆيۈشۈم كېرەك، ئۇنىڭ ھاياتىغا كۆيۈنۈشۈم كېرەك" دەپ ئويلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى ئەپلىكرەك جايغا يۆتكەپ ئەكېتىپتۇ. موزايىپىشى تۇتۇپ ئەكىلىپ كەنجىنىڭ جارا- ھەتلەنگەن يېرىگە سۈركەپتۇ. ئەتىسى يەنە موزايىپىشى تۇتۇپ كېلىمەن دەپ يىراقلاپ كېتىپ قاپتۇ. ئۇ كەلگىچە قالاپ قوي- غان ئوتى ئۆچۈپ قالغاچقا، كەنجىگە ئىسسىق چاي مۇ دەملەپ بېرەلمەي قاپتۇ. نېرىدىكى دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئەتراپلارغا سەپسېلىپ قاراپتۇ. تاغ تەرەپتە تولغىنىپ ئۆرلەۋاتقان ئاپپاق ئىس كۆرۈنۈپتۇ. كېلىپ كەنجىگە ئېيتىپتىكەن، كەنجى:

— ئوت كۆرۈنگەن يەرگە بارما، ئىت قاۋىشغان يەرگە بار، دەپتىكەن، بارمىسىڭىز بولارمىكىن، — دەپتۇ. بىراق مەلىكە "يەلكىم بىر ئەر چوپان ئوت قالاپ قويۇپ ئولتۇرغاندۇ" دەپ، ئوت ئەپكەلگىلى مېڭىپتۇ. ئەتىسىگەندە يولغا چىقىپ كەچتە ئا- ران يېتىپ بېرىپتۇ. قارىسا بىر تاغ ئۆڭكۈرىدە يەتتە باشلىق يالماۋۇز چاق ئىگىرىپ ئولتۇرۇپتۇ. مەلىكە ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— ئەسسالام ئانا، — دەپ تازىم قىپتۇ.

— سالامىڭ بولمىغان بولسا يەتتە يالماپ بىر يۇتاتتىم. خويما ئوبدان كەپسەن، كەچقۇرۇنلۇغۇمغا يېڭى گوش يېگىم كې- لىپ تۇراتتى، — دەپتۇ يالماۋۇز.

مەلىكە بۇ گەپتىن چوچۇپ، نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تېڭىر- قاپ قاپتۇ. ئاندىن يالۋۇرۇشقا باشلاپتۇ:

— ئانا، مەن سىزدىن خوش بولاي، مېنى ھازىر يېمەڭ.

www.uyghurkitap.com

ئۇيدە ئىككى پارچە بولۇپ كەتكەن ئېسىرىم قالمىغان. ئو-
تىمىز ئۇچۇپ قېلىپ سىزگە ئوتقا كېلىشۇپدىم. مەن قايتىپ بې-
رىپ، ئوتنى يېقىپ بېرىپ كېلەي، ئىجازەت بەرسىڭىز.

يالماۋۇز خوتۇن تەرىنى پۈرلەشتۈرگەن ھالدا، سىنچى كوز-
لىرى بىلەن بىر ھازاغىچە قاراپ تۇرۇپ كېتىپتۇ. ئاندىن ئور-
نىدىن قوپۇپ ئوتنى كورسىتىپ قويۇپتۇ ۋە ئېتىكىگە كۆل قا-
چىلاپ بېرىپ:

— بۇ كۆلنى مەشەدىن ئۆيۈڭگىچە توكۇپ مېڭىپ بەلگە
قالدۇرىسەن، — دەپتۇ. مەلىكە يالماۋۇزنىڭ دېگىنى بويىچە
كۆلنى يولغا شۆقۇرتۇپ توكۇپ مېڭىپتۇ. كەنجىنىڭ قېشىغا بېرى-
ۋالغاندىن كېيىن يېنىپ كەلمەپتۇ. توپ - توغرا ئۈچ كۈن بول-
غاندا، يالماۋۇز يېتىپ كەپتۇ. ھاسىراپ - ھومۇدەپ تۇرۇپ:

— ھە، مېنى كېلەلمەيدۇ دەپ ئويلىدىڭمۇ؟ نىمە دەپ
ۋەدەڭگە ۋاپا قىلمايسەن؟! — دەپتۇ. ئۇنىڭ يوغان ھەم ياۋۇز
كوزلىرى لاپلا قىلىپ كەنجىنىڭ ئىككىگە بولۇنۇپ ياتقان بەدى-
نىگە چۈشۈپتۇ. ھاپلا قىلىپ بىر سومۇرۇپتىكەن، ئىككى پارچە
بەدەن يالماۋۇزنىڭ ئاغزىدىن كىرىپ كەينىدىن پۈتۈن گەۋدە
بولۇپ، سەللىمازا ساقىيىپ چىقىپتۇ. يالماۋۇز بۇ ئەر - خوتۇن
ئىككىسىگە كۈدۈ - كوپىسىنى كوتەرتىپ، ئالدىغا سېلىپ ھەي-
دەپ مېڭىپتۇ. يالماۋۇز ياشايدىغان ئوڭكۈرنىڭ ئالدى تام سې-
لىپ توسالغان چوڭ ھويلا ئىكەن. نەچچە يەرگە گۈلخان يېقىل-
غان بولۇپ، كېچەيۇ - كۈنىدۇز ئوت كويۇپىلا تۇرىدىكەن.
يالماۋۇز شۇ ئىسسىق تەپتىدە راھەت ياشايدىكەن. ھويلىسىدا ناھا-
يىتى كوپ ئوتۇنلار بار ئىكەن. يالماۋۇز كەنجىنى ئوتۇن يې-
رىشقا، مەلىكىنى باش بېقىپ، چاچ تارىغىلى ساپتۇ. كەچ كىر-
گەندە يالماۋۇز ئىككى زىقنى ئەكىلىدىكەن. كەنجىنى بىر زىققا،
مەلىكىنى بىر زىققا ئوتكۈزۈپ، قېچىپ كەتمىسۇن دەپ ئىككى

قولىنىڭ ئۇستىگە قىستۇرۇۋېلىپ ئوخلايدىكەن، ئەر - خوتۇن ئىككىسى تاڭ ئاتقىچە "ۋايەي، ۋايجان" دەپ ۋايساپ - قاخشاپ چىقىدىكەن.

ئەمدى گەپنى كەنجىنىڭ ئىككى ئاكىسىدىن ئاڭلايمىز. ئۇلار كوپ يوللارنى يۈرۈپتۇ. تازا هوزۇر سۈرۈپتۇ. كالىلارنى مورىتىپ، قويلىرىنى مەرىتىپ، ئاتلىرىنى كىشنىتىپ، غەلىبە تەنتەنىسى ئىچىدە ئۆز يۇرتىغا كىرىپ بېرىپتۇ. ئاتا - ئانىسىغا كەچمىش - كەچۈرمىشى، تارتقان جاپالىرىنى سوزلەپ بېرىپتۇ. دادىسى كەنجىسىنى سۈرۈشتە قىپتۇ. ئۇلار ئالدىنئالا كېلىشىۋالغان مەسلىھەتى بويىچە:

— بىز كەنجىنى كورمىدۇق. ئىككىمىز نەچچە مىڭ دىۋىگە تاقابىل تۇرۇپ، ئالتۇن تايىنى تارتىۋالدۇق، ئۇلارنى قىرىپ تاشلاپ، ماكانىنى ۋەيران قىلىپ، بۇ مال - دۇنيانى ئېلىپ قايتتۇق، — دەپتۇ. ئاتا - ئانا ئوغۇللىرىدىن رازى بوپتۇ. شۇنداقتىمۇ كەنجى ئوغلىنى ئالاھىدە ئەسلەپتۇ. بوۋاي ھەر قېتىم ئاتلارغا يەم بەرسە، ئالتۇن تاي بوغۇز يېمەي، تالا تەرەپكە قاراپ كىشنەپلا تۇرىدىكەن. بىرنەچچە كۈن شۇنداق قىلىۋەرگەندىن كېيىن، بوۋاينىڭ ئالتۇن تايغا ئىچى ئاغرىپتۇ. "بۇنىڭدا بىر گەپ بارمۇ نىمە" دەپ ئويلاپ قاپتۇ. بىر كۈنى ئالتۇن تايغا ئىگەر توقۇپتۇ، كەنجى تۇتقان زۇلپىقارنى ئىگەرگە چىڭ باغلاپتۇ، تالاغا ئەپچىقىپ قويۇپ بېرىپتىكەن، ئالتۇن تاي دالا تەرەپكە قاراپ ئوقچاندەك چېپىپ چىقىپ كېتىپتۇ. ئالتە ئايلىق يولنى ئىككى كۈندە بېسىپ، يېرىم كېچىلەر بىلەن يالماۋۇزنىڭ ھويلىسى ئالدىغا كەپتۇ، يەرنى پۇتى بىلەن تاتىلاپ، كىشنەپ تۇرۇپتۇ. كەنجى يالماۋۇزنىڭ قۇلىقىدىكى زىقتا تۇرۇپ ئايالىغا:

— سەن، ئىككى خىل ئاۋازدا ۋايەيشىپ تۇرغىن، ئالتۇن

تېيىمنىڭ كىشنىگەن ئاۋازى كېلىۋاتىدۇ، مەن ئاستا چىقىپ تالاغا قاراپ باقاي، — دەپ پەسكە چۈشۈپتۇ. تالاغا چىقىپ قارىسا، ئالتۇن تېيى قولاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ، ئۇنى كۈتۈپ تۇرغان. كەنجى يۈگۈرۈپ كېلىپ تايىنى قۇچاقلاپ، باش - كۆزلىرىنى سىلاپ كېتىپتۇ. زۇلپىقارىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ، ئوڭكۈرنىڭ ئىچىگە كىرىپتۇ. مەلىكىنى زىنقتىن چىقىرىپ تالاغا يولغا ساپتۇ، ئۇزى يالماۋۇزنى پۈتى بىلەن تېپىپ ئويغىتىپتۇ ۋە "ئاللاھۇ ئەكبەر!" دەپ بىرلا چاناپ كاللىسىنى يەرگە چۈشۈرۈپتۇ. يالماۋۇزنىڭ تېنىدە قالغان بېشى يەنە:

— ئى ئادىمزات، ئاتاڭنىڭ جېنى، ئاناڭنىڭ ئەرۋايى ھەققىگە يەنە بىرنى چاپقىن، — دەپتۇ.

كەنجى:

— ئۇستام ماڭا: يەتتە باشلىق يالماۋۇزنى بىرلا چاپ، ھەرگىز ئىككى چاپما، دەپ ئۆگەتكەن، — دەپ ئوڭكۈردىن يېنىپ چىقىپتۇ. ئالتۇن تايغا مىنىپ، ئايالىنى ئالدىغا ئاپتۇ - دە، ئۇز يۇرتىغا قاراپ ئۇچۇپتۇ. قۇم دېڭىزلىرى، قارىغايلىق تاغلار ۋە دەريالاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ ئۇز يۇرتىغا يېتىپ كەپتۇ. ئاتا - ئانىسىغا بېشىدىن ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىنى بىرمۇ - بىر سوزلەپ بېرىپتۇ. دادىسى بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، قاتتىق غەزەپكە كەپتۇ. ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، قىلىچىنى قولىغا ئاپتۇ - دە:

— بەل باغلىغان بىلەن ئەر ئەمەس، چاچ تارىغان بىلەن خوتۇن. سەنلەردەك بېلىنى باغلاپ چىقىپ، تەييارغا ئەييار بولىدىغان ئەككارلارغا بۇ يۇرتتا ئورۇن يوق! — دەپ ئىككى چوڭ ئوغلىنى ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىرىپتۇ. كەنجى ئوغلىنىڭ شان - شەرىپى ئۈچۈن، پۈتۈن يۇرت ئالدىدا چوڭ تويىنى باشلاپتۇ.

# ۋىجدانلىق ئايال

ئۆتكەن زاماندا قەھرىمۇ بار، زەھرىمۇ بار بىر پادىشا ياشىغان ئىكەن. ئۇ چوڭ ئىشلارنى ئادالەت بىلەن بىر تەرەپ قىلىدىكەن. ئەمما مىجەزى كەسكىن ۋە شەپقەتسىز ئىكەن. شاھنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى بولسا، ئىچى تار، كوزى كىچىك، قارا نىيەت ئادەم ئىكەن. گەرچە ئۇنىڭ ئايالى ياش چاغلىرىدا تەڭداشسىز گۈزەل مەلىكىلەردىن بولسىمۇ، يىللار ئۆتكەنسېرى رەڭگى سولۇپ ئايدەك يۈزلىرىگە قورۇق چۈشۈپ، ۋەزىرنىڭ كوڭلىگە ياقمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. شاھنىڭ سول قول ۋەزىرى دانىشمەن، مەردانە ئادەم ئىكەن. ئۇ ئوۋچىلىق بىلەن كوپ شۇغۇللىنىدىكەن، ئوزى ماھىر مەرگەنلەردىن ئىكەن. سول قول ۋەزىر مۇشۇ شەھەرلىك بولسىمۇ، قولىنى قاياققا سوزسا شۇ ياققا يېتىدىغان ھالەتتە بولسىمۇ، بولەك شەھەردىن، بىر نامرات ئادەمنىڭ يالغۇز قىزىنى ئەمرىگە ئالغان ئىكەن. بۇ ئايال شۇنچە چىرايلىق، كېلىشكەن بولۇپ قالماستىن، ۋىجدانلىق ئىكەن. بۇ خىل پەزىلىتى بىلەن تىللاردا داستان ئىكەن. ئەمما ئوڭ قول ۋەزىرنىڭ كوزى بۇ ئايالغا چۈشكەن ئىكەن. شۇڭا خېلى ئۇزۇندىن بېرى بۇ چىرايلىق ئايالنى ئوزىگە قارىتىۋېلىش نىيىتىدە ئىكەن. ئۇ ئاخىرى سول قول ۋەزىرنى جىمىقتۇرۇۋېتىپ، بۇ ئايالنىڭ ۋىسالىغا يېتىش كويىغا چۈشۈپتۇ. بىراق، ھېچبىر ئەپلىك چارە تاپالماي خېلى ئاۋارە بوپتۇ. دەل شۇ كۈنلەردە پادىشا ئىگىز راۋاققا چىقىپ پۈتكۈل شەھەرگە نەزەر تاشلاپتۇ. يىراقتىكى ياپ - يېشىل تاغلار، تاغ ھاۋاسى شاھقا ھوزۇر بېغىشلاپ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۇ. كۆڭلى كىيىك گۆشى تارتىپ قاپتۇ، راۋاقتىن چۈشكەندىن
كېيىن سول قول ۋەزىرنى چاقىرتىپ، كىيىك تۇتۇپ ئەكې-
لىشكە بۇيرۇپتۇ. سول قول ۋەزىر بۇ ۋەزىپىنى خۇشاللىق بىلەن
قوبۇل قىپتۇ. ئوڭ قول ۋەزىرمۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپتۇ، ئۇنىڭمۇ
بىللە بارغۇسى كەپتۇ. پادىشانىڭ بېشىنى ئاغرىتىپ تۇرۇۋاپتۇ.
ئاقىۋەت ئىككى ۋەزىر بىرمۇنچە چەۋەندازلارنى ئەگەشتۈرۈپ،
كىيىك تۇتۇپ كېلىش ئۈچۈن ئوۋغا چىقىپتۇ. ئوڭ قول ۋەزىر-
نىڭ خىيالى كىيىك تۇتۇشتا ئەمەس، مۇشۇ ئەپلىك پۇرسەتتىن
پايدىلىنىپ سول قول ۋەزىرنى كۆزدىن يوقىتىشتا ئىكەن. ئۇلار
يىراقلاپ ماڭغانسېرى، ئوڭ قول ۋەزىرنىڭ بۇ نىيىتى كۈچىيىپ
بېرىپتۇ. ئۇلار جىلغا ئىچىدە كېتىۋاتسا، تاغ ئارىسىدا بىر جۈپ
كىيىك ئوتلاپ يۈرگەندەك. سول قول ۋەزىر ئوقيانى كىيىككە
چەنلەپتۇ، ئوڭ قول ۋەزىر بولسا بېرىراق تۇرۇپ، ئوقيانى سول
قول ۋەزىرگە چەنلەپتۇ. سول قول ۋەزىر ئوقنى كىيىككە قارىتىپ
ئۈزۈشى بىلەن تەڭلا، ئوڭ قول ۋەزىر سول قول ۋەزىرنى ئې-
تىپتۇ. ئوق سول قول ۋەزىرنىڭ دۈمبىسىدىن كىرىپ، مەيدىسى-
دىن چىقىپتۇ. باتۇر، مەردانە سول قول ۋەزىر شۇ يەردىلا يى-
قىلىپ جان تەسلىم قىپتۇ. چەۋەندازلىرى ئۇنى قۇچاقلاپ يىغلى-
شىپ كېتىپتۇ. تاغلارنىڭ ئىچىنى مۇسىبەت قاپلاپتۇ. ئوڭ قول
ۋەزىر ئۆز قىلمىشىنى يوشۇرۇپ: "مەنمۇ بىر كىيىككە قارىتىپ
ئاتقان ئىدىم. ئوق ئېزىپ كېتىپ سول قول ۋەزىرگە تېگىپ
كەتتى. ئامال قانچە، بۇمۇ خۇدادىن كەلگەن ئەجەل. تەقدىرگە
تەن بەرمەي ئىلاجىمىز يوق" دەپ، سول قول ۋەزىرنىڭ جەسە-
دىنى شۇ يەرگە قويغۇزۇپتۇ. ئوۋدىن قايتىپ كېلىپ بۇ شۇم
خەۋەرنى سول قول ۋەزىرنىڭ ئايالىغا يەتكۈزۈپتۇ. بۇ ئايال
شۇ چاغدا تۇغۇتتىن ئەمدى قوپقان ئىكەن. گۈزەل ئايال يىغ-
لاپتۇ، قاخشاپتۇ، ئىلاجىسىز داغۇ-ھەسرەتتە ئۆتۈشكە باشلاپتۇ.

ئاردىن ئىككى ئاي ئۆتكەندە ئۇلۇغ قول ۋەزىر، پادىشانىڭ
سەمىگە سالماي پەرمان چۈشۈرۈپ بۇ ئايالنى ئوردىدىن كوچۇ-
رۇۋېتىپتۇ. ئايال چەت بىر كوچىدىكى ئەسكى ئۆيىنى ماكان قى-
لىپ ئولتۇرۇپتۇ. ۋەزىر بۇ ئايالنىڭ بىرەر ئايلىق ئوزۇغى بى-
لەن بىرەر قۇر ئۆي سايمانلىرىنى بىرىپلا قالغان مۈلۈكلىرىنىڭ
ھەممىسىنى بەرمەپتۇ. كېيىنرەك ئوردىدىن بېرىلىدىغان نەپىقى-
لەرنى توختىتىپ قويۇپتۇ. ئەمما بۇ ئايالنىڭ قولى چېۋەر ئىكەن.
بىگى ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن تۇرمۇشنىڭ ھەرخىل ئېغىرچىلىق-
لىرىغا بوزەك بولماي تاقابىل تۇرۇپتۇ. كۈندە ئۈچ يىلك يىپ
ئىگىرىدىكەن. بىر يىلك يىپنى بىر ياچەنگە سېتىپ، نان، چاي،
تۇز ئالىدىكەن، قالغىنىنى بىر خالتىغا سېلىپ يىغىدىكەن. ئۇنىڭ
كۈنى مانا مۇشۇنداق يىپ ئىگىرىپ سېتىش بىلەن ئۆتىدىكەن.
يىغلاپ، قاخشاپ يۈرۈپ ئاردىن سەككىز ئاي ئۆتۈپتۇ. ئايال
ابرات تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان بولسىمۇ، ئېرىنىڭ قارىسىنى تۇتۇپ،
بالىسى بىلەن ئەمەك بولۇپ ئۆتىدىكەن.

ئۇلۇغ قول ۋەزىر بولسا، بۇ ئايالنى كورۇپ تۇرىدىكەن.
ھەر كۈندە ئۆزىنى بىر يوقلىتىپ قويىدىكەن. شۇنداق داغۇ-
ھەسرەت ئىچىدە سەككىز ئايىنى ئاران توشقۇزۇپتۇ. تاقىتى تاق
بولۇپ سەۋرى تۈگەپتۇ. ئاخىر بۇ گۈزەلنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈ-
چۈن ھەركەتكە ئۆتۈپتۇ. سول قول ۋەزىرنىڭ ئايالى قۇندۇز-
دەك قاپ - قارا چاچلىرىنى ھەريانغا تاشلاپ شىرىن ئۇيقۇدا
يېتىپ بىر چۈش كورۇپتۇ: گۈگۈم ۋاقتىدا ئىككى تەرىپى ئېگىز
دەرەخزارلىق بىر كوچىدا ئالدىراپ ئۆزى يالغۇز كېلىۋاتقىدەك-
مىش. كوچىدا ئۇنىڭدىن بولەك بىرەرمۇ ئادەم كورۇنمەسمىش.
بىردىن ئۇنى سەل سۇر بېسىپتۇ. چېكىلىرىدىن چىپىلداپ تەر
چىقىپتۇ. دەرەخلەرنىڭ كەينىدىن يوغان ھەم يوگىلۈق ئۈچ يول-
ۋاس سەكرەپلا چىقىپتىمىش. يولۋاسلار ئۈچ تەرەپتىن ئاغزىلىرى-

www.uyghurkitap.com

نى يوغان ئېچىپ خىرىس قىلىپ، كۆزلىرىدىن ئوت چاچرىتىپ كېلىۋاتقىدەك. ئايال ئارقىسىغا داجىشىغا ئۈچ يولۋاس بىراقلا سەكرەپ ئۇنىڭغا ئېتىلىپتۇ... ئايال "ۋاي" دەپ چىقىراپ ئويغىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئەنسىز ئاۋازىدىن قورقۇپ كەتكەن بالىسى چوچۇپ يىغلاپ كېتىپتۇ. ئابالىنىڭ چىرايى ساماندەك سار يىپتۇ. يۈرىكى گۈپۈلدەپ ئۇرۇپ ئاغزىغا تىقىلىپتۇ. ئويىنىڭ توت تېمى، بۇلۇڭ - تورۇسلىرى كوزىگە سۈرلۈك، ئەندىشىلىك كۆرۈنۈپ كېتىپتۇ. ئەتراپىغا نەزەر سالسا، قورقۇنچلۇق تۇيۇلۇپتۇ. بالىسىنى باغرىغا بېسىپ يىغلاپ ئىسەدەپ كېتىپتۇ. بالىسى ئۇنىڭغا قاراپ تېخىمۇ قاتتىق يىغلاپتۇ. شۇ كېچە بۇ غورىبەتچىلىك باسقان ئۆيدە قىيامەت - قايىم بوپتۇ. پەتات سۈبھى ۋاقتىدا، بالا يىغلاپ ھېرىپ، ئۇنىلىرى بوغۇلۇپ يىغىدىن توختاپتۇ. ئايال يالغۇز ئۆيدە بالىسىنى كوتىرىپ ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ، دەھشەتلىك خىياللار ۋەھىمىسى ئاستىدا تاڭنى ئاتقۇزۇپتۇ. سەھەردە بەش سەر ياچەن بىلەن ئىككى ناننى قولتۇغىغا قىستۇرۇپ سەدىقە بېرىۋېتەي دەپ مېڭىپتۇ. بىر تۇل خوتۇننىڭ ئۆيىگە كىرىپ بېرىپتۇ. تۇل خوتۇن ئۇنى قىزغىن قارشى ئاپتۇ. چاي راسلاپ، ئالدىغا داستىخان ساپتۇ. چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ ۋەزىرنىڭ ئايالى گەپنى باشلاپتۇ. كورگەن چۈشىنى ۋە كېچە تارتقان ئازاپ - ئوقۇبەتلىرىنى بىر - بىردىن بايان قىپتۇ. تۇل خوتۇن ئۇنىڭ گېپىنى زەڭ سېلىپ ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن:

— ئاپلاھۇ ئەكبەر، يامان چۈش كورۇپ قاپسەن، قىزىم، بۇ چۈشۈڭدىن قارىغاندا، قارا نىيەتلىك بىلەن قىلىنغان بىر چوڭ سۇيىقەست جېنىڭغا قاتتىق تىكىلىپ تۇرۇپتۇ، — دەپ تەبىر بېرىپتۇ ۋە ئايالنى ھوشيار بولۇشقا، قورقماسلىققا دەۋەت قىپتۇ. ئايال بولسا ئۆز چۈشىنىڭ تەبىرىسىنى ئاڭلاپ چوڭقۇر

غەمگە پېتىپتۇ. چۈشتىن ئېيتقىنىغا مىڭ بىر پۇشايمان قىپتۇ. قا-
لايمىقان، ئەندىشىلىك پىكىر - خىياللار ئىلكىدە ئۆز ئۆيىگە
قايتىپ كەپتۇ. ئاشۇ ئېغىر كۆڭلىدىمۇ يىپ ئېگىرىشنى توختاتـ-
ماپتۇ. بازارغا يىپ ئېگىرىپ ئەپچىقىپ سېتىپ تۇرۇپتۇ. بىر كۈ-
نى ئالتە يىك يىپنى كوتىرىپ بازارغا چىقىپتۇ. يىپ بازىرىغا
بېرىپ ئالدىغا قويۇپ ئولتۇرسا، ئوڭ قول ۋەزىر بىر توپ نۆۋ-
كەرلەر بىلەن ئېتىنى ئويىنىتىپ كوچىدىن ئوتۇپ كېتىپتۇ. ئاز
ئوتمەي ۋەزىر ئۆزى يالغۇز پىيادە مېڭىپ قايتىپ كەپتۇ. بازار
ئارىلاپ بۇ ئايالنىڭ ئالدىغا كېلىپ تۇرۇپتۇ. ئۇنى كەمسىت-
كەن ۋە بىلمىگەن قىياپەتكە كىرىۋېلىپ:

— سىز بۇ يەردە نىمىش قىلىپ يۈرىسىز؟ — دەپتۇ.

ئايال ئەدەپ بىلەن تازىم بېجا كەلتۈرگەندىن كېيىن:

— ئات ئولگەن بىلەن تاي قالدى، ۋەزىرىم. جان باق-
ماق ئۈچۈن ئوقەت قىلىۋاتىمەن، — دەپتۇ.

ۋەزىر ئېگىشىپ يىكنى قولىغا ئاپتۇ. دەڭسەپ كورۇپ:

— بىر يىك يىپىڭىز نەچچە پۇل؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بىر ياچەن، تەقسىر.

— باشقىلاردىن قىممەت سېتىپسىز، شۇنداقتىمۇ مەيلى، مەن
ئالدىم. پۇلىڭىزنى ئەتىگەنلىككە ئويدىن ئېلىڭ، — دەپ ئالتە
يىك يىپنى كوتىرىپ مېڭىپتۇ. ئايال بولسا يا لام، يا جىم دېيەل-
مەي ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قاپتۇ.

ئايال ئەتىسى سەھەر تۇرۇپتۇ. "بالا ئويغانغىچە ۋەزىردى-
كى پۇلنى ئەپكېلىۋالاي" دىگەن ئوي بىلەن ئىشىكنى تاقاپتۇ-
دە، بالىنى ئويگە سولاپ قويۇپ، ئۆزى ئوردىغا قاراپ مېڭىپتۇ.

بىنانىڭ بالىخانىسىدا سۇمبۇل چاچ ئايالنىڭ كىرىپ كې-
لىشىنى توت كوزى بىلەن كۈتۈپ تۇرغان ۋەزىرنىڭ يۈرىكى
"شۇۋ" قىلىپ قاپتۇ. كوزى لاپ قىلىپ دەرۋازىدىن كىرىپ كې-

لمۇاتقان ئايالغا چۇشۇپتۇ. دەرھال ئۇز ئۆيىگە كىرىپ كېتىپتۇ. ئايال ۋەزىرنىڭ خانىسىغا ئۇدۇل كىرىپ بېرىپتۇ. ۋەزىر نەچچە قەۋەت كورپە ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئايالنى قوبۇل قىپتۇ ۋە يېنىدا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىپتۇ. لېكىن ئايال پەگادىلا ئولتۇرۇپ، ئىش ھەققىنى تەلەپ قىپتۇ. ئەمما ۋەزىر نۇرغۇن قۇرۇق تەكەللۇپلاردىن كېيىن راست گېپىگە چۈشۈپ:

— سىز مېنىڭ تارتىۋاتقان دەردىمنى بىلمەيۋاتامسىز؟— دەپ سوراپتۇ.

— بىلمەيدىكەنمەن. سىلىنىڭ دەرتلىرى مېنىڭ دەردىمگە ياماقچىمۇ بولالماس،— دەپتۇ ئايال ئاچچىقلاپ.

— دۇرۇس،— دەپتۇ ۋەزىر،— بالدۇرراق شۇنداق دېگەن بولسىڭىز مەنمۇ كويۇك ئوتىدا مۇنچىلا پۇچۇلانماس ئىدىم. دەردىڭىزگە دەرمان بولالىتىم ئەمەسمۇ.

ئايالنىڭ ئاچچىقى كەپتۇ. قاپىقى تۈرۈلۈپتۇ:

— مەن ئۆزەم ئىگىرگەن يىپنىڭ پۇلىنى ئالمىسىلى كەلدىم. بېرىۋەتسىلە، ئاستا كېتىۋالاي. ئۆيدە بالام يالغۇز قالدى،— دەپتۇ.

— كېتىۋالاي؟! نەگە كېتىسەن؟— ۋەزىرنىڭ پەيلى بۇزۇلۇپتۇ. ئورنىدىن دەس تۇرۇپتۇ. ئايالنىڭ ئالدىغا كېلىپ زەھەرلىك ھەجەيىپ تۇرۇپ سوزلەشكە باشلاپتۇ،— گېپىڭ ئولۇپ كەتكەندىن كېيىن ئەرنىڭ قەدرى ئوتۇلگەنىدۇ؟ ئەر قەدرى ئوتۇلسۇن دەپ سېنى ئاشۇ ئۆيگە كوچۇرۇپ قويدۇم. ئەمدى ئىككىمىز بىر گۆيدە بولساق قانداق دەيسەن؟

— تەخسىر، بۇ قانداق گەپ؟ سول قول ۋەزىرلىرى دۇنيادىن ئوتكەنلى بىر يىلمۇ بولمىدى. بۇنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇرۇنسىز گەپنى قىلىش نومۇس ئەمەسمۇ؟!

— مېنىڭدەك ئادەمنى تاپمىغىڭ قىيىن. قوينۇڭنى كوك

پاگاق بىلەن تولدۇرماي ئارقا - ئالدىڭنى ئوبدان ئويلان!

— بۇ گەپنى ئويلىغىچىلىگىمۇ يوق، ئاۋارە بولمىسىلا.

ۋەزىر ئايالنى گەپ بىلەن ئىندەككە كەلتۈرەلمىگەندىن كېيىن، يامان نىيىتىنى زورلۇق بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولۇپ ئايالغا تاشلىنىپتۇ. ئايال بولسا پاك ۋىجدانىنى قوغداش يولىدا قاتتىق ئېلىشىپتۇ. ئايال جان ئاچچىقىدا يانچۇغىدىكى قەلەمتۇراچنى ئېلىپ ۋەزىرنىڭ قولىغا ئۇرۇپتىكەن، قان ئۇرغۇپ چىقىپتۇ. ۋەزىر "ۋاي" دەپ ۋاقىراپ قولىنى تۇتۇشى بىلەن ئايال ئۇنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ، بوسۇغىدىن ئاتلاپ، تالاغا چىقىۋاپتۇ. ۋەزىر جېنىنىڭ بارىچە توۋلاپ، مۇلازىملارنى چاقىرىپتۇ. ئۇلار خوتۇننى قورشاپ تۇتۇۋاپتۇ. جاللاتلار ۋەزىرنىڭ ئەمرىگە بىنائەن ئايالنىڭ پۇت - قوللىرىغا كويزا - كىشەن سېلىپ زىندانغا تاشلاپتۇ. ئايال زىنداندا يېتىپ ئۆيدە يالغۇز قالغان بالىسىنى ئەسلەپتۇ. كوكسىگە سۈت يىغىلىپ بارغانچە قاتتىق ئاغرىپ كېتىپتۇ. بۇ ئازاپ ھەممىنى بېسىپ چۈشۈپتۇ. بۇيى قىزىپ، تىترەك ئۇلىشىپ، بەدىنىگە مىڭلىغان يىڭنە سانجىلغاندەك تۇيۇلۇپتۇ. چاچلىرى چۇۋۇلغان، ياشلىرى توكۇلگەن ھالدا تالاغا توت كوزى بىلەن تەلمۇرۇپ تۇرۇپتۇ.

ئۆيدە قالغان بالا بولسا ئويغىنىپ ئاپىسىنى ئىزلەپتۇ. ئىشىككە تەلمۇرۇپ "ئانا" دەپ توۋلاپتۇ. ئاپىسى كىرمىگەندىن كېيىن ئومىلەپ بوسۇغىنىڭ توۋىگە كەپتۇ. قورسىقى ئېچىپ "نان" دەپ يىغلاپتۇ. يىغلاۋېرىپ ئۈنى بوغۇلۇپ كېتىپتۇ. ئۇيقۇسى كېلىپ، توگۇلگەن پېتى بوسۇغىنىڭ توۋىدە يېتىپ ئۇخلاپتۇ. ۋەزىر ئايالدىن زەربە يەپ قان چىقىپ تۇرغان قولىنى چىڭ تۇتقان پېتى پادىشانىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ.

— دات پادىشاھى ئالەم، — دەپتۇ.

— خوش، سىلىگە نىمە دەرت كەلدى؟ ئېيتسىلا، — دەپ-

ﺗﯘ ﭘﺎﺩﯨﺸﺎ ﮬﻪﻳﺮﺍﻥ ﺑﻮﻟﯘﭖ.

— ﺳﻮﻝ ﻗﻮﻝ ﯞﻩﺯﯨﺮ ﻗﺎﺯﺍ ﻗﯩﻠﯩﭗ ﻛﻪﺗﻜﻪﻧﺪﯨﻦ ﻛﯧﻴﯩﻦ، — ﺩﻩﭘﺘﯘ ﺋﯘﻧﯔ ﻗﻮﻝ ﯞﻩﺯﯨﺮﻯ، — ﺋﯘﻧﯩﯔ ﺋﺎﻳﺎﻟﻰ ﮬﻪﺭ ﺧﯩﻞ ﻛﻮﻳﻼﺭﺩﺍ ﻳﯜﺭﯛﭖ، ﺑﯩﺮ ﭘﺎﺷﯟﺍﺯ ﺑﻮﻟﯘﭖ ﻛﻪﺗﺘﻰ. ﺋﯘﻧﺪﺍﻕ ﻗﯩﻠﻤﺎﺳﻠﯩﻖ ﮬﻪﻗﻘﯩﺪﻩ ﻛﯚﭖ ﻧﻪﺳﮭﻪﺕ ﺑﻪﺭﺩﯨﻢ، ﺋﺎﯕﻠﯩﻤﯩﺪﻯ. ﺩﺍﯞﺍﻣﻠﯩﻖ ﺟﺎﻧﺎﭘﻠﯩﺮﯨﻨﯩﯔ ﺋﯩﺰ-ﺯﻩﺕ - ﮬﻮﺭﻣﯩﺘﻰ، ﺷﺎﻧﯘ - ﺷﻮﮬﺮﯨﺘﯩﻨﻰ ﻳﻪﺭﮔﻪ ﺋﯘﺭﯨﺪﯨﻐﺎﻥ ﺋﯩﺶ ﺑﯩﻠﻪﻥ ﻣﻪﺷﻐﯘﻝ ﺑﻮﻟﺪﻯ. ﻳﺎﻣﺎﻥ ﻧﯩﻴﻪﺗﻠﯩﻚ ﺋﺎﺩﻩﻣﻠﻪﺭ ﺑﯩﻠﻪﻥ ﺑﯩﺮﻟﯩﺸﯩﯟﯦﻠﯩﭗ، ﻣﺎﯕﺎ ﻗﻪﺳﺖ ﻗﯩﻠﺪﻯ. ﻛﯧﭽﻪ ﮬﻮﺯﯗﺭﯛﻣﻐﺎ ﺑﯧﺴﯩﭗ ﻛﯩﺮﯨﭗ، ﻣﺎﻧﺎ ﺑﯘ ﻗﻮﻟﯘﻣﻐﺎ ﭘﯩﭽﺎﻕ ﺳﺎﻟﺪﻯ. ﮬﯩﻠﯩﻤﯘ ﻳﺎﺧﺸﻰ، ﺧﯘﺩﺍ ﻣﯧﻨﻰ ﺑﯘ ﺑﺎﻻﺩﯨﻦ ﺑﯩﺮ ﺳﺎﻗﻠﯩﺪﻯ. ﺑﻮﻟﻤﯩﺴﺎ ﺷﯘ ﺋﺎﻳﺎﻟﻨﯩﯔ ﺯﻩﺭﺑﯩﺴﯩﺪﻩ ﻗﯘﺭﺑﺎﻥ ﺑﻮﻻﺭ ﺋﯩﺪﯨﻢ. ﺑﯘ ﺋﯩﻤﯩﺪﯨﮕﻪﻥ ﮬﻪﺩﺩﯨﺪﯨﻦ ﺋﯧﺸﯩﺶ، ﻧﯩﻤﻪ ﺩﯦﮕﻪﻥ ﯞﻩﮬﺸﯩﻠﯩﻚ......

ﭘﺎﺩﯨﺸﺎ ﺑﯘ ﮔﻪﭘﻠﻪﺭﻧﻰ ﺋﺎﯕﻠﯩﻐﺎﻧﺪﯨﻦ ﻛﯧﻴﯩﻦ ﻏﻪﺯﻩﭘﻜﻪ ﻛﻪﭘﺘﯘ. ﺋﺎﻳﺎﻟﻐﺎ ﺋﯚﻟﯜﻡ ﺟﺎﺯﺍﺳﻰ ﺑﯧﺮﯨﺸﻨﻰ ﮬﻮﻛﯜﻡ ﻗﯩﭙﺘﯘ. ﺑﯘ ﺷﻪﮬﻪﺭﺩﻩ ﺟﺎ-ﺯﺍﻏﺎ ﺗﺎﺭﺗﯩﻠﻐﺎﻧﻼﺭﻧﻰ ﺩﻭﻣﯩﻠﯩﺘﯩﭗ ﺋﯚﻟﺘﯜﺭﯨﺪﯨﻐﺎﻥ ﺑﯩﺮ ﺋﯩﮕﯩﺰ ﺗﺎﻍ ﺑﺎﺭ ﺋﯩﻜﻪﻥ. ﺟﺎﻛﺎﭼﯩﻼﺭ ﻛﻮﭼﺎ - ﻛﻮﭼﯩﻼﺭﺩﺍ ﺳﻮﻝ ﻗﻮﻝ ﯞﻩﺯﯨﺮﯨﻨﯩﯔ ﺋﺎ-ﻳﺎﻟﯩﻐﺎ ﺋﯚﻟﯜﻡ ﺟﺎﺯﺍﺳﻰ ﺑﯧﺮﯨﻠﯩﺪﯨﻐﺎﻧﻠﯩﻘﻰ، ﺧﺎﻻﻳﯩﻘﻨﯩﯔ "ﺟﺎﺯﺍ ﺗﯧﻐﻰ" ﻏﺎ ﺑﯧﺮﯨﺸﯩﻨﻰ ﺟﺎﻛﺎﻻﭘﺘﯘ. ﺋﻪﻣﻤﺎ ﺷﻪﮬﻪﺭ ﺧﻪﻟﻘﻰ ﺳﺎﺑﯩﻖ ﺳﻮﻝ ﻗﻮﻝ ﯞﻩ-ﺯﯨﺮﯨﻨﯩﯔ ﺋﺎﻳﺎﻟﯩﻨﻰ ﺋﯚﺯﯨﻨﻰ ﺗﯘﺗﯘﯞﺍﻟﻐﺎﻥ ﺗﯩﺮﯨﺸﭽﺎﻥ، ﯞﯨﺠﺪﺍﻧﻠﯩﻖ ﺋﺎ-ﻳﺎﻝ، ﺩﻩﭖ ﺗﻮﻧﯘﻳﺪﯨﻜﻪﻥ. ﺷﯘﯕﻼﺷﻘﺎ ﭘﻪﺭﻣﺎﻧﻨﻰ ﺋﺎﯕﻠﯩﻐﺎﻧﺪﯨﻦ ﻛﯧﻴﯩﻦ ﮬﻪﻣﻤﻪ ﻛﯩﺸﻰ ﮬﻪﻳﺮﺍﻥ ﺑﻮﭘﺘﯘ. ﺋﺎﻳﺎﻟﻐﺎ ﮬﯧﺴﺪﺍﺷﻠﯩﻖ ﻗﯩﭙﺘﯘ ﯞﻩ ﺋﯩﭻ ﺋﺎﻏﺮﯨﺘﯩﭙﺘﯘ. ﺗﯘﺷﻤﯘ - ﺗﯘﺷﺘﯩﻦ ﺟﺎﺯﺍ ﻣﻪﻳﺪﺍﻧﯩﻐﺎ ﻗﺎﺭﺍﭖ ﻣﯧﯖﯩﺸﯩﭙﺘﯘ.

ﺯﯨﻨﺪﺍﻧﻨﯩﯔ ﺋﯩﺸﯩﻜﻰ ﺋﯧﭽﯩﻠﯩﭗ، ﺟﺎﻟﻼﺗﻼﺭ ﻛﯩﺮﯨﭗ ﻛﻪﭘﺘﯘ. ﺋﺎ-ﻳﺎﻟﻨﻰ ﺯﯨﻨﺪﺍﻧﺪﯨﻦ ﺋﯧﻠﯩﭗ ﭼﯩﻘﯩﭗ، "ﺟﺎﺯﺍ ﺗﯧﻐﻰ"ﻏﺎ ﮬﻪﻳﺪﻩﭖ ﻣﯧﯖﯩﭙﺘﯘ. ﺋﺎﻳﺎﻝ ﻗﻮﻟﯩﻐﺎ ﻛﯩﺸﻪﻥ، ﭘﯘﺗﯩﻐﺎ ﻛﻮﻳﺰﺍ ﺳﯧﻠﯩﻨﻐﺎﻥ، ﭼﺎﭼﻠﯩﺮﻯ ﭼﯘ-ﯞﯗﻟﻐﺎﻥ ﮬﺎﻟﺪﺍ ﻣﯧﯖﯩﭗ ﻛﯧﺘﯩﯟﺍﺗﻘﺎﻧﺪﺍ، ﻳﻮﻟﻨﯩﯔ ﺋﯩﻜﻜﻰ ﺗﻪﺭﯨﭙﯩﺪﻩ ﺳﺎﻧﺠﺎﻕ - ﺳﺎﻧﺠﺎﻕ ﺗﯘﺭﻏﺎﻥ ﺷﻪﮬﻪﺭ ﺧﻪﻟﻘﻰ ﺋﺎﺭﯨﺴﯩﺪﯨﻦ: "ﺑﯘ ﺑﻪ-

چارىگە بىگۇنا ھوكۇم قىلدى، ئۇۋال بولدى"، "بۇ سەۋرى - تاقەتلىك ئايال ئىدى، ھەجەپ بوپتا" دىگەن سوزلەر ئاڭلىنىپ تۇرۇپتۇ. ئايال پۇتلىشىپ، يىقىلىپ - قوپۇپ تاققا چىقىشقا باشلاپتۇ. تاغنىڭ قاپ بېلىگە كەلگەن چاغدا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ پادىشاغا تەلمۇرۇپ قاراپ:

— دات پادىشاھى ئالەم، بىر ئېغىز گېپىم بار ئىدى،— دەپ توۋلاپتۇ.

— ھە، گېپىڭنى ئېيتىۋال،— دەپتۇ پادىشا.

— تېخى يېپىشقا تۇشمىغان بالام بار ئىدى، ئۇ ئويىدە قالدى. ئىجازەت بولسا مەن يۇگۇرۇپ بېرىپ شۇ بالامنى بىر كورۇۋالسام،— دەپتۇ ئايال.

پادىشا ئايالغا ئىجازەت بېرىپتۇ. بىراق تېزدىن قايتىپ كېلىشىنى جېكىپتۇ. ئايالنىڭ پۇت - قولىنى بوشىتىپ قويۇپ بېرىپتۇ. ئايال ياغلىقىنى تېڭىپتۇ. تاغدىن پەسكە قاراپ يۇگۇرۇپتۇ. ئوقتەك ئۇچۇپ كەلگەن پېتى ئويىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ ئېتىلىپ كىرىپتۇ. قارىسا بالىسى كورۇنمەپتۇ، ئۇياقىنى ئاقتۇرۇپتۇ، بۇياقىنى ئاقتۇرۇپتۇ، ئاقتىمۇ يوق، كوكتىمۇ يوق، ئىككى قولى بىلەن بېشىنى قىسىپ، تۇڭلۇكتىن كوك ئاسمانىغا قاراپ تۇرۇپ قاپتۇ. پۇتلىرىدا ماغدىر قالماي لاسسىدە بوشىشىپ يەرگە يىقىلىپتۇ. ئوڭ قولى ئىشىك ئارقىسىدىكى ئازگالدا ياتقان بالىسىنىڭ ئىسسىق بەدىنىگە تېگىپتۇ. ئايالغا بىردىن جان كىرىپتۇ. ئىرغىپ ئورنىدىن تۇرۇپ، بىھوش ياتقان بالىسىنى باغرىغا چىڭ بېسىپتۇ. ئۇنىڭ ئاغزىغا سۇ تېمىتىپ يۇرۇپ ھوشىغا كەلتۇرۇپتۇ. بالا كوزىنى ئاچقاندا ئانىسىنىڭمۇ كوڭلى يورۇپتۇ. ئەندىشىسى كوتىرىلىپ، سەل يېنىكلەپتۇ. بالىسىنى ئېمىتىپ بولۇپ قارىسا يىققان پۇللىرى يېرىم خالتا بولۇپ قالغان ئىكەن، ئۇنى ئاپتۇ، بالىسىنى كوتىرىپتۇ. جازا تېغى تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ، بالى-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
www.uyghurkitap.com

سىنى كۆتەرگەن ھالدا جازا مەيدانىغا كىرىپ كەپتۇ. ئۇدۇل پادىشانىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئىجازەت بولسا ئىككى كەلىمە سۆزۈم بار ئىدى، — دەپتۇ.

— ئىجازەت، — دەپتۇ يەنە پادىشا.

— بىرسى، مۇشۇ نارسىدە، بەختسىز ئوغلۇمنى خوشنامغا تاپشۇرۇپ بەرسەم، يەنە بىرسى، ھالال ئەمگىكىم بىلەن يىققان يېرىم خالتا ياچمىنىم بار ئىدى. شۇنى خالايىققا سەدىقە قىلىۋالسام.

پادىشا رۇخسەت قىپتۇ. ئايال بالىسىنى خوشنىسىغا تاپشۇرۇپتۇ. لېكىن بالا ئانىسىغا چىڭ چاپلىشىۋېلىپ، چىقىراپ يىغلاپ، ئاجرىغىلى ئۇنىماپتۇ. ئانا - بالىنىڭ نالىسى جىمى ئادەمنى يىغلىتىپ تاشلاپتۇ. ئۇلارنىڭ زارىغا تەبەتمۇ بەرداشلىق بېرەلمەي، كىرپىكىدىن كۈمۈش رەڭلىك ياش ياغدۇرۇپتۇ. پادىشا بۇ ھالەتنى كۆرۈپ سەل تەسىرلىنىپتۇ، ئەمما "چىقىرىلغان ھۆكۈمنى بىكار قىلسام نامەرتلىك بولۇپ، شەنىمگە داغ تېگىدۇ" دەپ ئويلاپتۇ.

لېكىن، ئوڭ قول ۋەزىر يۈگۈرۈپ كېلىپ بالىنى ئانىنىڭ باغرىدىن يۇلۇپ ئاپتۇ، ئايالنىڭ خوشنىسىغا ئاسلاننى تاشلىغاندەك تاشلاپ بېرىپتۇ، ئاندىن ياساۋۇللار ئايالنى يالاپ "جازا تېغى"نىڭ ئۈستىگە ئەپچىقىپتۇ. ئايال تاغ ئۈستىدە تۇرۇپ ھەلىقى يىققان ياچمەنلىرىنى خەلققە قارىتىپ چېچىپتۇ. ياچمەن كۈمۈش تامچىلار بىلەن قوشۇلۇپ يەرگە چۈشۈپتۇ. خەلق بولۇشۇپ ئېلىپ ئايالغا رەھمەت ئېيتىپتۇ ۋە دۇئا ئوقۇپتۇ. جاللاتلار ئايالنىڭ پۇتىنى باغلاپتۇ. چەمبەرچەس باغلانغاندىن كېيىن ئوڭ قول ۋەزىر كېلىپ، ئايالغا مۇنداق دەپتۇ:

— ھەي بەغەرەز خوتۇن، شۇنى بىلىپ قويكى، بەگ بىلەن ئېلىشىپ بولمايدۇ، باتۇر بىلەن چېلىشىپ. سەن جاھىللىق

قىلماي، ماڭما تەگەك، مۇشۇ دەردى - بالامۇ يوق ئىدى. مانا
ئەمدى تېرەگىدە داپ كېرىپ، ئۇستىخىنىڭدا ساپ ياسايمەن، —
دەپتۇ ۋە ئۆز قولى بىلەن تىك تاغ چوققىسىدىن ئىتتىرىۋېتىپتۇ.
دەپتۇ. لېكىن كوپچىلىككە بەرگەن سەدىقىنىڭ ساۋابىدىنمۇ ياكى
بۇ ئىشنىڭ ناھەق بولغانلىقىدىنمۇ ئايال يەرگە ساق - سالامەت
چۈشۈپتۇ. بىرەر جايىمۇ زەخىملەنمەپتۇ. "ئايال يەرگە چۈشۈپتۇ
بىراق ئۆلمەپتۇ" دىگەن خەۋەر شۇ ھامان پادىشاغا يېتىپ بېرىپ-
تۇ. پادىشا "بۇ قانداق ھېكمەت؟" دەپ ئۆزى تاغ تاپىنىغا مې-
گىپ بېرىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، ئايال تەمكىنلىك بىلەن كۈلۈم-
سىرەپ ئولتۇرغۇدەك. شاھ بۇ خاسىيەتنى ئۆز كوزى بىلەن كو-
رۈپ ئويلىنىپ قاپتۇ. ئۇنىڭ قول ۋەزىر يەنە قۇتراشقا باشلاپتۇ.
لېكىن شاھ ئايالنىڭ گۇنايىدىن ئۆتۈپتۇ. ئايالنى بوشىتىپ قو-
يۇپ بېرىشنى جاكالاپتۇ. ئايال بالىسىنى ئېلىپ ئويىگە قايتىپتۇ.
كىشىلەر تارقاپتۇ، پادىشا مەپىگە چۈشۈپ ئوردىسىغا قايتىپتۇ.
لېكىن، بۇ ئاجايىپ ئىش ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى چىرمىۋاپتۇ.
كېلىۋېتىپ بۇ ئايالنىڭ ئوردىغا كىرمەي، باشقا ياققا كەتكىنىنى
كورۇپ قاپتۇ. پادىشا شۇ كۇنگىچە بۇ ئايالنى ئوردىسىنىڭ ئىچى-
دە ئولتۇرۇۋاتىدۇ، دەپ يۇرگەن ئىكەن، ئوردىدىن چىقىرىۋېتىل-
گەنلىكىدىن خەۋەرسىز ئىكەن. شۇڭلاشقا باشقىلاردىن:
— بۇ ئايال نەگە باردۇ؟— دەپ سوراپتۇ.
— ئۆزىنىڭ ئويىگە باردۇ، — دەپتۇ باشقىلار. بۇ گەپ-
نى ئاڭلاپ پادىشا مەپىدىن چۈشۈپتۇ. باشقىلارنىڭ ھەممىسىنى
كەتكۈزۈۋېتىپ، ئۆزى ئايال ماڭغان تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇ
ئايالنىڭ بىرچەت خالتا كوچىدىكى تاملىرى قىڭغىيىپ ئورۇلۇپ
كېتەي دەپ قالغان ئەسكى ئويىگە كىرىپ كېتىۋاتقىنىنى كورۇپتۇ
ۋە ئايالنىڭ كەينىدىن كىرىپتۇ. ئويىنىڭ ئىچىنى سەپىسلەپ
كۆزىتىپتۇ. بۇ يەردە سول قول ۋەزىرنىڭ ۋاقتىدىكى بىساتلاردىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىرسىمۇ يوق ئىكەن. پەقەت ئىسكى پالاز، پۇچۇق قازان، بىر كىشلىك يوتقان ـ كورپىلا بار ئىكەن، ئايال بولسا بالىسىنى قۇچاقلاپ سۇپىدا ئولتۇرۇپتۇ. پادىشا بۇ ئەھۋالنى كورۇپ ھەيران بوپتۇ ۋە ئايالدىن سوراپتۇ:

— سىزنىڭ ئويۇڭ ئوردىنىڭ ئىچىدە ئىدى، بۇ يەردە نىمە ئىش قىلىپ يۈرىسەن؟

— شۇنداق، پادىشاھى ئالەم. بۇ ئىشلاردىن جاناپلىرىنىڭ خەۋىرى يوق. پەدەر قازا قىلىپ بىرەر ئايدىن كېيىن ئوڭ قول ۋەزىرلىرى مېنى بۇ يەرگە كوچۇرۇپ قويغان — ئايال گەپنى شۇنداق باشلاپ ئوڭ قول ۋەزىرنىڭ ئوز ئېرىگە قانداق سۇيىقەست قىلغانلىقىنى، ئوزىنى ئالىمەن دەپ زورلۇق ئىشلەتكەنلىكى، جان بېقىش ئۇچۇن يىپ ساتقانلىقىنى ۋە دەھشەتلىك چۇشلىرىدىن تارتىپ ھەممىنى يىغلاپ تۇرۇپ بايان قىپتۇ. پادىشا ئاڭلاپ چىداپ تۇرالماپتۇ. ئوز ـ ئوزىگە: "مەن ئەلنى ئادىللىق بىلەن سورايمەن، دەپ زالىملىق قىپتىمەن ـ دە!" دەپتۇ. شۇ كۇنىلا ئايالنى ئوردىدىكى ئوز ئويىگە كوچۇرۇپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە چىقىپ، جاللاتلارغا ئوڭ قول ۋەزىرنى تۇتۇپ كېلىش پەرمانى چۇشۇرۇپتۇ. جاللاتلار ھايال ئوتمەي، ئوڭ قول ۋەزىرنى تۇتۇپ ئەپكەپتۇ. ئوڭ قول ۋەزىرگە ئولۇم ھوكۇم قىپتۇ. بۇ پەرمان پۇتكۇل شەھەرگە جاكالىنىپتۇ. شەھەردە بىرمۇ ئادەم قالماي، "جازا تېغى" ئالدىغا بېرىپتۇ. جاللاتلار ئوڭ قول ۋەزىرنىڭ قوللىرىنى چەمبەرچەس باغلاپ جازا مەيدانىغا ھەيدەپ كەپتۇ. ۋەزىرگە خەلقنىڭ نەپرىتى قار ـ يامغۇر بولۇپ يېغىپتۇ.

پادىشا ئوڭ قول ۋەزىرنى تاغدىن دوملىتىشقا ھىلىقى ئايالنى تەيىنلەپتۇ. جاللاتلار ۋەزىرنى تىك چوققىغا ئېلىپ چىقىپ تۇرغۇزۇپتۇ. ئايال ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— ھەي ۋىجدانسىز، جاڭگالدىكى بورە چېغىدا ئۆز ئۆزى-
رىسگە قەست قىلمايدۇ، سەن بورىدىنمۇ رەھىمسىز، سەن ماڭا
قىلمىدىڭ، ئاقىۋەت، ئۆزەڭگە قىلدىڭ. ماڭا كولىغان ئورىغا
ئۆزەڭ چۈشتۈڭ. مانا ئەمدى خەلقى - ئالەم سېنىڭ رەسۋاچى-
لىقىڭنى كوردى. سەندەك قارا نىيەتتىن بىرى يوقالسا جاھاندا
يامانلاردىن بىرى كېمىيدۇ، يوقال! — دەپ تاغدىن دومىلىتىۋې-
تىپتۇ. ۋەزىر يەرگە چۈشۈپ بولغىچە لەختە - لەختە بولۇپ
كېتىپتۇ. خەلق بۇنىڭدىن قارا نىيەتلىك كىشىنىڭ ھامان كۆ-
كۈم - تالقان بولىدىغانلىقىنى كورۈپتۇ. پادىشامۇ جىمى ئەسكە-
لىكنى ئۆز ۋەزىرى قىلغانلىقىنى، گونا ۋەزىردە ئىكەنلىگىنى
بىلىپتۇ. بېرىپ ئايالىدىن ئەپۇ سوراپتۇ. ئايال پادىشانىڭ ۋە
پۈتكۈل شەھەر خەلقىنىڭ چوڭقۇر ھورمىتى ۋە مەدھىيىسىگە سا-
زاۋەر بوپتۇ. ئابروي - ئىناۋىتى يۈز ھەسسىلەپ كوتىرىلىپتۇ.
پادىشا ئۇنى سول قول ۋەزىرلىككە تەكلىپ قىپتۇ. ئەمما ئايال
پادىشانىڭ بۇ ھىممەتلىرىگە كوپتىن - كوپ رەھمەتلەر ئېيتىپ،
ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېتىشكە ئىجازەت سوراپتۇ. ئاخىر
رۇخسەت ئاپتۇ. بۇ ئەلنىڭ خەلقى بىلەن خوشلىشىپ، "بۇ ئەلگە
سۇلتان بولغىچە، ئۆز يۇرتۇمغا ئۇلتاك بولاي" دەپ، بالىسىنى
ئېلىپ، يۇرتىغا قايتىپ كېتىپتۇ. "كىشىنىڭ يۇرتىدا سۇلتان بول-
غىچە، ئۆز يۇرتۇڭدا ئۇلتاك بولغىنىڭ ياخشى" دىگەن بۇ ماقال
ئەنە شۇنىڭدىن قالغان ئىكەن.

# „ئىيتتى يامانىنىڭ قازىنى توشۇك“

بۇرۇنقى زاماندا بىر بوۋاي، موماي بولغان ئىكەن. ئۇلار ياش ۋاقتىدىن تارتىپلا كىشىلەرگە چاكار بولۇپ ئىشلەپ، كۈندىلىك يېمىكىنى كۈندە تېپىپ، سىيرىقتال كۈن كەچۈرۈپ كەلگەن ئىكەن.

ئۇلار شۇ ھالدا تۇرغۇن يىللارنى ئۆتكۈزۈپ، چاچ - ساقاللىرى ئاقىرىپ، بەللىرى مۈكچىيىشكە باشلىغان بولسىمۇ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە خۇدانىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشىپ، ياخشىراق تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈمىدىنى يوقاتماپتۇ. بىراق ئۇلارغا خۇدانىڭ ھېچ ئىلتىپات قىلغۇسى كەلمەپتۇ. ھەتتا ئۇلارغا قارانچۇق بولغۇدەك بىرەر پەرزەنتمۇ ئاتا قىلماپتۇ. ئۇلار قېرىپ، ئىش - ئوقەتتىنمۇ قاپتۇ، كۈنى تېخىمۇ مۈشكۈللىشىپتۇ. ئاخىرى ئۇلار شەھەرنى تاشلاپ، تاغ ئارىسىنى ماكان تۇتۇپتۇ - دە، ئوتگىيالارنىڭ يىلتىزىنى كولاپ يېيىشكە مەجبۇر بوپتۇ. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ياۋايى تۇرمۇش بوۋاي - موماينى تېخىمۇ ھالسىزلاندۇرۇۋېتىپتۇ. ئۇلار ئۆلەر ھالەتتە يېتىپ خۇداغا نالە قىلىپ:

— ئاھ، خۇدا، ئىمىشقىمۇ دەردىمىزگە يەتمەيدىغانسەن، بىزگىمۇ قىيا كوزۇڭنى سېلىپ قويساڭ بولمايتتىمۇ؟! — دەپ قاتتىق يىغلىشىپتۇ. ئۇلارنىڭ نالىشىدىن تاغلار لەرزىگە كېلىپ، خادا تاشلار يېرىلىپ، غولاپ چۈشۈپتۇ. خۇدانىڭمۇ رەھمى كەپتۇ.

— خوپ، — دەپتۇ خۇدا ئۇلارغا، — مەن سىلەرگە ئۈچ قېتىم تىلەش ئىمكانىيىتىنى بېرەي. بىرى مومايغا، ئىككىسى بو-

ۋايغا تەئەللۇق بولسۇن. كىم نىمىنى خالىسا سورىسىغان ھامان بىجا كەلتۈرەي، ئاۋال نىمىنى تىلەيدىغانلىقىڭلارنى ئوبدان كېلىشىۋېلىڭلار.

بوۋاي بىلەن موماي قىزغىن كېڭەشكە چۈشۈپتۇ.

— مۇشۇ تاغنى تامامەن ئالتۇن قىلىپ بېرىشىنى تىلەيلى، — دەپتۇ موماي نەپسىنى باسالمىغان ھالدا ئالدىراپ.

— ئىنساپلىقراق بولغىنىمىز تۈزۈك، — دەپتۇ بوۋاي مومايغا تەسەللى بېرىپ، — سەن سېغىپ ئىچكۈدەك بىر موزايلىق سىيىر تىلە، مەن تېرىقچىلىق قىلغۇدەك بىرئاز يەر، سۇ تىلەي، شۇنىڭ بىلەن ئانچە - مۇنچە مىدىراپ يۈرۈپ ھال - كۈنىمىزنى ياخشىلىۋالايلى.

— ئانچە - مۇنچە مىدىراپ يۈرۈش؟! بۇ نىمە دىگەنلىرى؟ — دەپتۇ موماي، بوۋايغا توۋلاپ، — بۇ، تىرىكچىلىك يولىدا گاڭگىراپ يۈرگەنلەرنىڭ ئىشى، خۇدا ئۆزى بېرىشنى ۋەدە قىلغان ئىكەن، مەن قايتا جاپا چېكىدىغان يولنى تاللىمايمەن، مېنىڭ راھەت تەختىدە پۇت - قولۇمنى سۇنۇپ ياتقۇم كېلىدۇ.

بوۋاي مومايىنىڭ سوزىگە يەنىلا قوشۇلماپتۇ، موماي ئوز سوزىدە چىڭ تۇرۇۋاپتۇ - دە، قاتتىق جاڭجاللىشىپ، بوۋايىنى تاشلاپ كېتىپ قاپتۇ.

مومايىنىڭ تەرسالىقىدىن رەنجىگەن بوۋاي بىرئاز خارامۇش بولۇپ ئولتۇرۇپ قاپتۇ. ئەمما، قەدىناسلىق مېھرى بىلەن يەنە كوڭلىنى يۇمشىتىش ئۈچۈن مومايىنىڭ كەينىدىن تاپ بېسىپ مېڭىپتۇ.

غەزەپلەنگەن موماي ماڭا - ماڭا تاغدىن ھالقىپ بىر تۈزلەڭلىككە چىقىپ قاپتۇ. تۈزلەڭلىكتە ئۇزۇنىغا سوزۇلغان ھاروا يولى بولۇپ، ئۇنىڭدا پادىشانىڭ شاھزادىسى بىر تىزىپ كىشى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لەرنىڭ ھىمايىسىدە مەيىگە ئولتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئىكەن، مومايىنىڭ كوزى شاھزادىگە چۈشۈپتۇ - دە، پەيلى بۇزۇلۇپتۇ. ئۇ ئارقىسىدىن ۋاقىراپ كېلىۋاتقان قەدىناسىغا قاراپمۇ قويماي خۇداغا ئۇز تىلىكىنى بىلدۇرۇپتۇ:

— قۇدرەتلىك خۇدا، مەن شۇ تاپ پەرىدىن قالغۇسىز شۇنداق چىرايلىق قىز بولۇشۇم كېرەككى، شاھزادە مېنى كورۇش بىلەن ئاشىق - بىقارار بولۇپ، مېنى ئوز ئەمرىگە ئېلىش ئۇچۇن مەيىسىگە سېلىپ ئېلىپ كەتسۇن!

مومايىنىڭ تىلىكى ئېغىزدىن چىقىشى بىلەن ئىجاۋەت بوپتۇ، شاھزادە ئوزى ئۇچۇنلا يارىتىلغان بۇ پەرىزاتنى ھورمەت بىلەن مەيىسىگە سېلىپ ئېلىپ كېتىپتۇ.

مومايىنىڭ كەينىدىن ھاسىراپ - ھومدەپ يېتىپ كەلگەن بوۋاي ئەھۋالىنى كورۇپ ئىنتايىن خاپا بوپتۇ - دە، خۇداغا نالە قىپتۇ:

— ئەي كارامەتلىك خۇدا، ئۇ ئار - نومۇسنى يوقاتقان دەييۇزنى دەرھال چوشقىغا ئايلاندۇرۇۋېتەرسەن!

شاھزادىنىڭ يېنىدا قىن - قىنىغا پاتماي نازلىنىپ ئولتۇرغان پەرىزات شۇئان چوشقا سۇرىتىگە كىرىپتۇ. بۇ ئەھۋالدىن قاتتىق چوچۇگەن شاھزادە تولغىنىچە ئۇنى مەيىدىن ئىتتىرىپ چۇشۇرۇۋېتىپتۇ - دە، ئاتلىرىنى بولۇشىچە چېپىپ، ھەش - پەش دىگۇچە كوزدىن غايىپ بوپتۇ. چوشقىغا ئايلانغان موماي توپىغا مىلەڭگىنىچە خارتىلداپ، نىمە قىلارىنى بىلمەي ئويان - بويان مېڭىپتۇ. ئاقىۋەت بوۋاينىڭ يېنىغا كېلىپ، ئوزىنى ئۇنىڭ ئاياقلىرى ئاستىغا تاشلاپ، يىغلىغىنىچە كوزلىرىدىن ياش توكۇپتۇ. بوۋاي ئۇنىڭدىن قاتتىق نەپرەتلىنىپ:

— بولدى، كورگۇلۇگۇڭ مۇشۇ ئىكەن، ئاخىرغىچە مۇشۇنداق ياشا!— دەپ ئەسكى كەپىسىگە قاراپ مېڭىپتۇ. چوشقا

بولسا، يالۋۇرۇشنى داۋاملاشتۇرغىنىچە، كوزلىرىدىن ياش توكۇپ، ئۈنىڭدىن بىر قەدەممۇ نېرى كەتمەپتۇ، بوۋاينىڭ ئاخىرى ئۇ-نىڭغا ئىچى ئاغرىپتۇ. ئۇ خۇدا ئۆز ئىختىيارىغا بەرگەن ئاخىرقى تىلىگىنى ئايالىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بېرىشكە ئىشلىتىپتۇ. مو-ماي ئەسلىگە كېلىپ، قىلمىشىدىن ئەپسۇسلىنىپ، زار - زار يىغ-لاپتۇ. بوۋاي ئۇنى جىملەپ شۇنداق دەپتۇ:

پەيلىگە يارىشا كۈن كورەر ھەر كىم،
ياشالماس - يايرالماس ئۇنىڭدىن ئۇشۇق
شۇ بىر سوز قېپقالسۇن بىزدىن ئەۋلاتقا:
"نىيىتى يامانىنىڭ قازىنى توشۇك".

ئېيتىشلارغا قارىغاندا "نىيىتى يامانىنىڭ قازىنى توشۇك" دىگەن ماقال ئەنە شۇنىڭدىن قالغان ئىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مەغرۇر پىل

بۇرۇنقى زاماندا بىر ئورمانلىقتا ناھايىتى زور بىر پىل بولغان ئىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ زورلۇقى، كۈچلۈكلۈكى ۋە چەبدەسلىكى بىلەن مەغرۇرلىنىپ، ئورمانلىقتىكى باشقا ھايۋاناتلارنى قىلچە كۆزگە ئىلمايدىكەن. ئوت - چۆپلەرنى خالىغانچە دەسسەپ - چەيلەيدىكەن. خوشى تۇتسا، خارتۇمى بىلەن ھەر چوڭ قارىغايلارنىمۇ يۇلۇپ تاشلاپ، ئۇنىڭدىكى ئۇچار - قاناتلارغا ئازار بېرىدىكەن، ئورماننى نابۇت قىلىدىكەن. پىلنىڭ بۇ بولمىغۇر قىلىقى ئورمانلىقتىكى بارلىق جان - جانىۋارلارنى قاتتىق غەزەپلەندۈرۈپتۇ. بىراق ئۇنى ئاشكارا چەكلەشكە جۈرئەت قىلالماپتۇ. ئاخىرى ئۇلار قانداق قىلغاندا ئۇنىڭ بۇ زورلۇقىدىن قۇتۇلۇشقا بولىدىغانلىقى توغرىسىدا يوشۇرۇن يىغىن ئېچىپتۇ، لېكىن يەنىلا چارە تاپالماپتۇ. ئەنە شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ يىغىنىنى بىر تۈپ چۆپكە قونۇۋېلىپ تىڭشاپ تۇرغان پاشا قاقاقلاپ كۈلۈۋېتىپتۇ، ھەممە ئۇنىڭغا قاراپ ھەيران بولۇپ:

— پاشىجان، ھەممىمىز جان قايغۇسىدا نېمە قىلىشنى بىلەلمەي تۇرساق، سېنىڭ كۈلگىنىڭ نېمىسى، ياكى بىزنى زاڭلىق قىلىۋاتامسەن؟ — دەپتۇ.

— بۇ كارامەتلىك دۇنياغا ھەيرانمەن، — دەپتۇ پاشا كۈلكىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — مەن ھەممىڭلاردىن ئاجىز ۋە كىچىك يارىتىلغان بولسامۇ، سىلەرنى بوزەك قىلىدىغان ئاشۇ مەغرۇر پىلنىڭ تېرىسىنى تېشىپ قېنىنى ئىچەلەيمەن. شۇنىڭغا قارىغاندا ھەممىڭلاردىن مەن كۈچلۈك ئوخشايمەن. قانداق، ئەنتىڭلارنى مەنلا ئېلىپ بېرەيمۇ؟

— قۇرۇق گەپنى قوي، — دەپتۇ ھەممە پاشىغا قاراپ، — سەن پەقەت ئۇنىڭ ھارام قېنىنىلا ئىچىسەن، بۇ بەلكىم ئۇنىڭ قىچىشقان يەرلىرىنى پەسەيتىپمۇ قويار، ياكى بولمىسا، تېخىمۇ قىچىشتۇرۇۋېتىپ، تېنىسنى يەنە بىر تۈپ قارىغايغا سۈركەشكە مەجبۇر قىلىپ، قۇشلارنىڭ بالىلىرىنى ئالاقزادە قىلىۋېتەر، قوي، سەن بىز بىلەن چاخچاقلاشما.

— ياق! — دەپتۇ پاشا ئۆز سۆزىدە چىڭ تۇرۇپ، — مەن ئۇنىڭ كۆزىنىلا چاقىمەن، ئۇ كۆزىنىڭ يارىلىنىپ قېلىشىدىن قورقۇپ قارىغايغا ئانچە قاتتىق سۈركىيەلمەيدۇ، لېكىن بۇ داۋاملىشىۋەرسە، ئۇنىڭ كۆزى يارىلىنىدۇ، شۇ چاغدا چۈۋىن دوستۇمنى ياردەمگە چاقىرىمەن، پىلنىڭ يارىلانغان ئىككى كۆزى چۈۋىن دوستۇمنىڭ قوسىقىدىكى قۇرۇتلىرى ئۈچۈن ئۆسۈپ يېتىلىدىغان ياخشى ماكانغا ئايلىنىدۇ. قېنى ئويلاپ بېقىڭلار، بۇ مېنىڭ سىلەرنىڭ ئەنتىگىلارنى ئېلىپ بەرگىنىم بولمامدۇ!؟

ھەممە پاشىنىڭ سۆزىگە قايىل بولۇپ باش لىڭشىتىپتۇ. شۇ چاغدا چوپ ئارىسىدىن بىر پاقا سەكرەپ چىقىپ كۆپچىلىككە قاراپ:

— مەغرۇر پىل مېنىڭمۇ ئىككى بالامنى دەسسەپ ئۆلتۈرگەن، مېنىڭمۇ ئۇنىڭغا غەزىۋىم بار، پاشىجاننىڭ سۆزى مېنىڭ تېخىمۇ كۈچلۈك ئىنتىقام ئېلىشىمغا يول ئاچتى. مەن بۇنى ھازىر ئېيتمايمەن، ئاۋال پاشىجان تەدبىرىنى قىلىپ كۆرسۇن، كېيىن مەن ئۆز بۇرچۇمنى ئادا قىلىمەن، — دەپتۇ - دە، يەنە چوپ ئارىسىغا كىرىپ غايىپ بوپتۇ.

ھەممە: "پاقىنىڭ قولىدىن نېمە كېلەر" دېگەن خىيال بىلەن ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئانچە ئېتىۋار قىلماپتۇ. ئەمما پاشىنىڭ تەدبىرىنى خۇشاللىق بىلەن قوللاپ، ئۇنى دەرھاللا ھەركەت قىلىشقا ئۈندەپتۇ. پاشا ئۆز ۋەدىسى بويىچە دەرھاللا قاناتلىرى-

نى كېرىپ، جاڭگاللىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، مەغرۇر پىلنى ئىزلەپ تېپىپتۇ - دە، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە نىشتەر سانچىشقا باشلاپتۇ، پىل كۆزلىرىنىڭ تىنىمسىز قىچىشىشىنى پەسەيتىش ئۈچۈن، ھەدەپ قارىغايغا سۈركەشكە باشلاپتۇ، پاشا بولسا ئۇنىڭغا قىل- چە ئارام بەرمەپتۇ، ئۇنىڭ كۆزىنى ئۈزلۈكسىز چېقىۋېرىپتۇ، پىل بولسا، كۆزىنى قارىغايغا سۈركەۋېرىپتۇ، شۇنداق قىلىپ، بىر كېچىدىلا پىلنىڭ كۆز - قاپاقلىرى يېرىلىپ قاناپ كېتىپ- تۇ، ئەتىسى چىۋىن كېلىپ، پىلنىڭ جاراھىتىگە قۇرۇت تاشلاپ- تۇ، قۇرۇتلارنىڭ ئۈزلۈكسىز كۆپىيىپ، ئۈزلۈكسىز غاجىشى بىلەن ئۇنىڭ جاراھىتى تېزلا كېڭىيىپ، ئۇنىڭ كۆزىنى كورمەس قىلىپ قويۇپتۇ، مەغرۇر پىل شۇنىڭ بىلەن ھەرىكەت قىلىش، ئوزۇق تاللاپ يېيىش ئىقتىدارىدىن قاپتۇ، ئەمدى ئۇنىڭ بىر- دىن - بىر تايىنىدىغىنى قۇلاق ۋە پۇراش سېزىمىدىنلا ئىبارەت ئىكەن.

بىر كۈنى ئۇ قاتتىق ئۇسساپ كېتىپتۇ. سۇنى پۇراش ۋە ئاڭلاش سېزىملىرىغا تايىنىپ تېپىشقا مۇمكىن بولمىغانلىقى ئۈچۈن، قانداق قىلىشنى بىلمەي تامىقىنى چاكىلدىتىپ يات- قاندا تۇيۇقسىز يېقىنلا بىر يەردە پاقا كۇكىراپ قاپتۇ، پىل ئۆزىنىڭ ساق ۋاقىتلىرىدىكى تەجرىبىسىگە ئاساسەن "پاقا جەز- مەن سۇ بار يەردە بولىدۇ" دەپ جەزمەنلەشتۈرۈپ، پاقىنىڭ ئاۋازى چىققان ياققا قاراپ مېڭىپتۇ، بىراق بۇ پاقا سۇ بار يەردىكى پاقا بولماستىن، بەلكى پىلدىن ئىنتىقام ئېلىشقا بەل باغلىغان ھېلىقى پاقا ئىكەن. ئۇ پىلنىڭ ئالدىدا كۇكىراپ يۈرۈپ، بىر سەكرەپ، ئىككى سەكرەپ، ئاخىرى پىلنى بىر تىك يارنىڭ لېۋىگە باشلاپ كەپتۇ. پىل پاقىنىڭ كۇكىرىشىغا ئەگە- شىپ تەمتىلەپ ماڭغىنىچە يارىدىن غۇلاپ ئۆلۈپتۇ. ئۇنىڭ ئور- مانلىقتىكى پۈتۈن جان - جانىۋار، ھايۋاناتلارنى چوچۇتىدى-

غان مەغرۇر گەۋدىسى قاغا - قۇزغۇن، قۇرۇت - قوڭغۇزلارغا يەم بولۇپ تۇگەپتۇ.

مەغرۇر پىلىنىڭ زومىگەرلىكىدىن قۇتۇلغان جان - جانىۋارلار خوشاللىقىدىن ئۇسۇل ئوينىشىپ، مۇنداق دەپ ناخشا ئېيتىپتۇ:

ھېزى بول ھاياتلىق يولىدا دائىم،
كۈچلۈكمەن دېمىگىن ئاجىزنى كورۈپ.
مەغرۇر پىل جان بەردى پاشا قولىدا،
ئۇزىنى چوڭ ساناپ، زورلۇق قىپ يۈرۈپ.

مەغرۇرلۇق ھەركىمنى قالدۇرار يەتىم،
ئۇزىگە قارشى كۈچ توپلايدۇ زورلۇق
شۇ ئىككى ئىللەتكە بولسا كىم مەھكۇم،
قۇچقۇسى ئۇمرىنى بىھساپ خورلۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تورخانىسى
www.uyghurkitap.com

## بەگنىڭ „پەيزى“

بىرقانچە بەگگە بولغان ئىكەن، ئۇلارنىڭ ئۇلپەتچىلىكمۇ خېلى چىڭ ئىكەن. ئارىدا بىرەرسى بولمىسا، شۇنى ئىزلەپ تاپمىغىچە سورۇن تۈزۈشمەيدىكەن.

بىر كۈنى ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر يەرگە جەم بولۇپ، بىر بىرى بىلەن ئۇچراشقانلىقىنىڭ خۇشاللىقىدا چىلىمىنىڭ سەيخانىسىنى يالقۇنلىتىپ، تازا چېكىشىپتۇ - دە، نەشە كەيپىدىن كوزلىرى خۇمالىشىپ، كەيپ ھوزۇرىدا باشلىرىنى توۋەن سالغىنىچە بىر بىرىنى ئۇنتۇپ چوڭقۇر خىيالغا غەرق بوپتۇ.

ئۇلار شۇ ھالدا قانچىلىك ئولتۇرغانلىقى نامەلۇم، لېكىن ئارىدا بىرسى ئۇشتۇمتۇت موگدەرەپ، كاللىدەك قاتتىق مورەپ كېتىپتۇ، قالغانلىرى چوچۇپ باشلىرىنى كوتىرىپتۇ - دە، ئۈنى نوقۇشۇپ:

— نىمە بولدۇڭلار، ئاداش؟ — دەپتۇ.

— قويۇڭلار، ئاداش، — دەپتۇ كاللىدەك مورەپ تاشلىغىنى يۈرىكىنى تۇتقانچە، — خۇدايا توۋا، شۇنداقمۇ ئىش بولىدىكەن؟!

— زادى نىمە ئىش؟ سوزلىسەڭلارچۇ، كىشىنى دىققەت قىلماي، — دېيىشىپتۇ قالغانلىرى. كاللىدەك موردەپ تاشلىغىنى ئۇلارغا تىكىلگىنىچە مورىگەنلىك سەۋەبىنى بايان قىلىشقا باشلاپتۇ:

— بۇ خۇددى چۈشتەك ئىش، — دەپتۇ ئۇ ئۆزىمۇ
ھەيران قالغان ھالەتتە، — لېكىن مەن چۈش كۆرمىدىم،
خىيال سۈردۈم، خىيالىمدا مەن ئاجايىپ سېمىز بىر كالىغا
ئايلىنىپ قالدىم، ئىگەم سەھەردىلا بويۇنۇمغا ئاغامچا سېلىپ، مېنى
ئۇرۇپ تۇرغۇزۇپ، سىرتقا ئېلىپ ماڭدى، ئىچىمدە "مېنى ئوت-
لىتىپ كەلسە كېرەك" دەپ ئويلاپتىمەن، لېكىن ئۇ مېنى توپ-
توغرا كالا بازىرىغا ئېلىپ باردى، ھەش-پەش دېگۈچە مېنىڭ
ئەتراپىمنى بىرقانچە خېرىدار ئورىۋالدى، دىققەت قىلغۇدەك
بولسام، ئۇلار مېنى ئېلىش ئۈچۈن ئىگەم بىلەن سودىلىشىۋې-
تىپتۇ. "مەن كالا بولغاندىكىن، كىمنىڭ قولىدا بولسام، بە-
رىبىرلا، پەقەت مېنى ياخشىراق باقىدىغانلا بىرسىنىڭ قولىغا چۈش-
سەم بولغىنى" دەپ ئويلىدىم. شۇ چاغدا مېنى چاپانلىرى ماي-
لىشىپ پارقىراپ كەتكەن سېمىز بىر كىشى يېتىلەپ ماڭدى،
ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىدىن نىمىشقىدۇ بۇرنۇمغا ئەجەل پۇرىقى
كەلگەندەك تۇيۇلۇپ، تېنىم شۈركىنىپ كەتتى، كوڭلۇمۇ سېزى-
دىكەن، ئۇ قاسساپ ئىكەن ئەمەسمۇ؟! ئۆيىگە ئاپىرىپ گۆپپىلا
قىلىپ يىقىتتى-دە، پۇتلىرىمنى بىر بىرىگە ئالماشتۇرۇپ
باغلاپ بوغۇزۇمغا پىچاق سۈردى، مەن "تەقدىر پىشانەمگە پۈت-
كىنى شۇ بولغاندىكىن قانداق قىلاي" دېدىم-دە، ئۈندىمەي
چىداپ يېتىپ بەردىم. قاسساپ قېنىمنى ئېقىتىپ بولغاندىن
كېيىن، ئوتكۈر پىچىقى بىلەن تېرەمنى شىلىشقا باشلىدى،
بۇنىڭغىمۇ مەيلى دېدىم، ئاندىن ئۇ قارنىمنى يېرىپ ئۈچەي -
باغرىمنى يۇلۇپ چىقتى، بۇنىڭغىمۇ مەيلى دېدىم، ئۇستىخان-
لىرىمنىمۇ ئۇگە-ئۇگىسىدىن ئاجرىتىپ، تېنىمنى نەچچە بولەك
قىلىۋەتكەندىمۇ ئوخشاشلا چىدىدىم، بىراق ئۇنىڭ ئايالى كاللام-
نى ئۈتلەش ئۈچۈن تونۇرنىڭ ئالدىغا كېلىپ، يوغان كوسەي-

مي بۇرنۇمغا تىققاندا چىدالماي قالدىم، مورەپ كەتكىنىمنىڭ سەۋەبى شۇ.

گۈلپەتنىڭ سوزىنى ئاڭلىغان بەگلەر باشلىرىنى ئەستە كوتىرىپ، پۇرۇلۇپ كەتكەن كوزلىرىنى دوستىغا تىكىپتۇ - دە:

— ئۇنچىلىك پەيزى قىلمىساڭ، بەك چىكىپ نىمە قىلىسەن؟ — دىيىشىپتۇ.

# ئامەتلىك بايۋەچچە

بۇرۇن ئاتىسىدىن تۇرغۇن مال-دۇنيا قالغان بىر بايۋەچچە بولغان ئىكەن. ئۇ كىچىكىدىنلا يەپ-ئىچىپ، خوشال-خورام ئويناپ-كۈلۈپ كۈن ئۆتكۈزۈشنى ئادەت قىلىۋالغاچقا، ئەيشى-ئىشرەتتىن باشقىنى ئويلىمايدىكەن. "قويۇڭ مىڭغا يەتكىچە، ئاغىنەڭ مىڭغا يەتسۇن" دەپ، ھەر كۈنى مېھمان چاقىرىپ، شەھەرنىڭ بىكار تەلەپلىرىنىڭ ۋاڭ-چۇڭلىرى ئىچىدە غەرق مەس بولۇپ، كۈن ئۆتكۈزىدىكەن، پۇل دىگەن سۇدەك ئاقىدىكەن.

"يەپ ياتساڭ تاغمۇ توشۇمايدۇ" دىگەندەك ھېچقانداق ئۇقەتنىڭ بېشىنى تۇتۇپ باقمىغان بايۋەچچىنىڭ ئەيشى-ئىشرىتى ئاتىسىدىن قالغان مال-دۇنيانى تېزلا خورىتىۋېتىپتۇ، ئاغىنىلىرىمۇ بىر-بىرلەپ ئازىيىشقا باشلاپتۇ. شۇنداق قىلىپ بىر كۈنلەرگە كەلگەندە ئۇنىڭ مال-دۇنياسى تەل-تۆكۈس تۈگەپتۇ. قالغان ئاغىنىلىرىمۇ كۆزدىن غايىپ بوپتۇ. بايۋەچچىنىڭ ئائىلىسىنى ئېغىر غۇربەتچىلىك بېسىپتۇ.

— ئاغىنىلىرىڭنى ئىزلەپ باقساڭ بوپتىكەن، — دەپتۇ ئايالى بايۋەچچىگە يالۋۇرۇپ، — شۇنچە كوپ تۇز-تەممىزنى يېگەندىكىن بىرەر نانغا بولسىمۇ ياراپ قالار.

بايۋەچچە ئاغىنىلىرىنى ئىزلەپ كورۇپتۇ، بىراق ھەممە دۇلياسىنى يەپ تۈگەتكەن بۇ ئەخمەق بايۋەچچىنىڭ يەپ قاچار ئاغىنىلىرى ئۇنى قەستەن تونۇماسقا سېپتۇ، بايۋەچچە ئامالسىز ئويان-بۇيان ئايلىنىپ، بىرەر ئىش تېپىپ ئىشلىمەك

www.uyghurkitap.com

چى بولۇپ، مەدىكارلار بازىرىغا بېرىپ تۇرۇپتۇ. مەدىكار ئالغۇچىلار كەلسىلا ئۇلارنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۆزىنى مەلۇم قىپتۇ. مەدىكار ئالغۇچىلار ئۇنىڭ سايىدا ئۆسكەن چېچەكتەك نۇرسىز چىرايىغا ۋە پاختىدەك ئاق ھەم يۇمشاق ئالقانلىرىغا قاراپ:

— سەن بۇ قوللىرىڭ بىلەن دوپپىغا گۈل تىكىشنى ئۆگەنسەڭ بولغۇدەك، — دېيىشىپ، ئۇنى كۈلكىگە قويۇپتۇ.

ماي ئىچىدىكى بورەكتەك ئەركىن ياىراپ ئۆسكەن بايۋەچچە ئۆزىنىڭ ئەخمەقلىق بىلەن قىلغان بەتخەجلىكلىرى تۈپەيلىدىن خورلىنىۋاتقانلىقىغا قاتتىق ئۆكۈنۈپ، ئىچىدە ئۆزىنى تىللاپتۇ-دە، مەدىكارلار بازىرىدىن ئۈمىت ئۈزۈپ، ئۆيىگە قاراپ مېڭىپتۇ. يولدا ئۇنىڭغا بىر رەمچى ئۇچراپ قاپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، ئۇ قېلىن كىتاۋنى ئېچىپ قويۇپ، رەم ئاچقۇزغۇچىلارغا خالىغانچە بىر نىمىلەرنى سوزلەپ قويۇپلا، ئۇلاردىن جىرىڭلاپ تۇرغان تەڭگىلەرنى ئېلىۋاتقۇدەك. بۇ ئىش بايۋەچچىنى قاتتىق قىزىقتۇرۇپتۇ. ئۇ كوڭلىدە "بۇ ئىشمۇ بولغۇدەك، قېنى بىر قىلىپ كورەي" دەپتۇ-دە، ئۆيىگە قاراپ يۈگۈرۈپتۇ.

بايۋەچچىنىڭ خىيالى خوتۇنىغىمۇ يېقىپ قاپتۇ. بىراق ئۇلاردا كىتاپ ئالغۇدەك پۇلمۇ يوق ئىكەن. ئۇيان ئويلىنىپ، بۇيان ئويلىنىپ، ئاخىرى ئۇلارنىڭ كوزى ئەڭ ئاخىرقى مۈلكى بولغان بىر پارچە ئاق كىگىزگە چۈشۈپتۇ. ئايال ئۇنى سېتىۋېتىشكە قىيمىسىمۇ، ھەر ھالدا دەسمى سالماي ئىش باشلاشقا بولمايدىغانلىقىغا كوزى يېتىپ، قاتلاپ ئېلىپ بايۋەچچىگە تۇتقۇزۇپتۇ. بايۋەچچە ئۇنى قولتۇغىغا قىستۇرۇۋېتىپ، بىردىنلا:

— توختا خوتۇن، بۇنى سېتىپ كىتاپ ئالىمىز، دەپ ئاۋارە بولغىچە مۇشۇنىڭ ئۆزىنىلا كىتاپ قىلىپ كورمەيمىزمۇ؟ — دەپتۇ-دە، ئۇنى قايچا بىلەن پارچىلاپ كىتاپ قىلىپ تىكىپتۇ،

ئاندىن لاخشىگىرلى قىزىتىپ، ئۇنىڭ بەتلىرىگە خەتكە ئوخشاي-
دىغان ئالمىقانداق شەكىللەرنى ئىمىر - چىمىر قىلىپ سىزىپ
چىقىپتۇ، شۇنداق قىلىپ كىتاپىمۇ پۈتۈپتۇ. بىراق بايۋەچچە يەنە
ئويلىنىپ قاپتۇ:

— مېنى شەھەر خەلقىنىڭ ھەممىسى تونۇيدۇ، — دەپتۇ
ئۇ خوتۇنىغا، — مۇشۇ ھالەتتە كوچىغا چىقسام، كىشىلەر مېنى
ساراڭ بولۇپ قاپتۇ، دېيىشەر.

— ئەمىسە قانداق قىلىمىز؟

— باشقا شەھەرگە كوچۇپ كېتەيلى.

شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئۆي - جايلىرىنى ئېلىشىغا سېتىپ-
ۋېتىپ، يىراق بىر شەھەرگە كوچۇپ بېرىپتۇ - دە، ئوبدان ئو-
رۇنلىشىۋېلىپ، ئۆز ھونىرىنى ئاشكارىلاش ئۈچۈن، ئايالىنىڭ
بىر پاي ھالقىسىنى ئۆيىنىڭ ئارقىسىغا بەلگە قويۇپ كومۇپ
قويۇپتۇ. بۇلارنىڭ ئۆيىگە بىرقانچە ئايال مېھمان يىغىلغان كۈ-
نى بايۋەچچىنىڭ ئايالى ئېرى بىلەن كېلىشىپ قويغىنى بو-
يىچە، بىر پاي ھالقىسىنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ.

— ياخشىراق ئىزلەپ باق، تېپىلىپ قالار، — دەپتۇ
بايۋەچچە.

— ئىزلەپ ئاۋارە بولغىچە، كىتاپلىرىڭغا قاراپ باقسىلا
بولمامدۇ؟ — دەپتۇ ئايالى. بايۋەچچە:

— ئۇنداق قىلساقمۇ بولىدۇ، بىراق بۇنىڭدىن كېيىن
ئۆزەڭگە پۇختا بول، مېنى ئاۋارە قىلىدىغان ئىشنى ئىككىنچى
قىلما، — دەپتۇ - دە، كىگىز كىتاۋىنى قولىغا ئاپتۇ. مېھمانلار
ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا تىكىلىپتۇ. بايۋەچچە كىگىز كىتاۋىدىكى
ئىمىر - چىمىر سىزىقلارغا سىنچىلاپ قارىغىنىچە كۈلۈمسىرەپ
تۇرۇپ:

— مانا دىمىدىممۇ، سەن خوتۇن ئۇنى ئەخلەت بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىللە ئۇينىڭ ئارقىسىغا توكۇۋېتىپسەن، دەرھال ئەخلەت دۆۋىسىنى ئاختۇر،— دەپتۇ.

ئايالى ئۇينىڭ ئارقىسىغا يۇگۇرۇپتۇ، باشقا ئاياللارمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن مېڭىپتۇ. ھالقا راست دىگەندەك ئەخلەت دۆۋىسى ئارىسىدىن چىقىپتۇ.

كوزنى يۇمۇپ - ئاچقىچىلا بولۇپ ئوتكەن بۇ ئىش، خوتۇنلارنىڭ ئاغزى ئارقىلىق خۇددى شۇنداق تېزلىك بىلەن شەھەرنىڭ ھەممە يەرلىرىگە تارقاپ كېتىپتۇ. بىرسى:

— شەھىرىمىزگە يېڭى كوچۇپ كەلگەن كىشى ئۇستا رەمچىكەن،— دىسە، يەنە بىرسى:

— ئۇنىڭدا ھېچكىمنىڭكىگە ئوخشمايدىغان خاسىيەتلىك كىتاپ بار ئىكەن،— دەيدىكەن.

ئەنە شۇ چاغلاردا ئىشىكىنى يۇتىتۇرۇپ قويۇپ، ھەممە يەرنى ئاختۇرۇپ تاپالماي يۇرگەن بىر كىشى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپلا دەرھال رەم ئاچۇرۇشقا كەپتۇ. بايۇەچچە كىگىز كىتاۋىنىڭ داغلانغان بەتلىرىگە بىر ھازا تىكىلگەنىدىن كېيىن، ئىشەك يۇتتۇرگەن كىشىگە قاراپ:

— سىز سۇرگە دوردىسى ئىچىسىڭىز بولغۇدەك،— دەپتۇ.

تۇلۇمدىن توخىماق چىققانىدەك بۇ گەپ، ئىشەك يۇتتۇرگەن كىشىنى قاتتىق چوچۇتىۋېتىپتۇ:

— سىز ساراڭمۇ، ئۇكمۇ؟— دەپتۇ ئۇ كىشى تېرىكىپ،— مەن ئىشەك توغرىلىق رەم ئاچقۇزۇۋاتىمەن، سىز بولسىڭىز......

— كىتاپتىن شۇنداق چىقىپ قالدى،— دەپتۇ بايۇەچچە دۇدۇقلاپ،— مەندە نىمە ئامال.

ئىشەك يۇتتۇرگەن كىشى:

— سىز ھەقىقەتەنمۇ ئېلىشىپ قالغان كىشى ئىكەنسىز،

سىزلى ئىزلىگەن مەنمۇ ئەخمەق، — دەپتۇ - دە، ئىشىكنى يېپىپ چىقىپ كېتىپتۇ.

— مانا رەسۋاچىلىق، — دەپتۇ بايۋەچچىنىڭ خوتۇنى تېرىكىپ، — سىزنىڭ ساراڭلىقىڭىزنى ئەتىلا ئۇ پۈتۈن شەھەرگە يېيىپ بولىدۇ. ئەمدىكى كىشىلەر سىزگە رەم ئاچقۇزۇش ئۈچۈن ئەمەس، بىزنى شەھەردىن قوغلاپ چىقىرىشقا كېلىدۇ. ئادەم دېگەن شۇنداقمۇ ئەخمەق بولغان بارمۇ؟

بايۋەچچىنىڭ ئايالى ئەلەمگە چىدىماي يىغلىۋېتىپتۇ. بايۋەچچە ئۆزىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئويلىماي گەپ قىلىپ قويغانلىقىغا ئۆكۈنۈپ: "بۇ يەرنىڭ خەلقى راستىنلا بىزنى قوغلىۋېتەرمۇ؟" دېگەن دەككە - دۈككە ئىچىدە تاڭ ئاتقىچە ئۇخلىيالماپتۇ. تاڭ ئېتىپتۇ، ئۇلار ئورۇنلىرىدىن يېڭىلا تۇرۇشىغا ئىشىكى قېقىلىپتۇ. بايۋەچچە: "مانا ئەمدى كورگۈلۈكىمىزنى كورىدىغان بولدۇق" دېگىنىچە ئالاقزادە بولۇپ ئىشىكنى ئېچىپتۇ - دە، ئالدىدا كۈلۈمسىرەپ تۇرغان ئىشەك يۈتتۈرگەن كىشىنى كورۈپ تېخىمۇ تەمتىرەپ كېتىپ، ئىشىكنى يېپىۋاپتۇ.

— رەمچى ئۇستام، — دەپتۇ ئىشەك يۈتتۈرگەن كىشى، — خاپا بولمىسىلا، سىلى ھەقىقەتەنمۇ ئەۋلىيا ئىكەنلا. مەن سىلىنى ئورۇنسىز رەنجىتكەنلىكىم ئۈچۈن ئەپۇ سوراپ كەلدىم، ئىشىكنى ئاچسىلا.

— يالغان ئېيتما، — دەپتۇ بايۋەچچە ئىشىكنىڭ تۇتقۇچىنى قاتتىق تارتىپ تۇرۇپ، — سەن مېنىڭ تېرەمنى شىلماقچى.

ئىشىكنىڭ سىرتىدىن ئىشەك ساتقۇچىنىڭ قاقاقلاپ كۈلگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ:

— سىلى بەكمۇ قىزىقچى ئىكەنلا، قىزىقچىلىقىنى ھەممىلا ئىشقا ئارىلاشتۇرىدىكەنلا، ئىشىكىمنىمۇ شۇ يول بىلەن تېپىپ بەردىلە. مەن ئەخمەقلىق قىلىپ سۈرگە دورىسى ئىچمەي قويغان

بولسام، ئەسلا تاپالماسكەنمەن. رەھمەت سىلىگە. چاقچاق قىلـ
ماي، ئىشىكنى ئاچسىلا.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ بايۋەچچىنىڭ قولـلىرى ئىشىك تۇتقۇـ
چىدىن ئىختىيارسىز بوشاپ كېتىپتۇ. ئىشەك يۇتتۇرگەن كىشى
ئۆيگە كىرىش بىلەنلا بايۋەچچىگە ئېگىلىپ، تازىم قىلغىنىچە
يانچۇغىدىن پارقىراپ تۇرغان كۈمۈش تەڭگىلەرنى ئېلىپ، ھاڭ ـ
تاڭ بولۇپ تۇرغان بايۋەچچىنىڭ ئالقىنىغا تۇتقۇزۇپ، قايتا ـ
قايتا رەھمەت ئېيتىپ، كەچكە ئۆز ئۆيىگە مېھمانغا چىللاپ قو-
يۇپ چىقىپ كېتىپتۇ. بايۋەچچە ھاڭ ـ تاڭ بولغىنىچە تۇرۇۋېرىپلا
قاپتۇ. ئەھۋال ئەسلى مۇنداق بولغان ئىكەن:

ئىشەك يۇتتۇرگەن كىشى بايۋەچچىنىڭ كىناپىسىغا قاراپ
بەرگەن جاۋابىنى ئاڭلاپ قاتتىق تېرىكىپ كېتىۋاتقىنىدا، يول-
دا بىر دوستى بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ، دوستى ئۇنىڭ ئەھۋا-
لىنى ئۇقۇپ: "سۇرگە دورىسى ئىچ دېگەن بولسا، ئىچىپ باق-
مامسەن، ئىشىكىڭ تېپىلمىغان تەقدىردىمۇ، ساڭا ئۇشۇقچە زىيىنى
يوققۇ" دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ، ئىشەك يۇتتۇرگەن كىشى بۇنىڭغا
كونۇپ، ئۆيىگە بېرىپ سۇرگە دورىسى ئىچىپتۇ ـ دە، يەنە ئى-
شىكىنى ئىزلەشكە مېڭىپتۇ، ئۇ بىر ئەسكى توت تامنىڭ يېنىغا
كەلگەندە قوسىقى تازا تولغاپ ئاغرىشقا باشلاپتۇ، ئۇ ئالدى-
راپ ـ تېنەپ ئەسكى توت تامنىڭ ئىچىگە كىرسە، ئىشىكى
شۇ يەردە تويلىنىپ قالغان سولاردىن پەيدا بولغان كىچىككىنە
لاي ئورىگە پېتىپ قېلىپ چىقالماي ياتقان ئىكەن......

ئىشەك يۇتتۇرگەن كىشىنىڭ بايۋەچچىگە: "سىلى قىزىقچى-
لىقنى ھەممىلا ئىشقا ئارىلاشتۇرىدىكەنلا" دېگەن سوزىنىڭ مە-
نىسىمۇ ئەنە شۇ ئىكەن.

بايۋەچچە ئۆزىنىڭ ئويلىماي ئېيتقان سوزىنىڭ ئويلىمىغان
نەتىجىگە ئېرىشىپ قالغانلىقىدىن ئىنتايىن خوش بولۇپ كېتىپ

تۇ، ئاپاسىمۇ خوشاللىقىدىن ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قاپتۇ.

بايۋەچچە شۇ كۈنى كەچقۇرۇن ئىشەك يۈتتۈرگەن كىشىنىڭ قايتا - قايتا تەكلىپ قىلىشى بىلەن ئۇنىڭ ئۆيىگە مېھمانغا بېرىپتۇ، بۇ چاغدا يۇرت كاتتىۋاشلىرى ئۇنىڭ ئۆيىگە تولۇق يىغىلىپ، "رەمچى"گە تۆردىن ئورۇن قالدۇرۇپ، ئۇنى كۈتۈپ ئولتۇرۇشقان ئىكەن، بايۋەچچە ئۆيگە كىرىشى بىلەن ھەممە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، ئۇنى تۆرگە تەكلىپ قىپتۇ، بايۋەچچە ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن قانداقتۇر بىر سىناش نەزىرىنى سەزگەندەك بولۇپ، بۇ يەرگە كەلگەنلىكىگە قاتتىق ئۆكۈنۈپتۇ ۋە: "تۆرگە چىقىپ سەتچىلىككە قالغاندىن كۆرە، قېچىپ كېتىشكە ئاسان بولۇش ئۈچۈن، پەگادىلا ئولتۇرمايمەنمۇ" دەپ ئويلاپ:

— رەھمەت، "پاقا سەكرەپ، سەكرەپ ئورنىغا چۈشەر" دېگەندەك، تۆرگە چىقىشىمدىن كۆرە، پەگادا تۇرغىنىم ياخشىدەك قىلىدۇ،— دەپ ساپتۇ. شۇئان ھەممە: "ۋاي، تاپتى، تاپتى..." دەپ چۇقان كۆتىرىشىپ "رەمچى"گە قالدۇرۇلغان تۆردىكى كىگىزنى قايرىپ ئاستىدىن يوغان بىر پاقىنى ئېلىپ، تالاغا ئەپچىقىپ تاشلىۋېتىپتۇ. ئەسلىدە ئۇلار شەھەرگە كېلەر - كەلمەي داڭ چىقارغان بۇ "ئەۋلىيا رەمچى"نى سىناپ كۆرمەكچى بولۇپ، ئەتەي شۇنداق ئورۇنلاشتۇرغان ئىكەن. "رەمچى"نىڭ ئۇنى دەرھال "تېپىۋېلىشى" ئۇلارنى ھەقىقەتەنمۇ قايىل قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ "رەمچى"نىڭ شۆھرىتى تېخىمۇ ئېشىپ، ئۇنىڭ داڭقى بۇ شەھەرنىڭ پادىشاسىغىمۇ بېرىپ يېتىپتۇ. شۇ چاغلاردا ئۇنىڭ ياخشى كۆرىدىغان بىر ئۈزۈكى يوقاپ كەتكەن ئىكەن. بۇ پادىشاغا نىسبەتەن ئانچە چوڭ يوقىتىش ھېسابلانمىسىمۇ، بىراق پادىشا ئوردىدا ئوغرى پەيدا بولۇپ قالدىمىكىن، دەپ ئەنسىرەپ، بۇنى قاتتىق سۈرۈشتە قىپتۇ ۋە "تېپىپ

ئالغۇچىلار ياكى ئوغرىلاپ ئالغۇچىلار بولسىمۇ، ئۈچ كۈن ئىچىدە تاپشۇرۇپ بەرسە، كەچۈرۈم قىلىنىدۇ، مۇبادا ئۈچ كۈن ئىچىدە تاپشۇرۇپ بەرمەي، كېيىن سېزىلىپ قالسا، كاللىسى ئېلىنىدۇ» دەپ ئېلان قىپتۇ. بىراق ئۇنىڭ ئېلانىنى جاۋاپسىز قاپتۇ. شۇڭا ئۇ رەمچى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلاپ، خوش بولۇپ كېتىپ، ئۇ ئارقىلىق ئۈزۈك ئوغرىلىغۇچىنى تېپىپ چىقىپ باشقىلارغا ئىبرەت قىلىش يۈزىسىدىن قاتتىق جازالاشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ - دە، چاپارمەنلىرىگە رەمچىنى دەرھال چاقىرىپ كېلىشكە پەرمان بېرىپتۇ. چاپارمەنلەر «رەمچى» نى دەرھال ئېلىپ كەپتۇ. «ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك - پوك» دىگەندەك بۇ «رەمچى» ئۆزىنى تۇتۇشقا ھەر قانچە تىرىشسىمۇ، پۇت - قولى تىترەشكە باشلاپتۇ. پادىشا ئۇنىڭغا قاراپ:

— ئۈزۈك ئوردا ئىچىدە يۈتتى، ئەگەر سەن رەمچى قىياپىتىگە كىرىۋالغان ئالدامچى بولمىساڭلا، دەرھال تاپالايسەن، تاپالمىساڭ، بۇ يەردىن تىرىك چىقىپ كېتىمەن دەپ خىيال قىلما، قانداق، پال سېلىپ كۆرۈپ باقامسەن،— دەپتۇ.

— بېشىم بىلەن،— دەپتۇ بايۋەچچە ئۆزىنى تەسلىكتە بېسىپ،— بىراق بۇ ئىش خېلى چىگىشتەك قىلىپ تۇرىدۇ، شۇڭا مېنىڭ كىتاپ كۆرۈپ توغرا ھۆكۈم چىقىرىشىم ئۈچۈن ئۈچ كۈنلۈك سۈرۈك بېرىشكە بولامدىكىن؟

بايۋەچچە بۇ سوزنى ئېيتىشتا، قاراپ تۇرۇپ ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگەنىدىن كورە غىپلا قىلىپ باشقا شەھەرگە قېچىپ كېتىش پۇرسىتىنى يارىتىشنى كوزدە تۇتقان ئىدى، پادىشا خۇددى ئۇنىڭ كوڭلىدىكىنى بىلىۋالغاندەك:

— بولىدۇ، بىراق ئوردىدىن چىقىپ كەتمەيسەن، مەن سېنى مەخسۇس ئۆي، مەخسۇس تاماق بىلەن تەمىنلەيمەن، ئۈچىنچى كۈنى ئەتىگەندە كورۈشىمىز،— دەپ سوزىنى تۈگە-

شىپتۇ، ئەمدى بايۋەچچىگە مەخسۇس ئۆيگە سولىنىۋېلىپ، ئۆلۈم-
نى كۈتۈپ يېتىشتىن باشقا يول قالماپتۇ. بىر كۈن ئۆتۈپتۇ،
ئىككى كۈن ئۆتۈپتۇ، ئەمدى تاڭ ئاتسىلا پادىشا ئۇنى ئالدىغا
چاقىرتىدۇ، ئۇنىڭ رەڭچى قىياپىتىگە كىرىۋالىغان ئالدامچى-
لىكەنلىكى سېزىلىدۇ، پادىشا ئۇنى كەچۈرمەيدۇ، ياكى كاللىسى-
نى ئالىدۇ، ياكى دارغا ئاستۇرىدۇ.

بايۋەچچە ئويلىغانسېرى قاتتىق ۋەھىمىگە چۈشۈپ، خۇدد-
نى يوقىتىشقا باشلاپتۇ، ئاخىرى ئۇ پادىشانىڭ ئالدىدا سوراققا
تارتىلىپ، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغاندىن كۆرە ئۆزىنى - ئۆزى
ئۆلتۈرۈۋېلىش قارارىغا كەپتۇ - دە، قاراڭغۇ چۈشۈپ، ئەل ئا-
يىغى بېسىلىشى بىلەن ئىشىك، تۈڭلۈكنى مەھكەم تاقاپ، ئېسى-
لىپ ئۆلۈۋېلىش ئۈچۈن ئۆزىگە سىرتماق سالپتۇ، بىراق ئۆزىنى
بىراقلا تاشلاشقا جۈرئەت قىلالماي، ئاغامچىنى بويىنىغا سېلىپ
تۇرۇپ، ئۇنى قولى بىلەن ئاستا چىڭىتىپتۇ - دە، «چىق جان،
چىق جان» دەپ ئىلتىجا قىلىشقا باشلاپتۇ. دەل شۇ چاغدا ئى-
شىك قېقىلىپ، نالە قىلغان ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. بايۋەچچە قۇلاق
سالغۇدەك بولسا، ئىشىك ئالدىدا بىرسى: «مەن سىلىدىن ئۆتۈ-
نەي، ئۆلۈغ ئەۋلىيا غوجام، بىر نوۋەت ئەپۇ قىلىۋەتسىلە» دە-
ۋاتقۇدەك. بايۋەچچە ھەيران بولۇپ، ئاغامچىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ
قويۇپ ئىشىكنى ئاچقان ئىكەن، بىر كىشى ھۆكرەپ يىغلىغىنىچە
بايۋەچچىنىڭ ئايىغىغا ئۆزىنى تاشلاپتۇ.

— سىز كىم بولىسىز؟ — دەپتۇ بايۋەچچە ئۈچكەن ئۇ-
مىت شامىنىڭ قايتا يىلدىرلاپ يېنىشقا باشلىغانلىقىنى سېزىپ يۈ-
رىكى ئويىنىغان ھالدا.

— مەن پادىشانىڭ ساراي خىزمەتچىسى، كۈزۈن يىللار-
دىن بېرى پادىشاغا سادىق بولۇپ ئىشلەۋاتقان ئىدىم، يېقىندا
قايسى شەيتان ئازدۇردىكىن، سارايدا پادىشانىڭ كۈزۈكىنى

ئۈچرىتىپ قېلىپ، يوشۇرۇۋالسىدىم، كېيىن بېرىۋېتىشىنىمۇ ئويى- لىمىغان ئىدىم، بىراق پادىشا داۋراڭ قىلىپ قالدى، بۇنىداق ئەھۋالدا ئۇنى قايتۇرسام، پادىشا مېنىڭ سادىقلىقىمدىن گۇمان- لىنىدۇ، ھەتتا دارغا بۇيرۇشتىنمۇ يالتايمايدۇ.

ساراي خادىمى شۇ سۆزلەرنى ئېيتىپ بايۋەچچىنىڭ ئال- دىدا يەنە تىزلىنىپتۇ. بايىلا ئولۇۋېلىش كويىدا ئەس - ھو- شىنى يوقاتقان بايۋەچچە ئۆز تەقدىرىنىڭ شۇنچىلىك تېزلىكتە ئۆزگەرگەنلىكىگە ھەيران بولۇپ، ئاجايىپ سۆيۈنۈپ كېتىپتۇ ھەمدە ساراي خادىمىنىڭ ئۆزىنى ئاشكارىلىماقچى بولغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى تولۇقراق ئۇقماقچى بوپتۇ.

— ئەمدى ئۆزىڭىزنى نېمە ئۈچۈن ئاقلىماقچى بولدىڭىز؟

— مەن سىلىنى ئىككى كۈندىن بۇيان ھەر كۈنى كېچە- سى كۈزىتىۋاتىمەن، بىراق سىلىدىن ھېچقانداق شەپە چىقمىدى. مەن كۆڭلۈمدە: "بۇمۇ چاغلىق رەھچى بولسا كېرەك، كىشىلەرنى قاقتى - سوقتى قىلىپ ئۈگىنىپ قالغان" دەپ ئويلىدىم. بىراق كۆڭلۈم زادىلا ئەمىن تاپمىدى، بۈگۈن يەنە كەلدىم، ئاڭلىغۇ- دەك بولسام، مېنىڭ ئىسمىمنى ئۆزلۈكسىز تەكرارلاۋاتىدىلا، يەنىلا تىڭشىسام، يەنە شۇ "شەيخجان... شەيخجان..." ئاخىرى پۈت - قولۇمدا جان قالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىنىڭ پانالىرىغا ئۆزەمنى ئېتىپ كىردىم.

بايۋەچچە ئۆز تەقدىرىنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنچىلىك تېز ئۆزگەرگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى تولۇق چۈشىنىپ يېتىپتۇ، ئۇ، ئۇ- يان ئويلىنىپ، بۇيان ئويلىنىپ، قانداقلا بولمىسۇن ئۆزىنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇشقا سەۋەبچى بولغان بۇ كىشىنىمۇ قۇتقۇزۇپ قېلىشنىڭ چارىسىنى ئىزلەشكە كىرىشىپتۇ. ئاخىرى چارىمۇ تې- پىلىپتۇ. ساراي خادىمى بۇ چارىنىڭ ئۇتۇقلۇق بولىدىغانلىقىدىن كۆڭلى تىنىپ، ئۆزىگە تېگىشلىك ۋەزىپىنى ئادا قىلىشقا خو-

شال ـ خورام چىقىپ كېتىپتۇ. بايۋەچچىمۇ ھەقىقى بايۋەچچىلەر-
گە خاس خاتىرجەملىك بىلەن ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.
تاڭ ئېتىپتۇ، بايۋەچچە تېزلىك بىلەن كىيىنىپ، ئەتىگەن-
لىك تاماقنى ئىشتىھا بىلەن يەپ، كىگىز كىتاۋىنى قولتۇقىغا
قىستۇرۇپ، مەغرۇر قەدەم تاشلاپ پادىشانىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ.
— قۇدرەتلىك شاھىم، — دەپتۇ ئۇ سالام بېجا كەلتۇر-
گەندىن كېيىن، — پېقىرلىرى تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىنى ئادا قىلىپ
ئالدىلىرىغا كەلدى.
— ناھايىتى ياخشى، — دەپتۇ شاھ ئۇنىڭغا خوشاللىق
بىلەن نەزەر تاشلاپ، — قېنى بايان قىلىڭ.
— كىتاپنىڭ ئىزھار قىلىشىچە ئۇزۇك ئوغرىلانمىغان،
ياكى يوتمىگەن.
— ھە، بۇ، نىمە دىگىنىڭىز؟ — دەپتۇ شاھ قاشلىرىنى
يىمىرىپ.
— ئۇنى غازلىرىڭىزدىن بىرى دانىغا ئارىلاشتۇرۇپ
يەۋالغان.
— مەيلى، شۇنداقمۇ دەيلى، — دەپتۇ پادىشا ئىشەنگۈ-
سى كەلمەي، — سىز شۇ غازنى تاپالامسىز؟
— ئەلۋەتتە تاپقىلى بولىدۇ، — دەپتۇ "رەمچى" ئۆزىنى
خاتىرجەم تۇتۇپ، — بۇنىڭ ئۈچۈن غازلارنى بىر ـ بىرلەپ
كوزىدىن كەچۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.
— بولىدۇ، — دەپتۇ شاھ يەنىلا ئىشەنمىگەن قىياپەتتە
خۇددى تەنە قىلغاندەك، — قېنى غازلار رەمچىنىڭ ئالدىغا
كەلتۈرۈلسۇن.
غازلار كەلتۈرۈلۈپتۇ، "رەمچى" بىر كىتاپقا، بىر غازنىڭ
كوزى ۋە قانات ـ قۇيرۇقلىرىغا قاراپ، ئالدىدىن بىر ـ بىر-
لەپ ئوتكۈزۈشكە باشلاپتۇ. غازلارنىڭ كوپ قىسمى ئوتۇپ

بوپتۇ، ئۇزۇكنى "يەۋالغان" غاز تېخىچە كورۈنمەپتۇ. پادىشانىڭ تاقىتى تاق بولۇشقا باشلاپتۇ، بايۋەچچىمۇ جىددىيلىشىپ قاپتۇ: "ئەگەر بۇ ئىش بېجىرىلمىگەن بولسا..." بايۋەچچىنىڭ دەر گۇمان بولغان كوزلىرى كىشىلەر ئارىسىدىكى ساراي خادىمىغا تىكىلىپتۇ، ساراي خادىمى ناھايىتى خاتىرجەم كورۈنۈپتۇ، دېمەك ئىش بېجىرىلگەن. بايۋەچچە يەنە بىرقانچە غازنى ئالدىدىن ئوتكۈزۈپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىمۇ ئۇزۇك "يەۋالغان" غاز كورۈنمەپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئوتكۈزە - ئوتكۈزە ئەڭ ئاخىرقى غازغا كەلگەندە ئۇنىڭ نۇرسىزلىنىپ كەتكەن كوزىگە قاراپلا ئۇنىڭ ئۇزۇك "يەۋالغان" غازنىڭ دەل ئوزى ئىكەنلىكىنى بىلىۋاپتۇ. دەر ھەقىقەت ساراي خادىمى بىلەن كېلىشكىنى بويىچە ئۇنىڭ قانىتىدىن بىر پەي بەلگە ئۇچۇن سۇندۇرۇلغان. بايۋەچچە ئۇنى پادىشاغا شەرەت قىلىپ:

— بىز ئىزلىگەن غاز مانا مۇشۇ، — دەپتۇ. پادىشا غازنى سويۇشقا بۇيرۇپتۇ، غاز سويۇلۇپتۇ، ئۇزۇك ئۇنىڭ يەملىكىدىن چىقىپتۇ. بۇنى كورگەن پادىشانىڭ چىرايى نۇرلىنىپ، "رەمچى"نىڭ ئەۋلىيالىقىغا ناھايىتى قايىل بوپتۇ ۋە ئۇنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي، ئۇنى ئوزىگە مەسلىھەتچى قىلىپ ئوردىدا ئېلىپ قاپتۇ.

بەتتخەجلىكى تۇپەيلىدىن مال - دۇنياسىدىن ئايرىلىپ، بىر پارچە نانغىمۇ زار بولۇپ قالغان بايۋەچچە ئەنە شۇ كۈندىن باشلاپ، ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ، بىراق غەم - ئەندىشىدىن خالى بولالماپتۇ، ئۇ، قاچاندۇ بىر كۈنى ئوزىنىڭ ساختا قىياپىتىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ يۈرۈدىكەن. ھەتتا چۈشىدىمۇ موكدەرەپ تۇرۇپ كېتىدىغان ھالەتكە كېلىپ قاپتۇ. ئەنە شۇ كۈنلەردە پادىشا ئۇنى تۇيۇقسىز ئالدىغا چاقىرىپتۇ. ئەسلىدە بۇرۇندىن تارتىپ، بۇ پادىشالىقنى

بوزەك قىلىپ كېلىۋاتقان خوشنا پادىشالىق يەنىلا بوزەك قىلىش يۈزىسىدىن بۇ پادىشالىققا لەشكەر تارتىپ كېلىۋاتقان ئىكەن. بۇنىڭدىن قاتتىق ھودۇققان پادىشا "قارشى تۇرۇش كېرەكمۇ، ياكى تىز پۈكۈپ، ئۇلارنىڭ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ كېتىشىگە يول قويۇش كېرەكمۇ؟" دېگەن مەسىلە ئۈستىدە "رەمچى" دىن مەسلىھەت سورىماقچى ئىكەن، "رەمچى" ئەھۋالنى ئاڭلاپ، ئۆزىنىڭ بەربىر بىر كۈنى ئاشكارىلىنىپ رەسۋا بولىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ: "ئىككى تەرەپنى ئۇرۇشقا سېلىپ قويۇپ، پاتىپاراقچىلىقتىن پايدىلىنىپ قېچىپ كەتمەيمۇ" دېگەن خىيالدا، كىگىز كىتاۋىنى ۋاراقلاپ تۇرۇپ پادىشاغا:

— كىتاپىمنىڭ ھوكۇم قىلىشىچە، غەلىبە بىز تەرەپتە تۇرۇپتۇ، ئەلۋەتتە قارشى جەڭ قىلىشىمىز كېرەك، — دەپتۇ.

— ئەمىسە جەڭگە سىز قوماندانلىق قىلىڭ، — دەپتۇ پادىشا "رەمچى" نىڭ سوزىگە ماقۇل بولۇپ، — بىز ئارقا سەپتە تۇرۇپ، سىزگە ياردەملىشىمىز.

بايۋەچچە پادىشانىڭ بۇيرۇغىنى رەت قىلالماپتۇ. ئۇ دەرھال لەشكەر باشلىقلىرىنى يىغىپ، باستۇرۇپ كېلىۋاتقان دۈشمەنگە قارشى قايىنارما جەڭ قىلغۇچى قوشۇننى تەقمۇ - تەق قىلىپ قويۇپ، ئالدىراپ ئۆيگە كەپتۇ، ئەسلىدە ئۇ ئۆيىدىن تالاغا چىقماي ئۆز ئۆمرىنى ئەيشى - ئىشرەت بىلەنلا ئۆتكۈزۈپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئات مىنىشنىمۇ بىلمەيدىكەن، شۇڭا ئۇ ئايالىغا بىر قازان يار يېلىم قايناتقۇزۇپ، ئۇنى ئۆزىگە توقۇلغان ئاتنىڭ ئىگىرىگە راسا سۈركەپتۇ - دە، ئۈستىگە چىقىپ مىنىۋاپتۇ، يار يېلىم دەرھاللا قېتىپ، ئۇنى ئىگەر بىلەن مەھكەم بىرلەشتۈرۈۋاپتۇ. ئۇ قوشۇننىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇرۇش باشلاشقا بۇيرۇق بېرىپتۇ. شۇئان ناغرا - كانايلار چېلىنىپ، نەچچە مىڭلىغان ئاتلار شىددەت بىلەن ئالغا ئاتلىنىپتۇ، ھايۋەچچە مىنگەن

ئات جەڭ ۋە بەدىگە كورگەن، ئەڭ يۈگۈرۈك ئاتلاردىن بولغاچقا،
باشقا ئاتلاردىن يول تالىشىپ، ھەممىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپتۇ-دە،
كېلىۋاتقان دۈشمەن توپىغا قاراپ ئوقتەك ئېتىلىپتۇ. قورقىنىدىن
گاللاقزادە بولۇپ كەتكەن بايۋەچچە كەينىگە ياناي دېسە ئاتنىڭ
ئېزگىنىنى باشقۇرالماپتۇ، ئۆزىنى يەرگە تاشلاي دېسە، ئېگەر-
دىن ئاجرىيالماپتۇ. ئات بولسا، دۈشمەنگە قارشى چېپىۋېرىپتۇ.
ئۆز قوماندانىنىڭ بۇ "قەھرىمان"لىقى قوشۇننى ئېچىمۇ روھلان-
دۇرۇۋېتىپتۇ. ھەممە قوماندانغا ئەگىشىپ، قىقاس-چوقان بىلەن
ئالغا ئىلگىرىلەۋېرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ بايۋەچچىنىڭ ئېتى دۈش-
مەن قوشۇنى بىلەن ئۇچرىشىشقا ئازلا قاپتۇ. ئۇ، كوز يۇمۇپ-
ئاچقۇچە يۈز بېرىدىغان قاتتىق توقۇنۇشتىن خۇدىنى يوقىتىپ
كېتىۋاتقىنىدا، ئېتى بىر يانغا ئېگىلىپ ئۆسكەن بىر توغراقنىڭ
ئاستىدىن ئۆتۈپ قاپتۇ. بايۋەچچە ئاتتىن ئاجرىۋېلىش ئۈچۈن
تېزلىك بىلەن توغراقنى قۇچاقلاپتۇ، كىم بىلسۇن تېگى پورلىشىپ
قاخشال بولۇپ قالغان بۇ توغراق شۇئان قاراسلاپ سۇنۇپ ئې-
گەرنىڭ ئالدىغا چۈشۈپتۇ، ئات بولسا، يۇلقۇنۇپ توغراقنى
سۆرىگەن پېتى دۈشمەن لەشكەرلىرىنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كېتىپ-
تۇ-دە، لەپچە ئۇنىلىغان دۈشمەن لەشكەرلىرى توغراق
پۇتاقلىرىغا ئۇرۇلۇپ ھالاك بوپتۇ، قالغانلىرى يوغان بىر توپ
توغراقنى يۇلۇۋېلىپ باستۇرۇپ كېلىۋاتقان بۇ مىسلى كورۇلمە-
گەن "باتۇر"غا دۈچ كېلىشتىن قورقۇپ ئارقىسىغا يېنىپ قې-
چىپتۇ. بايۋەچچىنىڭ لەشكەرلىرى قاچقانلارنى قوغلاپ يۈرۈپ
قىرىشقا باشلاپتۇ. شۇ ئەسنادا بايۋەچچىنىڭ ئېتى چوڭ بىر
سۇغا دۈچ كېلىپ، ئېقىننى يېرىپ ئۈزۈپ ئۆتۈپتۇ. شۇنىڭ بى-
لەن ئېگەرگە يېپىشتۇرۇلغان يار يېلىمۇ ئېرىپ، بايۋەچچىمۇ
ئېگەردىن ئاجراپتۇ. ئۇ ئاتتىن چۈشۈپ كىيىملىرىنى يۇيۇپ قۇ-
رۇتۇپتۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭ بىرمۇ ئادەم چىقىم قىلماي دۈشمەن

ئۈستىدىن تولۇق غەلىبە قىلغان قوشۇنى يېتىپ كېلىپ، ئۇنى چۇرىدىگەن ھالىدا خوشال - خورام شەھەرگە قايتىپتۇ. بۇنىڭدىن خوشاللانغان پادىشا بايۋەچچىگە ئۆز تەختىنىڭ يېنىدىن ئورۇن بېرىپ، ئۇنىڭ شەرىپىگە 4 كېچە - كۈندۈز زىياپەت ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ ۋە ئۇنى "ئەۋلىيا رەنچى، چاقماق سەركەردە" دەپ ئاتاپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇنىڭ ئاشۇ نامى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىنى بەكمۇ زىل - زىلىگە سېلىۋەتكەچكە، ئۇنىڭ قايتا كىگىز كىتاۋىنى قولغا ئېلىشقا ياكى جەڭ ئېتىغا مىنىپ سەركەردىلىك قىلىشقا تېگىشلىك ھېچقانداق ۋەقە چىقمىغانمىش، شۇڭا ئۇ ئاخىرقى ئۆمرىنى ئوردا ئىچىدە خوشال - خورام ئۆتكۈزگەنمىش.

## شاھزادە توغلۇق

بۇرۇنقى زاماندا شەمسى دىگەن بىر پادىشانىڭ توغلۇق ئىسىملىك بىر ئوغلى بولغان ئىكەن. پادىشا ئۇنىڭ ساغلام ئوسۇپ، كوپ تەرەپلىمە كامالەت تېپىشى ئۈچۈن، ئوردىدا مەخسۇس مۇددەرىس تەكلىپ قىلىپ، ئۇنى 7 يېشىدىن باشلاپلا ئوقۇتۇشقا باشلاپتۇ. توغلۇق ئوزىنىڭ زىرەكلىكى، ھارماي - تالماي ئوگىنىدىغان مەردانىلىغى بىلەن ئۇستازىنىڭ ئوگەتكەنلىرىنى تولۇق ئىگەللەپ، 15 يېشىدىلا ھەرقايسى پەنلەردىن خېلىلا يۇقۇرى مەلۇماتقا ئىگە ئۇستا قىلىچۋاز، ماھىر مەرگەن ۋە چەبدەس چەۋەنداز بولۇپ يېتىلىپتۇ. پادىشا ئوز ئوغلىنىڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا شۇنچىلىك كوپ نەتىجىلەرگە ئېرىشكەنلىگىدىن ئىنتايىن مەمنۇن بولۇپ، ئۇنىڭ نامىدا چوڭ بىر چارباغ ياسىتىپ، ئۇنى دۇنيادا كەم ئۇچرايدىغان ھەر خىل ھايۋاناتلار بىلەنمۇ تولدۇرۇشنى پىلانلاپتۇ. باغ ياسىلىپ كوپ ئوتمەي كەم ئۇچرايدىغان ھايۋاناتلارنى تۇپلاش ئۈچۈن تاغ ۋە چوللەرگە نۇرغۇنلىغان چاپارمەنلەر ئاتلاندۇرۇلۇپتۇ. بىراق خېلى ئۇزاق ۋاقىتلارغىچىمۇ پادىشانىڭ دىققىتىگە سازاۋەر بولغۇدەك بىرەر غەيرى ھايۋانات كەلتۇرۇلمەپتۇ. پادىشانىڭ تاقىتى تاق بولۇپ، ئاخىرى ئوز ۋەزىرىنى يولغا ساپتۇ. ۋەزىر بىرقانچە نەۋكەرلىرى بىلەن ماڭا - ماڭا يېرىم كېچە بىلەن تاغ ئىچىگە كىرىپ بېرىپتۇ - دە، كەڭ جىلغىدىكى يېيىلىپ ئاقىدىغان بىر دەريانىڭ بويىدا تۇنىمەكچى بوپتۇ. يۈك-تاقلار چۈشۈرۈلۈپتۇ، نوۋكەرلەر تاماق تەييارلىغىلى كىرىشىپتۇ. شۇ ئەسنادا ۋەزىر ئىككى نوۋكىرىنى ئەگەشتۇرۇپ دەريا

بويىنى ئايلىنىپ كېلىش ئۈچۈن يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار كېتىۋاتقاندا ئۇشتۇمتۇتلا ئالدىدىكى ئارالدىن يوروۇقلۇق كوتىرىلىپ، هەسەن - هۈسەن رەڭگىدىكى هەر خىل نۇرلار ئەتراپقا جۇلالىنىشقا باشلاپتۇ. ۋەزىر بۇنىڭدىن ئىنتايىن هەيران بولۇپ، نۇر چىپچىلىۋاتقان ئارالغا يېقىنلىشىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، ئارالدا بىر هەيۋەت يىلان ئۇخلاۋاتقۇدەك، نۇر ئەنە شۇنىڭدىن چىپچىلىۋاتقان ئىكەن. ۋەزىر كەم ئۇچرايدىغان هايۋاناتلار ئىچىدىمۇ كەم ئۇچرايدىغان بۇ مەخلۇقنى كورۇشى بىلەن ئىنتايىن خوش بولۇپ كېتىپتۇ - دە، پارلىق نۇۋكەرلىرىنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇنى پەم بىلەن تاغارغا سولىتىپتۇ ۋە پادىشانى تېزرەك خوش قىلىش ئۈچۈن دەممۇ ئالماي دەرهال شەهەرگە قاراپ مېڭىپتۇ.

ۋەزىر ئېلىپ كەلگەن ئاجايىپ مەخلۇق پادىشانى هەقىقەتەنمۇ ئىنتايىن خوش قىلىۋېتىپتۇ. ئۇ دەرهال دەرىزىسىز بىر ئۆي ياسىتىپ، نۇر چاچىدىغان يىلاننى قەپەزگە سولاپ، شۇ ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ - دە، ئۆزى ئالاقىلىشىدىغان باشقا شەهەر پادىشالىرىغا خەت يېزىپ، بۇ ئاجايىپ مەخلۇقنى تاماشا قىلىپ كېتىشكە تەكلىپ قىپتۇ.

گەلە شۇ كۈنلەردە شاھزادە تۇغلۇق، ئوق - ياسىنى قولىغا ئېلىپ، ئۆزى ئۈچۈن بەرپا قىلىنغان هەيۋەتلىك باغنى تاماشا قىلىشقا كىرىپ كەپتۇ. ئۇ هەر خىل كۆللەر ۋە گۈلزارلىقلاردىن ئۆتۈپ، دەرىزىسىز ئۆينىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى هاۋا ئالمىشىش ئۈچۈن ئورنىتىلغان تۈڭلۈكنىڭ ياغىچىغا چىرايلىق بىر تورغاينىڭ قونۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ - دە، ياسىغا ئالتۇن ئوقنى قويۇپ، ئۇنى چەنلەپ ئېتىپتۇ. تورغاي شۇ ئان كۆزدىن غايىپ بوپتۇ. شاھزادە هەيران بولۇپ، دەرىزىسىز ئۆيگە ياندىشىپ دەرەخ ئارقىلىق ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىپتۇ. ئۆگزىدە نە ئوق، نە تورغايدىن نىشان بولماپتۇ.

ھېزىنىڭ بىلەن ئۇ ئۆي ئىچىگە قاراپ باقماقچى بولۇپ، تۇڭلۇككە ئېگىشكەن ئىكەن، ئۆي ئىچىدىن قانداقتۇ بىر كىشىنىڭ ناخشىدەك ساپ ۋە يېقىملىق ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ.

— يىگىت، ئوقىڭىز ئۆي ئىچىدە، ئەگەر ئۇنى ئالماقچى بولسىڭىز، ئۇيقۇدا ياتقان دادىسىڭىزنىڭ يانچۇقىدىن ئاچقۇچنى ئېلىڭ، قاراۋۇلمۇ ئۇيقۇدا، بىمالال ئىشىكنى ئېچىپ كىرسىڭىز بولىۋېرىدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ شاھزادە ھەيران بوپتۇ-دە، دادىسىنىڭ يېنىغا كىرىپ بېرىپتۇ. بۇ، دەل چۈش مەزگىلى بولغاچقا، دادىسى تاماقنى يەپ بولۇپ، تازا ھوزۇرلىنىپ ئۇخلاۋاتقان ئىكەن. شاھزادە ئۇنىڭ يانچۇقىغا قول سېلىپ ئاچقۇچنى ئاپتۇ-دە، دەرھال ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، ئىشىككە قارىغان قاراۋۇلمۇ تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەن. شاھزادە ئۇنىڭ ئالدىدىن ئاۋايلاپ ئۆتۈپ، ئىشىككە سېلىنغان قۇلۇپنى ئېچىپ ئۆيگە كىرىپتۇ-دە، قولىدا ئۆزى ئاتقان ئالتۇن ئوقنى تۇتۇپ تۇرغان 20 ياشلار چامىسىدىكى چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان قامەتلىك بىر يىگىتنى كۆرۈپتۇ.

— مانا ئوقىڭىز، — دەپتۇ ئۇ يىگىت شاھزادىگە سالام بەجا كەلتۈرۈپ، — ئېلىۋېلىڭ.

— سىز نېمە ئادەم بولىسىز؟ — دەپتۇ ھەيران بولغان شاھزادە ئوقنى ئېلىپ تۇرۇپ، — بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدىڭىز؟

— مەن پەرىلەر ئەۋلادىدىن ئىدىم، — دەپتۇ يىگىت سەممىيلىك بىلەن، — ئالدىنقى ھەپتە تاغ ئارىسىنى سەيلە قىلىۋېتىپ، يىلان شەكلىگە كىرىپ ئۇخلاپ قالغان ئىدىم، دادىڭىزنىڭ ئادەملىرى مېنى تۇتۇپ ئېلىپ مۇشۇ ئۆيگە سولاپ قويۇپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان شاھزادىنىڭ يىگىتكە ئىچى ئاغرىپتۇ ـ دە:

— ئۇنداق بولسا، مەن سىزنى ئازات قىلدىم، خالىغان يېرىڭىزگە قايتىپ كېتىڭ، — دەپتۇ.

يىگىت بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خوش بولۇپ كېتىپتۇ ـ دە، شاھزادىنى قاتتىق قۇچاقلاپتۇ ۋە:

— بۇ ياخشىلىقىڭىزنى ئۆمۈر بويى ئۇنتۇمايمەن، مۇبادا بېشىڭىزغا كۈن چۈشسە "دوستۇم" دېسىڭىزلا، مەن سىزگە ئۆز ياردىمىمنى دەرھال يەتكۈزىمەن، خەير ـ خوش، — دەپتۇ ـ دە، شاھزادە بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كېتىپتۇ.

شاھزادە ئۇنى ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن ئىشىكنى قۇلۇپلاپ، ئاچقۇچنى يەنە دادىسىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويۇپتۇ ـ دە، ئۆز دەرسىنى تەكرارلاشقا كىرىشىپ كېتىپتۇ.

ئارىدىن 4 ـ 5 كۈن ئۆتۈپ، دادىسى "ئاجايىپ مەخلۇق" نى زىيارەت قىلىشقا تەكلىپ قىلغان پادىشاھلار كېلىشكە باشلاپتۇ. شەمسى شاھ ئۇلارنى كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، خۇشال ـ خورام كۈتۈپ ئالغاندىن كېيىن، "ئاجايىپ مەخلۇق" نى زىيارەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن دەرىزىسىز ئۆينىڭ ئالدىغا باشلاپ كەپتۇ ـ دە، ئىشىكنى ئېچىپتۇ ۋە ھاڭ ـ تاڭ بولغانلىقىدىن ئارقىسىغا ئۆچۈپ كېتىشكە تاس قاپتۇ.

— قېنى بۇنىڭ ئىچىدىكى نۇر چاچار يىلان؟ — دەپ توۋلاپتۇ ئۇ قاراۋۇلغا غەزەپ بىلەن تىكىلىپ، — مەن سېنىڭ تېرەڭنى تەتۈر سويىمەن.

— مەن .... مەن ... بىلمەيمەن، — دەپتۇ قورقۇپ كەتكەن قاراۋۇل دۇدۇقلاپ، — ئاچقۇچ ئۆز ... ئۆزلىرىدە.

بۇ سۆزلەردىن نۇر چاچار يىلاننىڭ غايىپ بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلگەن شاھلار شەمسى شاھنىڭ ئاچچىقىغا ھاي بېرىشنى

ئۇيغۇر كىتاب تورىتىكى
www.uyghurkitap.com

ئۇتۇنۇپ، بۇ پەۋقۇلئاددە ئىشتىن ئۆزلىرىنىڭ رەنجىمەيدىغانلىغىنى ئېيتىپتۇ. لېكىن شەمسى شاھ ئاچچىقىدىن يانماي، قاراۋۇلنى دارغا ئاسىدىغانلىقىنى جاكالاپ، بارلىق شاھلارنى ئۇنىڭ دار ئاستىدىكى جان تالىشىپ تىپىرلاشلىرىنى تاماشا قىلىشقا چاقىرىپتۇ.

ھەش - پەش دىگۈچە دار تەييارلىنىپ، قاراۋۇل دار ئالدىغا ئېلىپ كېلىنىپتۇ. لېكىن قاراۋۇل بويىنىغا ئاغامچا سېلىنغانغا قەدەر "نۇر چاچار يىلان" نى قاچۇرمىغانلىقىنى تەكرارلاپ، شاھتىن ئادالەتلىك تىلەپتۇ. شاھ غەزەپ بىلەن جاللاتلارغا ئاغامچىنى تارتىشنى بۇيرۇپتۇ، ئەنە شۇ چاغدا توپ ئىچىدىن "توختاڭلار" دىگەن قولاقنى يارغۇدەك ئاۋاز جاراڭلاپ، شاھزادە تۇغلۇق ھاسىراپ - ھومدىگەن ھالدا مەيدانغا كىرىپ كەپتۇ ۋە دادىسىغا قاراپ:

— قاراۋۇلدا گۇنا يوق، ئۇنى قويۇۋېتىڭ، يىلاننى قاچۇرغان مەن، مەن جازالىنىشىم كېرەك، — دەپتۇ.

شۇ ئان توپ ئىچىدە غۇلغۇلا كۆتىرىلىپتۇ، شەمسى شاھنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ ئاغزىغا گەپمۇ كەلمەي قاپتۇ.

— بالام، ساراڭ بولۇپ قالدىڭمۇ؟ — دەپتۇ ئۇ تەسلىكتە، بالىسىنى جىملەپ، — سەن قانداقچە ئۇنى قاچۇرالايسەن، بۇنىڭغا مەن ئىشەنمەيمەن.

— ھەقىقى ئەھۋالنى ئاڭلىسىڭىز ئىشىنىسىز، ئەھۋال مانا مۇنداق، — دەپتۇ شاھزادە ۋە بولغان ئىشنى بايان قىلىپ بېرىپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان شاھنىڭ بېشىغا تاغ يىقىلغاندەك بولۇپ، تەختىدىن دومىلاپ چۈشۈشكە تاس قاپتۇ. لېكىن ئۆزىگە سىناش نەزىرى بىلەن قاراپ تۇرغان نۇرغۇنلىغان شاھلار ئالدىدا ئۆزىنى تۇتۇشقا تىرىشىپتۇ. قانداق قىلىش كېرەك؟ گۇناسىز كىشىنى

دارغا ئېسىشقا ھوكۇم قىلغان شاھ، گۇناكارنى جازالىيالامدۇ،
يوق؟ شەمسى شاھ خۇددى يات بىر قول كوكرىگىسىنى يېرىپ
يۈرىگىنى چاڭگاللاپ تارتقاندەك ئېغىر ئازاپ ئىچىدە خۇدىنى بىلمە
بىر ھازا تېپىگىرقاپ تۇرۇپ قاپتۇ ـ دە، ئاندىن سىناش نەزىرى
بىلەن تىكىسىلىپ تۇرغان شاھلارغا كوز يۈگۈرتۈپ چىقىپ، ئو
ھوكۇمىنى ئېلان قىپتۇ:

— قاراۋۇل ئازات قىلىنسۇن! ئوغلۇم دارغا ئېسىلسۇن!

شاھزادە دادىسىنىڭ ھوكۇمى بىلەن تەڭ دار ئالدىغا كەپـ
تۇ، ئاغامچا قاراۋۇلنىڭ بوينىدىن ئېلىنىپ، شاھزادىنىڭ بوينىغا
سېلىنىپتۇ. شەمسى شاھ ئاغامچىنى تارتىشقا پەرمان چۈشۈرۈشكە
ئەمدى تەمشىلىشىگە كوپچىلىك ئىچىدىن شاھزادىسىنىڭ ئۇستازى
ھوكۇرەپ يىغلىغىنىچە، شاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ تىزلىنىپتۇ:

— شاھىم، بالا ياش، ياش بالىلار سەۋەنلىكتىن خالى
بولالمايدۇ، شۇنىڭغا ئاساسەن بېرىلىدىغان جازامۇ لايىقىدا بولسا.

ئۇستازنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى شەمسى شاھنىڭ كوڭلىدىكـ
دەك ئىش بولسىمۇ، لېكىن ئۇ باشقا شاھلارنىڭ ئالدىدا يۈزـ
نىڭ توكۇلۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇز ھوكۇمىنىڭ ئۇزگەرـ
تىلمەيدىغانلىغىنى تەكىتلەپتۇ، ئۇنىڭ كوڭلىنى چۈشەنگەن ئۇسـ
تاز باشقا شاھلارنىڭ ئالدىغا تىزلىنىپتۇ:

— ھورمەتلىك تەقسىرلىرىم، ھەممىڭلار ئالتۇن تەخت ئۇسـ
تىدە يۈرت سوراپ كېلىۋاتىسىلەر، ياش بىر بالىغا ئىچىڭلار ئاغـ
رىسۇن، شاھىمىزنىڭ ھوكۇمىنى ئۆزگەرتىشىگە ئۇز مەسلىھەتىڭـ
لارنى ئايىماڭلار.

ئۇستازنىڭ يىغلاپ تۇرۇپ ئېيتقان سوزلىرى باشقا شاھـ
لارغا تەسىر قىپتۇ. ھەممە شەمسى شاھنىڭ ھوكۇمىنى ئۇزگەرـ
تىشنى تەلەپ قىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇيان ئويلىشىپ، بۇيان
ئويلىشىپ، ئاخىرى بالىنى دارغا ئاسماي، چول ئىچىگە ئاپىرىپ،

ئېھتىۋېتىپ كېلىش جازاسىنى بېرىشكە كېلىشىپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان شەمسى شاھنىڭ ۋەزىرىسىنىڭ شاھزادە بىلەن تەڭتۇش ئوغلى ھەيدەر "بۇ ۋەزىپىسىنى ماڭا بېرىڭلار" دەپ مەيدانىغا چىقىپتۇ. ھەيدەر شاھزادە بىلەن بىللە ئوقۇپ، بىللە ئويناپ چوڭ بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھەممە جەھەتتىن شاھزادىگە يېتەلمەيدىغانلىقىدىن كۆڭلى قارىلىق قىلىپ، ئىچىدە ھەسەت ساقلاپ كەلگەن ئىكەن، ئۇنىڭ بۇ ئەھۋالىنى بىلمىگەن ئۇستاز ئۇنى بۇ ئىشقا ئارىلاشتۇرماسلىقتا ھەر قانچە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ئامال بولماپتۇ. ئاخىرى ئۇ شاھزادىسىنى ئات ئالدىغا ئېلىپ چول ئىچىگە قاراپ جۆنەپ كېتىپتۇ.

ئۇلار شۇ ماڭغانچە نۇرغۇنلىغان يۇلغۇن ۋە توغراق ئورمانلىقلىرىنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، بىپايان قۇملۇققا ئىچكىرىلەپ كىرىپتۇ. شاھزادە يول ئاۋۇغانسىرى، ھەيدەرنىڭ ھوكۇم بويىچە ئۇزىنى تاشلاپ كېتىپ قېلىشى بىلەنلا قانائەت تاپماي، كۆڭلى قارىلىق قىلىپ جىسمانى جەھەتتىنمۇ زەئىپلەشتۇرۇپ قويۇشىنىڭ مۇمكىنلىكىنى كۆز ئالدىغا كەلتۇرۇپ، ئۇنىڭ كەيپىياتىنى كۆزىتىپ مېڭىپتۇ. مۇبادا ئۇنىڭدا شۇنداق ئۆزگىرىش كۆرۈنگۈدەك بولسا، قانداق قىلىش كېرەكلىكىگى توغرىسىدىمۇ ئويلىنىپ قويۇپتۇ. بىراق ھەيدەردە ھېچقانداق ئۆزگىرىش كۆرۈنمەپتۇ، ئەكسىچە شاھزادىسىنىڭ ئوزۇقلىنىشى ۋە ئارام ئېلىشىغا غەمخورلۇق قىلىپ، ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ مېڭىپتۇ. شاھزادە بۇنىڭغا ھەيران بولۇپ، "سېنىڭ ۋەزىپەڭ مېنى تىنتىۋېتىش تۇرسا، نېمە ئۈچۈن ماڭا غەمخورلۇق قىلىپ يۈرىسەن، تېزرەك ئېتىڭغا مىنىپ كەتسەڭ بولمامدۇ" دىگەندە، ھەيدەر: "تېخى ۋاقتى يەتمىدى" دەپلا قويىدىكەن، شاھزادىسىنىڭ بۇنىڭغا قاتتىق ئىچى پۇشۇپ: "ئۇنداق بولمىغاندا قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى مەن قىلاي، سەن ئارام ئال" دىگەندە ھەيدەر يەنىلا "تېخى ۋاقتى ئەمەس" دەپ

قويىدىغەن، شاھزادە ھەيدەرنىڭ كۆڭلىدە نېمە خىياللار بار-
لىقىنى چۈشىنىپ يېتەلمەي، ئۇنىڭ باشلىشى بىلەن چول ئىچى-
گە ئىچكىرىلەپ مېڭىۋېرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئارىدىن بىرقانچە
كۈن ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئېلىۋالغان سۇ، ئوزۇقلىرى تۈگەپ، تەش-
نالىق ۋە ئاچلىق دەردى ئۇلارنى ئازابلاشقا باشلاپتۇ. ئۇلار
شۇ ھالدا ماڭە - ماڭە بىر توغراق ئورمانلىقى ئارىسىغا كىرىپ،
بىر قۇدۇققا دۈچكېلىپ قاپتۇ. ئۇلار چېلەك بولمىغانلىقى ئۈ-
چۈن، قۇدۇققا نوۋەت بىلەن چۈشۈپ سۇ ئىچىپ چىقىشقا توغرا
كەپتۇ. ئۇلار ئاتنىڭ ئاغامچىلىرىنى ئۇلاشتۇرۇپتۇ - دە، ئالدى
بىلەن ھەيدەر، ئاندىن شاھزادە چۈشۈپ ئۇسسۇلىقىنى قاندۇرۇپ چى-
قىشقا كېلىشىپتۇ. كېلىشكىنى بويىچە شاھزادە ھەيدەرنى سىرىل-
دۇرۇپ چۈشۈرۈپتۇ - دە، سۇ ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، تارتىپ
چىقىرىپتۇ. ئاندىن ھەيدەرنىڭ سىرىلدۇرۇشى بىلەن شاھزادە
قۇدۇق ئاستىغا چۈشۈپ، راسا قېنىپ سۇ ئىچىۋالغاندىن كېيىن
خوشاللىق بىلەن ھەيدەرگە توۋلاپتۇ:

— قېنى ئاغىنە، ئەمدى تارتىۋال!

ئاغامچىنى تارتىشنىڭ ئورنىغا ھەيدەرنىڭ قاقاقلاپ كۈل-
گەن ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ:

— ئاغىنە، رەنجىمە، مېنىڭ ۋەزىپەم مۇشۇ يەردە ئاياق-
لاشتى، خەير - خوش. ھا. ھا. ھا. ھا ...

شاھزادىنىڭ پۈتۈن بەدىنى شۈركىنىپ پېشانىسىدىن قارا
تەر چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇنداق دەھشەت ئىچىدە ئۆ-
لۈشىنى ئويلاپمۇ باقمىغاچقا ھەيدەرگە يالۋۇرۇشقا باشلاپتۇ:

— ئاغىنە، مېنىڭ تەقدىرىم ساڭا تاپشۇرۇلغانلىقى راست،
لېكىن مېنى بۇنداق ئۆلۈشكە مەجبۇر قىلما. مېنى ئوچۇقچىلىققا
چىقىرىپ قويۇپ، ئېتىڭنى مىنىپ كېتىۋەر، مەن ئەڭ بولمىغاندا
ئاچ بۆرىلەر بىلەن ئېلىشىپ ئۆلەي، ياكى ئۇسسۇزلۇقتىن توغ-

راق ياغاچلىرىدەك قاغجىراپ ئۆلدى، پەقەتلا مېنىڭ ئەركىن ھەرىكەتلىنىپ تۇرۇپ ئۆلۈشۈمگە ئىمكانىيەت بەر.

— ئۇنداق بولسا، بىر شەرت بار، — دەپتۇ ھەيدەر قۇدۇق ئىچىگە ئىڭىشىپ تۇرۇپ، — ھازىردىن باشلاپ ئورنىمىز ئالمىشىدۇ، مەن سېنىڭ ئورنۇڭدا شاھزادە بولىمەن، سەن مېنىڭ ئورنۇمدا ئۆمۈر بويى سادىقلىق بىلەن خىزمىتىمنى قىلىسەن، مۇشۇ شەرتكە كونسەن، مەن سېنى چىقىرىپ ئالىمەن.

— دىگىنىڭچە بولۇشقا قەسەم ئىچىمەن.

— ئەمىسە قەسەم ئىچ.

شاھزادە قەسەم ئىچىپتۇ. ھەيدەر ئۇنى قۇدۇقتىن تارتىپ چىقىرىپتۇ - دە، ئۇنىڭ شاھزادىلىك كىيىملىرىنى سېلىپ بېرىشىنى ئېيتىپتۇ. شاھزادە كىيىملىرىنى سېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ ئادەتتىكى كىيىمىنى كىيىپتۇ، شۇنىڭدىن بۇيان شاھزادە ئۇنىڭ خىزمەتچىسىگە ئايلىنىپ، ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ساداقەتلىك بىلەن ئاققۇزۇپ مېڭىپتۇ. ئۇلار شۇ ھالدا ماڭە - ماڭە بىر ئورمانلىققا بېرىپ، چېدىر قۇرۇپ، چۈشكۈن قىپتۇ، ھەيدەر چېدىرغا كىرىپ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ، شاھزادە ئۇنى قوغداپ قاراۋۇللۇقتا تۇرۇپتۇ. شۇ ئەسنادا يېقىنلا يەردىن قىي - چۇ كۆتىرىلىپ، ئورمانلىق ئىچىدىن بىر كېيىكنىڭ چېپىپ كېتىۋاتقىنى كۆرۈنۈپتۇ. شاھزادە دەرھال ياسىنى قولىغا ئېلىپ ئۇنى چەنلەپ تۇرۇپ ئېتىپتۇ. ئوق كېيىككە تېگىپ، كېيىك مولالاق ئېتىپ يىقىلىپتۇ. شۇنىڭ كەينىدىنلا شاھلىق تونىنى كىيگەن بىرسى ئات چاپتۇرۇپ، كېيىكنىڭ يېنىغا كەپتۇ - دە، ئۇنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن شاھزادىگە كوزى چۈشۈپتۇ ۋە ئۇنىڭ يېنىغا ئات چاپتۇرۇپ كەپتۇ - دە:

— مەن شىكاردا ناھايىتى كوپ يۈرگەن، لېكىن سەندەك مەرگەننى ھازىرغىچە كورمەپتىمەن، نام - ئەمالىڭنى ئېيت، تونۇ-

شۇپ قالايسىلى، مەن مۇشۇ شەھەرنىڭ پادىشاسى ھەسەن-
مەن، — دەپتۇ.

— مەن ئادەتتىكى كىشىمەن، سىلى بىلەن تونۇشۇشقا لايىق ئەمەسمەن، تونۇشۇش توغرا كەلسە، بۇ چېدىردىكى شاھزادىمىز بىلەن تونۇشۇپ قېلىشلىرىنى ئۆتۈنىمەن، — دەپتۇ.

شاھزادە مۇلايىملىق بىلەن چېدىرنى كۆرسىتىپ، شۇ ئەسنادا ھەسەن شاھنىڭ باشقا خىزمەتكارلىرىمۇ يېتىپ كەپتۇ. شاھزادە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى سىرتقا توختىتىپ قويۇپ، چېدىرغا كىرىپ ھەيدەرنى ئويغىتىپ، ئەھۋالنى بايان قىپتۇ، ھەيدەر شاھزادىلىك كىيىمى بىلەن چىقىپ، ھەسەن شاھقا ۋە ئۇنىڭ خىزمەتچىلىرىگە تازىم قىلىپ، ئۆزىنىڭ شىكاردا ئېزىقىپ قېلىپ، بۇ تەرەپكە كېلىپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىپ قالغانلىقىدىن ئىنتايىن خۇشال بولغانلىقىنى بايان قىپتۇ. ھەسەن شاھ ئۇنى ئىنتايىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئۆز مەملىكىتىدە بىر مەھەل مېھمان بولۇپ كېتىشكە تەكلىپ قىپتۇ. بۇ تەكلىپ ھەيدەرنىڭ كۆڭلىدىكىدەك ئىش بولغاچقا، قايتا-قايتا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، تەكلىپنى قوبۇل قىپتۇ.

ھەيدەر ھەسەن شاھنىڭ ئوردىسىغا بېرىپلا، توغلۇقنى شاھقا خىزمەتچىلىرى قاتارىدا ئىشلەشكە تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ ۋە:

— بۇ توغرا نىيەتلىك ئادەم ئەمەس، مېنى ئۇزۇن قېتىم ئۆلتۈرۈشكە قەستلىگەن، لېكىن مەن ئۆزەمنىڭ چېچەنلىكىمدىنلا ساقلىنىپ قالدىم، ھەر - ھالدا ھەزى بولارلا، — دەپتۇ.

شاھ، ھەيدەرنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنگەن بولسىمۇ، لېكىن توغلۇقنىڭ مەرگەنلىكىگە قايىل بولغاچقا، ھەيدەرگە ئۇقتۇرماي ئۇنى بىرقانچە نۆۋەت شىكارغا ئېلىپ چىقىپتۇ، بۇ جەرياندا ئۇنىڭ يالغۇز مەرگەن بولۇپلا قالماي، ئۇرغۇن پەننى بىلىملەرنى ئۆگەنگەن ئوقۇمۇشلۇق، زېرەك، ئەدەپ - ئەخلاقلىق بالا ئى-

گەنلىگىنى بايقاپ قاپتۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن بولغان سۆھبىتىنىڭ ئاجايىپ مەنىلىك ئۆتۈۋاتقانلىقىدىن مەمنۇن بولۇپ، ئۇنى پات - پات ئۆز ھوزۇرىغا تەكلىپ قىلىپ، پاراڭلىشىدىغان بولۇپ قاپتۇ. بۇنى سېزىپ قالغان ھەيدەر ئۆز سىرىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ھەسەن شاھقا:

— مېنىڭ بۇ قولۇم سىزگە يېقىپ قالغاندەك تۇرىدۇ. بۇ ئۇنىڭ كىشىنىڭ تېرىسىگە كىرىۋالىدىغان شەيتانىدىنمۇ ھەييار ئىكەنلىگىنىڭ دەلىلى. ئەمدى مەن بۇنىڭغا تاقەت قىلىپ تۇرالمايمەن، ئۇنى كۆز ئالدىلىرىدىن يوقىتىۋېتىشلىرىنى تەلەپ قىلىمەن، — دەپتۇ.

— قايسى ئۇسۇلدا يوقىتىۋېتىشنى دەيسىز؟ — دەپتۇ ھەسەن شاھ ئۇنىڭغا سوئال قويۇپ.

— ئۇنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىش كېرەك، بولمىسا كۆپ ئۆتمەي بالا تېرىيدۇ، — دەپتۇ ھەيدەر.

پادىشا تۇغلۇقنى يوقىتىۋېتىشكە كۆزى قىيماي، خىزمەتچىلىرىگە ئۇنى كۆزىتىپ بېقىشنى تاپشۇرۇپ، چارباغدا ئىشلەيدىغان قۇللارغا قوشۇپ قويۇپتۇ.

تۇغلۇق چارباغدا ئىشلەپ يۈرۈپ، كۆپ ئۆتمەي بارچە قۇللارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپلا قالماي، ئۇنى كۆزىتىپ يۈرگەن خىزمەتچىلەرنىڭمۇ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىۋاپتۇ. ھەممە ئۇنىڭ بىلەن بىردەم بىللە بولمىسا، خۇددى كۆڭلى ئۆتمەيدىغاندەك، ئۇنىڭ يېنىدىن كەتمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ. بۇ ئىشقا ئاقىۋەت پادىشانىڭ قىزىمۇ گىرىپتار بولۇپ قاپتۇ. شۇ كۈنى بۇ قىز قىرىق كېنىزىگى بىلەن باغنى سەيلە قىلىشقا كىرگەن ئىكەن، ئۇ يىراقتىنلا بۇ يىگىتنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ھۆسنى - جامالىغا ئاشىق بولۇپ، ئىشقىدا خۇدىنى يوقىتىپ قويۇپتۇ. ئەسلىدە بۇ قىز بۇ يىگىت توغرىلىق دادىسىنىڭ ئانىسىغا قىلىپ بەرگەن

تەرىپلىرىنى كۆپ قېتىم ئاڭلىغان ئىكەن ھەم ئۇنى كۆرمەي تۇ-
رۇپلا، كۆڭلىدە ئۇنىڭغا نىسبەتەن قانداقتۇ بىر ھېسسىداشلىقنىڭ
سىرلىق تەسىراتلىرىنى يوشۇرغان ئىكەن. بۇ تەسىراتلار مانا
بۈگۈن ئۇنى كۆرۈش بىلەن بىر كۈچلۈك يالقۇنغا ئايلىنىپ،
قىزنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى چىرمىۋاپتۇ - دە، ھوشىنى يوقىتىپ،
يەرگە يىقىلىپتۇ. ئۇنىڭ ئىچكى ئازاپلىنىشىنى بىلمىگەن كېنىـ
زەكلەر، ئۇنى قانداقتۇ بىر ئاغرىققا مۇپتىلا بولدىمىكىن، دەپ
قورقۇشۇپ، ئۇلاش - چولاش كوتىرىشىپ باغدىن ئېلىپ چىقىپ
كېتىپتۇ. بىراق چېچەن شاھزادە بىر قاراش بىلەنلا قىزنىڭ
ئەھۋالىنى چۈشىنىپ يېتىپ، كۆڭلىدە قاتتىق ئازاپلىنىپتۇ.

ئەنە شۇ كۈنلەردە شاھ ھوزۇرىدا پۈتۈن كۈنىنى مېھمان-
دارچىلىق بىلەن يەپ - ئىچىپ ئۆتكۈزۈۋاتقان ھەيدەرنىڭ كۆڭـ
لىدىمۇ شاھ قىزىغا نىسبەتەن ئاچكوزلەرچە ھاۋايى - ھەۋەس
پەيدا بوپتۇ. كۈنلەر ئۆتكەنچە بۇ ھەۋەس بارغانسېرى كۈچـ
يىپ، ئۇنىڭ پۈتۈن خىيالىنى ئەنە شۇ قىزلا چۇلغىۋاپتۇ. ئۇ
ئويلىنا - ئويلىنا ئاخىرى شاھقا شاھزادە تۇغلۇقنىڭ كەچۈر-
مىشلىرىنى ئۆز كەچۈرمىشى قىلىپ سوزلەپ بېرىپتۇ ۋە:

— سىلى ماڭا ئاخىرغىچە پانا بولۇپ قالسىلا، مەن سـ
لىنىڭ ئوغۇللىرى بولاي، - دەپتۇ.

بۇ شاھ، شىدەمسى شاھنى ياخشى بىلىدىكەن، ھەم ئۇنىڭغا
ھورمەت بىلەن قارايدىكەن. شۇڭا ئۇ شىدەمسى شاھنىڭ شاھزا-
دىسىگە غەمخورلۇق قىلىشنى ئىككى ئەل مۇناسىۋىتىنىڭ تۇگۈنى،
دەپ ھېساپلاپ، ھەيدەرنىڭ تەلىۋىنى قوبۇل كورۇپ، ئۇنىڭغا
ئۆز قىزىنى بېرىش قارارىغا كەپتۇ. بۇ خەۋەر شاھ قىزىنى ئىن-
تايىن بىئاراملىققا ساپتۇ. ئۇ ئاچچى ئانىسى ئارقىلىق تۇغلۇققا
كۆڭلى بارلىقىنى ئېيتىپ، دادىسىنىڭ ھەيدەرگە زورلىماسلىقىنى
ئوتۇنۇپتۇ. ھەسەن شاھ بۇ گەپنى ئاڭلاپ، قىزىنىڭ "باش -

باشتاقلىقى" دىن رەنجىپ، قىزىنى "ئايالاندۇرغان تۇغلۇقنى
ھەيدەرنىڭ تەلىۋى بويىچە بۇرۇنلا ئولتۇرۇپ تاشلىۋەتمىگەنلى-
كىگە پۇشايمان قىپتۇ. بىراق ھېلى بولسىمۇ ئولتۇرۇپ تاشلاشقا
قولى بارماپتۇ. ئۇنىڭ نەزىرىدە تۇغلۇق يەنىلا ھەيدەرگە قا-
رىغاندا ئۇلۇغ سۈپەت، چېچەن، ئوقۇمۇشلۇق بولۇپ تۇيۇلۇپتۇ.
پەقەت ئۇنىڭ شاھ ئەۋلادىدىن بولمىغانلىقىلا شاھنىڭ دىتىغا
ياقماپتۇ. ئۇ ئاخىرى ئويان ئويلىنىپ - بۇيان ئويلىنىپ، تۇغ-
لۇقنى قىزىنىڭ كوزىدىن يىراق قىلىش ئۈچۈن، ئۇنى باشقا
بىر شەھەرگە شاھلىق قىلىۋاتقان ئىنىسى ھۈسەننىڭ ئېلىگە يول-
لاپ بەرمەكچى بوپتۇ - دە، بۇ بالىنى ئولتۇرۇۋېتىشكە قولۇم
بارماي ئېلىڭگە ئەۋەتتىم، بارغان ھامان كاللىسىنى ئېلىۋەت"
دېگەن خەتنى يېزىپ، تۇغلۇقنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ، يېرىم كېچە
بىلەن يولغا سېلىپ قويۇپتۇ.

تۇغلۇق كېچە - كۈندۈز يول مېڭىپ، ئىككى ھەپتە دېگەن-
دە خەتنى ئېلىپ ھۈسەن شاھنىڭ ھوزۇرىغا كىرىپ كەپتۇ. ھۈ-
سەن شاھ ئاكىسىدىن خەت ئېلىپ كەلگەن، كوزگە يېقىشلىق،
گېپ - سوزلىرىدىن ئەدەپ ۋە چېچەنلىك چىقىپ تۇرغان بۇ
كېلىشكەن يىگىتنى قىزغىن قارشى ئاپتۇ - دە، خەتنى ئېچىپ
ئوقۇپ داڭ قېتىپ تۇرۇپ قاپتۇ. تۇغلۇق ھۈسەن شاھنىڭ چى-
رايىدىكى ئوزگىرىشتىن ھەيران بوپتۇ. لېكىن ئوزىنىڭ شاھلار-
نىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىششقا مۇناسىپ كىشى ئەمەسلىكىنى چۈشى-
نىپ، گېپ - سوز قىلماپتۇ. ھۈسەن شاھ بۇ چاغدا: "شۇنچە مۇ-
لايىم يىگىتنىڭ نىمە گۇنايى باردۇ؟ ئاكامنىڭ ئۇنى قەتلى
قىلىشقا قولى بارمىغانلىقى ئۇنىڭ شۇ مۇلايىم، چېچەنلىكى ئال-
دىدا ۋۇجۇدى تىترىگەنلىكىدىندۇ!؟ ئاكامنىڭ قولى بارمىغان
يەردە، مېنىڭ قولۇم قانداق بارسۇن؟ مەنمۇ باشقىچە يول تۇتۇ-



www.uyghurkitap.com

تەرىپلىرىنى كۆپ قېتىم ئاڭلىغان ئىكەن ھەم ئۇنى كۆرمەي تۇ-
رۇپلا، كۆڭلىدە ئۇنىڭغا نىسبەتەن قانداقتۇ بىر ھېسداشلىقنىڭ
سىرلىق تەسىراتلىرىنى يوشۇرغان ئىكەن. بۇ تەسىراتلار مانا
بۈگۈن ئۇنى كۆرۈش بىلەن بىر كۈچلۈك يالقۇنغا ئايلىنىپ،
قىزنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى چىرمىۋاپتۇ - دە، ھوشىنى يوقىتىپ،
يەرگە يىقىلىپتۇ. ئۇنىڭ ئىچكى ئازاپلىنىشىنى بىلمىگەن كېنى-
زەكلەر، ئۇنى قانداقتۇ بىر ئاغرىققا مۇپتىلا بولدىمىكىن، دەپ
قورقۇشۇپ، ئۇلاش - چولاش كۆتىرىشىپ باغدىن ئېلىپ چىقىپ
كېتىپتۇ. بىراق چېچەن شاھزادە بىر قاراش بىلەنلا قىزنىڭ
ئەھۋالىنى چۈشىنىپ يېتىپ، كۆڭلىدە قاتتىق ئازاپلىنىپتۇ.

ئەنە شۇ كۈنلەردە شاھ ھوزۇرىدا پۈتۈن كۈنىنى مېھمان-
دارچىلىق بىلەن يەپ - ئىچىپ ئۆتكۈزۈۋاتقان ھەيدەرنىڭ كۆڭ-
لىدىمۇ شاھ قىزىغا نىسبەتەن ئاچكۆزلەرچە ھاۋايى - ھەۋەس
پەيدا بوپتۇ. كۈنلەر ئۆتكەنچە بۇ ھەۋەس بارغانسېرى كۈچى-
يىپ، ئۇنىڭ پۈتۈن خىيالىنى ئەنە شۇ قىزلا چۇلغىۋاپتۇ. ئۇ
ئويلىنا - ئويلىنا ئاخىرى شاھقا شاھزادە تۇغلۇقنىڭ كەچۈر-
مىشلىرىنى ئۆز كەچۈرمىشى قىلىپ سۆزلەپ بېرىپتۇ ۋە:

— سىلى ماڭا ئاخىرغىچە يانا بولۇپ قالسىلا، مەن سى-
لىنىڭ ئوغۇللىرى بولاي، - دەپتۇ.

بۇ شاھ، شەمسى شاھنى ياخشى بىلىدىكەن، ھەم ئۇنىڭغا
ھۆرمەت بىلەن قارايدىكەن. شۇڭا ئۇ شەمسى شاھنىڭ شاھزا-
دىسىگە غەمخورلۇق قىلىشنى ئىككى ئەل مۇناسىۋىتىنىڭ تۈگۈنى،
دەپ ھېساپلاپ، ھەيدەرنىڭ تەلىۋىنى قوبۇل كۆرۈپ، ئۇنىڭغا
ئۆز قىزىنى بېرىش قارارىغا كەپتۇ. بۇ خەۋەر شاھ قىزىنى ئىن-
تايىن بىئاراملىققا ساپتۇ. ئۇ ئاغچى ئانىسى ئارقىلىق تۇغلۇققا
كۆڭلى بارلىقىنى ئېيتىپ، دادىسىنىڭ ھەيدەرگە زورلىماسلىقىنى
ئۆتۈنۈپتۇ. ھەسەن شاھ بۇ گەپنى ئاڭلاپ، قىزىنىڭ "باش -

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

باشناقلىغى" دىن رەنجىپ، قىزىنى "ئايلاندۇرغان تۇغلۇقنى ھەيدەرنىڭ تەلىۋى بويىچە بۇرۇنلا ئۆلتۈرۈپ تاشلىۋەتمىگەنلىكىگە پۇشايمان قىپتۇ. بىراق ھېلى بولسىمۇ ئۆلتۈرۈپ تاشلاشقا قولى بارماپتۇ. ئۇنىڭ نەزىرىدە تۇغلۇق يېنىلا ھەيدەرگە قارىغاندا ئۇلۇغ سۈپەت، چېچەن، ئوقۇمۇشلۇق بولۇپ تۇيۇلۇپتۇ. پەقەت ئۇنىڭ شاھ ئەۋلادىدىن بولمىغانلىقىلا شاھنىڭ دىتىغا ياقماپتۇ. ئۇ ئاخىرى ئويان ئويلىنىپ - بۇيان ئويلىنىپ، تۇغلۇقنى قىزىنىڭ كۆزىدىن يىراق قىلىش ئۈچۈن، ئۇنى باشقا بىر شەھەرگە شاھلىق قىلىۋاتقان ئىنىسى ھۈسەننىڭ ئىلكىگە يوللاپ بەرمەكچى بوپتۇ - دە، بۇ بالىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە قولۇم بارماي ئىلكىڭگە ئەۋەتتىم، بارغان ھامان كاللىسىنى ئېلىۋەت" دېگەن خەتنى يېزىپ، تۇغلۇقنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ، يېرىم كېچە بىلەن يولغا سېلىپ قويۇپتۇ.

تۇغلۇق كېچە - كۈندۈز يول مېڭىپ، ئىككى ھەپتە دېگەندە خەتنى ئېلىپ ھۈسەن شاھنىڭ ھوزۇرىغا كىرىپ كەپتۇ. ھۈسەن شاھ ئاكىسىدىن خەت ئېلىپ كەلگەن، كۆزگە يېقىشلىق، گەپ - سۆزلىرىدىن ئەدەپ ۋە چېچەنلىك چىقىپ تۇرغان بۇ كېلىشكەن يىگىتنى قىزغىن قارشى ئاپتۇ - دە، خەتنى ئېچىپ ئوقۇپ داڭ قېتىپ تۇرۇپ قاپتۇ. تۇغلۇق ھۈسەن شاھنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشتىن ھەيران بوپتۇ. لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ شاھلارنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىشقا مۇناسىپ كىشى ئەمەسلىكىنى چۈشىنىپ، گەپ - سۆز قىلماپتۇ. ھۈسەن شاھ بۇ چاغدا: "شۇنچە مۇلايىم يىگىتنىڭ نېمە گۇنايى باردۇ؟ ئاكامنىڭ ئۇنى قەتلى قىلىشقا قولى بارمىغانلىقى ئۇنىڭ شۇ مۇلايىم، چېچەنلىكى ئالدىدا ۋۇجۇدى تىترىگەنلىكىدىندۇ!؟ ئاكامنىڭ قولى بارمىغان يەردە، مېنىڭ قولۇم قانداق بارسۇن؟ مەنمۇ باشقىچە يول تۇتۇ-

شۇم كىرەك» دىگەن خىياللارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ ۋە تۇغ-
لۇققا قاراپ:

— ئاكام سىنى مېنىڭ خىزمىتىمنى قىلىشقا ئەۋەتىپتۇ،
مەن ساڭا ئۈچيۈز يىلقىنى بېقىپ كېلىشكە تاپشۇرىمەن، كەچتە
ساناپ ئۆتكۈزۈۋالىمەن، ئەگەر بىرەرسى كەم بولسا، كاللاڭنى
ئالىمەن، ئۇقتۇڭمۇ؟ — دەپتۇ.

تۇغلۇق شاھنىڭ نىمە ئۈچۈن شۇنداق ۋەھشىلىك قىلۋات-
قانلىقىنى چۈشەنەلمەي ھەيران بوپتۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىلكىدە
«ماقۇل» دىيىشتىن ئۆزگە چارە بولمىغاچقا، شاھنىڭ خىزمىتىنى
تولۇق ئادا قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ چىقىپ كېتىپتۇ.

تاڭ ئېتىپتۇ، تۇغلۇق ئۇن نەچچە كۈن يول مېڭىپ قاتتىق
ھېرىپ كەتكەنلىكىگە قارىماي، سەھەر تۇرۇپتۇ - دە، شاھنىڭ
خىزمەتكارلىرى تەييارلاپ قويغان ئۈچ يۈز يىلقىنى ھەيدەپ تاغ-
قا قاراپ مېڭىپتۇ. بۇ يىلقىلارنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن ئاساۋ
بولغاچقا تاققا كېلە - كەلمەي تەرەپ - تەرەپكە تارقاپ كې-
تىپتۇ. تۇغلۇق نىمە قىلارىنى بىلمەي «ئەمدى بەربىر ئۆلىدۇم»
دىگەن خىيال بىلەن بېشى قايغان، پۇتى تايغان تەرەپكە قاراپ
مېڭىۋېرىپتۇ، كۆڭلى قاتتىق بىئارام بولغانلىقتىن قانچىلىك يول
ماڭغانلىقىنى بىلمەي قاپتۇ، بىر چاغدا قارىسا ئىگىز تام بىلەن
قورشالغان ھەيۋەت چوڭ بىر باغنىڭ ئالدىغا كېلىپ قاپتۇ، ئۇ
ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا بىر سۆگۈچ ئارقىلىق باققا كىرىپتۇ، قارى-
غۇدەك بولسا، بۇ شۇنداق كېلىشكەن باغ ئىكەنكى، رەڭمۇ-
رەڭ گۈللەر خۇددى زىلچىدەك چاقناپ تۇرغۇدەك، تۇغلۇق ئەي-
مىنگىنىچە بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ، ئەتراپىنى مۇۋىلىك دە-
رەخلەر قورشاپ تۇرغان چىرايلىق بىر كۆلنىڭ يېنىغا بېرىپ
قاپتۇ ۋە كۆل بويىدا ئولتۇرۇپ، ئوچۇملاپ تۇرۇپ سۇ ئىچىشكە
باشلاپتۇ، ئەنە شۇ چاغدا يېقىنلا يەردىن بىرقانچە قىزنىڭ چا-

راڭلىق كۆلكىسى ئاڭلىنىپتۇ، تۇغلۇق كەلگەن تەرەپكە قاراپ، كۆلگە يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ئۈچ قىزنىڭ قارىسىنى كۆرۈپتۇ - دە، "نېمىشقا بىسوراق باققا كىردىڭ؟" دەپ ئەيىپلەنىشتىن قورقۇپ، ئۆزىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن دەرەخكە چىقىۋاپتۇ.

ئۈچ قىز — قىز بولغاندىمۇ نۇردىن يارىتىلىپ، ئاسماندىن يەر يۈزىگە چۈشۈرۈلگەندەك بىر-بىرىدىن ئۆز، بىر-بىرىدىن نازلىق قىزلار ئىكەن. ئۈچ قىز شوخلۇق بىلەن بىر-بىرىنى قوغلاشقىنىچە كۆل بويىغا كېلىپ توختاپتۇ - دە، سۇغا چۆمۈلۈش ئۈچۈن كىيىملىرىنى سېلىشقا تەمشىلىپتۇ.

تۇغلۇق ئۆز ئۆمرىدە پەقەت تۇنجى قېتىملا كۆرۈشكە نېسىپ بولغان بۇ نازىنىنلارنىڭ گۈزەللىكى ئالدىدا خۇدىنى يوقىتىپ قويۇشقا تاسلا قاپتۇ.

شۇ ئارىدا كوينىگىنىڭ تۈگمىلىرىگە قوللىرىنى ئەمدىلا ئېلىپ بارغان بىر قىز ئۈشتۈمتۇتلا:

— توختاڭلار! — دەپ ۋاقىرىۋېتىپتۇ - دە، ئەتراپقا قاراشقا باشلاپتۇ، — ئادەم ئىسى كېلىۋاتىدۇ.

— راست، — دەپتۇ قالغان ئىككىسىمۇ سەگەكلىشىپ، — ئاختۇرايلى.

قىزلار ئەتراپنى ئاختۇرۇشۇپتۇ، لېكىن ئادەم تېپىلماپتۇ، ئۇلار يەنە كۆل بويىغا يىغىلىشىپتۇ. خۇددى چۈشىن يەۋالغاندەك بىئارام بولۇشۇپ، بىر-بىرىگە سۆزمۇ قىلماي تىزلىرىنى قۇچاقلىغىنىچە كۆلگە قاراپ ئولتۇرۇپتۇ.

تىنىق كۆل سۈيى زۇمرەتتەك چاقنار ئىكەن، ئەكسىدە كۆپ-كۆك ئاسمان، گۈل ۋە مىۋىلىك دەرەخلەر جىلۋە قىلار ئىكەن. ئەنە شۇ جىلۋە ئىچىگە دەرەخ ئۈستىدىكى تۇغلۇقنىڭ كېلىشكەن سىماسىمۇ قوشۇلۇپ كەتكەن ئىكەن. بۇ سىما گەرچە ھېچقانداق تېۋىش چىقارماسلىققا تىرىشىپ، دەرەختىكە مەھكەم

يېيىشىپ تۇرغان بولسىمۇ، كول بېشىغا تىكىلگەن قىزلارنىڭ خىيالچان كوزلىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالماپتۇ.
— ئەنە!
تۇغلۇقنىڭ سۇدىكى ئەكسىنى كورگەن قىزلارنىڭ كوزلىرى دەرەخ ئۇستىگە تىكىلىپتۇ، تۇغلۇق ئۇيالغىنىدىن نېمە قىلاردىنى بىلمەي، قىزارغىنىچە بېشىنى تووەن ساپتۇ. قىزلار:
— چۈش، — دەپ توۋلاپتۇ.
تۇغلۇق چۈشمەيمۇ قۇتۇلۇشقا بولمايدىغانلىقىغا كوزى يېتىپ، پەسكە سىرىلىپ چۈشۈپتۇ - دە، قىزلارغا ئەدەپ بىلەن تازىم قىپتۇ.
خىيلىلا غەزەپلىك كورۇنگەن قىزلار تۇغلۇقنىڭ مۇلايىم قىياپىتى ۋە كېلىشكەن قەددى - قامىتىگە قاراپ، بىردىنلا مۇلايىملىشىپ كېتىپتۇ ۋە ئۇنىڭ تازىمىنى ئېلىك ئېلىپ، بۇ يەرگە قانداق كىرىپ قالغانلىقىنى سوراپتۇ. تۇغلۇق شاھ تاپشۇرغان ئۇچ يۇز ئاساۋ ئاتقا باغلىنىشلىق بولغان قىسقىچە كەچۇرمىشىنى سوزلەپ بېرىپتۇ. قىزلار شاھنىڭ ئورۇنسىز تەلىۋىدىن غەزەپلىنىپ، مۇلايىم يىگىتنىڭ دەردىگە دەرمان بولماقچى بولۇشۇپ:
— يىگىتنى پەقەت ئاكىمىزلا قۇتۇلدۇرالايدۇ، بىز ئۇنىڭغا يالۋۇرايلى، — دېيىشىپتۇ - دە، يىگىتنى ئويىگە كىرىپ ئولتۇرۇپ تۇرۇشقا تەكلىپ قىپتۇ.
يىگىت ئويىگە كىرىپتۇ. قىزلار ئىنتايىن مېھماندوست ئىكەن. ھەش - پەش دېگۇچە ھەرخىل تاماق، ھەرخىل شىرنىلىكلەر بىلەن داستىخاننى تولدۇرۇپ تۇغلۇقنى قىزغىن مېھمان قىپتۇ.
تۇغلۇق نازىنىن قىزلارنىڭ ئىنىدە شۇنداق قىزغىن ئىلتىپاتىغا ئېرىشىپ، پۇتۇن قايغۇ - ئەلەملىرىنى ئۇنتۇغان ھالدا يەپ - ئىچىپ، ئۇلار بىلەن چاقچاقلىشىپ، خوشال - خورام ئولتۇرغاندا بىردىن يەر تەۋرىگەندەك بولۇپ، شىددەتلىك بوران-

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

نىڭ ئاۋازىدەك غەيرى بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ، قىزلار بىردىنلا ئالاقزادە بولۇشۇپ يىگىتكە:

— ئاكام كېلىپ قالدى، ئۇنى ئۆز سۆزىمىزگە كۆندۈرگەچ، ئۇنىڭ كۆزىدىن يىراق بولمىسىڭىز، ئۇ سىزنى ھالاك قىلىپ تاشلايدۇ، شۇڭا ۋاقتىنچە بىزگە بويسۇنۇپ تۇرۇڭ، — دەپتۇ - دە، تۇغلۇقنى دەرھال ئالمىغا ئايلاندۇرۇپ، ئۈستەلگە تىزىپ قويۇپتۇ.

قىزلارنىڭ ئاكىسى ھەيۋەتلىك سۇمرۇغ قىياپىتىدە كۈچلۈك قاناتلىرىدىن دەھشەتلىك ئاۋاز چىقىرىپ ئاسماندىن يەرگە پەرۋاز قىلىپ چۈشۈپتۇ - دە، كېلىشكەن يىگىت قىياپىتىدە ئۆيگە كىرىپ كەپتۇ ۋە بوسۇغىدىن ئاتلا - ئاتلىمايلا چىرايى سۈرلۈك تۈس ئاپتۇ:

— ھە، — دەپتۇ ئۇ دەھشەتلىك تۈۋلاپ، — ئۆيدىن ئادەم ئىسى كېلىدىغۇ؟!

سىڭىللىرى يېپىلىپ كېلىپ ئاكىسىنىڭ تىزىنى قۇچاقلاپتۇ.

— بىزنى بىر نەۋەت كەچۈر ھەم ئۇ بىچارىنىڭ خۇنىدىن كەچ.

— ئەھۋالنىڭ توغرىسىنى ئېيتىڭلار.

— ئاۋال ئۇنىڭغا چېقىلماسلىققا ۋەدە قىل، ئاندىن بىز ئۇنىڭ ئۆزىنىلا سەن بىلەن ئۇچراشتۇرىمىز.

— قېنى، دىگىنىڭلارچە بولسۇن.

قىزلار تۇغلۇقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپتۇ، ئاكىسى ئۇنىڭغا شۇنداق بىر تىكىلىپتۇ - دە، غۇلىچىنى كەرگىنىچە ئېتىلىپ بېرىپ ئۇنى قاتتىق قۇچاقلاپتۇ:

— دوستۇم!

يىگىتمۇ قىزلارنىڭ ئاكىسىنى قاتتىق قۇچاقلاپتۇ. قىزلار بۇ ئىككىسىگە تىكىلگىنىچە ھاڭ - تاڭ بولۇپ تۇرۇپلا قاپتۇ.

— دوستۇم، — دەپتۇ قىزلارنىڭ ئاكىسى، — سېنى بۇ يەرگە قانداق شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى؟

— بىر ئېغىز سوز بىلەن چۈشەندۇرۇش تەس، — دەپتۇ تۇغلۇق دوستىغا خوشاللىق بىلەن تەكلىپ، — ئەلۋەتتە تەقدىر شامىلى بولسا كېرەك.

قىزلارنىڭ ئاكىسى خوشاللىق بىلەن قاقاقلاپ كۈلۈپ، دوستىنى ئۇلتۇرۇشقا تەكلىپ قىپتۇ ۋە سىڭىللىرىغا قاراپ:

— مانا بۇ يىگىت، — دەپتۇ ئۇ دوستىنى سىڭىللىرىغا تونۇشتۇرۇپ، — شاھزادە تۇغلۇق!

— ئاھ، — دەپتۇ قىزلار خوشاللىق بىلەن چاۋاك چېلىپ، — سىزنى دەرىزىسىز ئۆيدىن ئازات قىلغان شاھزادە شۇ ئىكەن - دە!

قىزلار دەرھال شاھزادىگە تىزلىنىپتۇ:

— ئاكىمىزنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالغانلىقىڭىز ئۈچۈن رەھمەت!

شاھزادىنىڭ ئالدىغا يەنە خىلمۇ - خىل تاماقلار تىزىلىپتۇ. قىزلارنىڭ ئاكىسى ئۇنى تاماققا تەكلىپ قىلىپ تۇرۇپ، كەچۈرمىشلىرىدىن ھېكايە قىلىپ بېرىشىنى سوراپتۇ.

شاھزادە دەرىزىسىز ئۆيدىكى "نۇر چاچار يىلان"نى قوغۇۋەتكەندىن كېيىنكى كەچۈرمىشلىرىنى بىر - بىرلەپ سوزلەپ بېرىپتۇ. قىزلار ئۇنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ھېسداشلىقى ئېشىپ، كوزلىرىگە ياش ئاپتۇ. قىزلارنىڭ ئاكىسىمۇ قاتتىق ئىچ ئاغرىقى قىلىپ:

— يامان بوپتۇ، بىراق شۇنچە ئىشلار بولۇپ كەتكەچمۇ، مېنىڭدىن ياردەم تىلىمىگىنىڭگە ئۆكۈنىمەن، — دەپتۇ.

— مەن سېنى نەدىن تاپاتتىم، — دەپتۇ شاھزادە ھەيران بولۇپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى
www.uyghurkitap.com

— مەن سەن بىلەن خۇشلىشىش ئالدىدا، بېشىڭغا بىرەر كۈن چۈشسە، "دوستۇم" دېگەن سۆزنى ئېغىزىڭغا ئالساڭلا، مەن ساڭا دەرھال ئۆز ياردىمىمنى يەتكۈزىمەن، دېگەن ئىدىمغۇ!

— مۇنداق دېگەن، — دەپتۇ شاھزادە قاقاقلاپ كۈلۈپ، — ئۇ مېنىڭ تامامەن ئېسىمگە كەلمەپتۇ.

— دوستلارنى ئۇنتۇش يامان كىشىلەرنىڭ تۇزىسىغا چۈشۈپ كېتىشكە يول ئاچىدۇ، — دەپتۇ قىزلارنىڭ ئاكىسى شاھزادىگە چۈشەندۈرۈپ، — بۇنى ھەرگىز ئۇنتۇما.

پاراڭ بىلەن بولۇپ، كۈن كەچ كىرىپتۇ. شاھزادە شاھنىڭ ئۈچ يۈز ئاساۋ يىلقىسىنى ئېسىگە ئېلىپ، دوستىغا كېتىشكە ئىجازەت سوراپتۇ. دوستى يېنىدىن ئاتىنىڭ بىر تال مويىنى چىقىرىپ شاھزادىگە سۇنۇپتۇ:

— مانا بۇ مويىنى كۆيدۈرسەڭ ساڭا زورۇر بولغان ياراقلار تەقلەنگەن بىر ئات پەيدا بولىدۇ. ئۇ سېنىڭ خالىغان ئىشىڭنى ئورۇنلاپ بېرىشكە قادىر. سەن ئىشىڭنى بېجىرىپ بولغاندىن كېيىن يەنە ئۇنىڭ مويىدىن بىر تالنى يۇلۇۋېلىپ، ئۇزنى قويۇۋەت، زورۇر تېپىلغاندا مويىنى كۆيدۈرسەڭ ئۇ يەنە خىزمىتىڭگە تەييار بولىدۇ، مويىنى يوقىتىپ قويمىساڭلا، ئۇ ساڭا ئۆمرۈڭنىڭ ئاخىرىغىچە خىزمەت قىلىپ بېرىدۇ، — دەپتۇ.

شاھزادە مويىنى ئېلىپ جونىمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، دوستى سىڭىللىرىغا قاراپ:

— دوستۇمغا تۇتىدىغان يوللۇغىڭلار يوقمۇ؟ — دەپتۇ.

بۇ گەپ بىلەن تەڭ قىزلارنىڭ چوڭى بىر دانە تۇخۇم، ئوتتۇرانچىسى بىر تال چوكا، كەنجىسى بىر دانە ئەينەك ئېلىپ كېلىپ شاھزادىگە سۇنۇپتۇ.

بۇ نەرسىلەر كۆرۈنۈشتە ئادەتتىكىچە بولسىمۇ، لېكىن ھەر بىرىگە ئاجايىپ خاسىيەتلەر پۈتۈلگەن ئىكەن. تۇخۇم تەلەپ

قىلغۇچىغا خالىغان تاماقنى ھازىر قىلىپ بېرىدىكەن، چوكا تىكلىنىشى بىلەن نەغمە - ناۋا قىلىپ بېرىدىكەن، ئەينەك قارىغۇچىغا خالىغان جاي ۋە كىشىلەرنى كۆرسىتىپ بېرىدىكەن.

شاھزادە تۇغلۇق دوستى ۋە ئۇنىڭ سىڭىللىرى تۇتقان سوغىلارنى ئېلىپ باغنىڭ سىرتىغا چىقىپتۇ - دە، موينى كۆيدۈرۈپتۇ. شۇئان ئاجايىپ كېلىشكەن، ئىگەر - توقۇملۇق بىر قارا تۇلپار، ئۇزۇن سويلىنى سۆرىتىپ، كىشنىگەن پېتى ئۇنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. شاھزادە ئۆز دوستىنى كۆرگەندەك خۇشاللىق بىلەن ئۇنىڭ يايلىسىنى سىلاپ، ئۈستىگە مىنىپتۇ - دە، سويلىنى قاتتىق بىر شىلتىپتۇ، شۇئان ئات ئېغىزدۇرۇقىنى چايناپ، ئالدى ئاياقلىرىنى ئېگىز كۆتىرىپ قاتتىق بىر كىشنىگەن ئىكەن، تاغدا ئوتلاپ يۈرگەن بىرەر مىڭدىن ئارتۇق ئاساۋ ئاتلارنىڭ ھەممىسىلا دۈكۈرۈشۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەپتۇ. شاھزادە ئۇلارغا قاراپ سويلىنى شۇنداقلا بىر كۆتىرىپ قويغان ئىكەن، بىرەرسىمۇ ئۇيان - بۇيان بولماي، ئالدىغا چۈشۈپ، توپ - توغرا شاھنىڭ ئاتخانىسىغا كىرىپ بېرىپتۇ.

شاھزادە ئېتىنىڭ بىر تال موينى يۇلۇۋېلىپ، ئۇنى قويۇۋېتىپتۇ - دە، شاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ، ئۈچ يۈز ئاتقا قوشۇپ شاھقا تەۋە يەنە بىرمۇنچە ياۋايىلىشىپ كەتكەن ئاتلارنىمۇ ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. شاھ ئەسلى بۇ يىگىتنى ۋەزىپىنى بېجىرەلمەي قېچىپ كېتىدۇ، ياكى بۆرىلەرگە يەم بولۇپ تۈگەيدۇ، دەپ ئويلىغان ئىكەن. ئۇنىڭ ئورۇنلاش كىشىنىڭ ئەقلىگە سىغمايدىغان دەرىجىدىكى شۇنداق مۇشكۈل ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىققىنى شاھنى ئىنتايىن ھەيران قالدۇرۇپتۇ. شاھ ئۇيان ئويلىنىپ، بۇيان ئويلىنىپ، ئاخىرى ئۇنىڭ ئادەتتىكى كىشىلەردىن ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ، ئۇنى كۆزىتىپ بېقىش نىيىتىدە ئۆز يېنىدا ئېلىپ قېلىپ، ئوردىنىڭ پارچە - پۇرات

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
www.uyghurkitap.com

ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇپ ئەركىن - ئازادە يۈرۈشكە رۇخسەت قىپتۇ.

ھەپتىلەر، ئايلار ئۆتۈپتۇ، بالىنىڭ ھەركىتىدە ئۆزگىچە ئەھۋاللار كۆرۈلمەپتۇ، تاپشۇرۇلغان ئىشلارنى كۆڭۈل قويۇپ، پۇختا ۋە تولۇق بېجىرىدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇۋاپىق بولمىغان يەرلىرى بولسا، كۆڭلىدە ئويلىغانلىرىنى ئوچۇق ئېيتىپ، ئۆزىنىڭ تۈزىتىش توغرىسىدا كۆڭلىگە پۈككەنلىرىنى سۆزلەپ قويىدىكەن. شاھ بارا - بارا ئۇنىڭ زېھنىنىڭ ئىنتايىن ئۆتكۈرلۈكىنى پەملەپ، بەزىبىر ئىشلاردا ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىپمۇ قويىدىغان بولۇپ قاپتۇ. بۇنداق چاغلاردا شاھ ھامان ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن قانائەت تېپىپ، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشكەنلىكىدىن ئىنتايىن رازى بولۇپ، كۆڭلى يايراپ قالىدىكەن. بىراق يىگىتنىڭ ئاكىسىدىن ئېلىپ كەلگەن خېتىنى ئويلاپ كۆڭلى لاسىدە بولۇپ قالىدىكەن. ئۇ، شۇ ھالدا ئاكىسىنىڭ بۇ يىگىتنى نېمە ئۈچۈن ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلغانلىقىنىڭ تېگىگە يېتەلمەي، يىگىتنىڭ ئۆزىدىن سوراي دېسە، ئۇنى ئۈركۈتۈپ قويارمەنمىكىن، دەپ ئەنسىرىشىدىن قۇتۇلۇپ كېتەلمەي، باش قېتىمچىلىق ئىچىدە تۇرغىنىدا ئاكىسىدىن يەنە بىر پارچە خەت كېلىپ قاپتۇ، شاھ خەتنى ئېچىپ ئوقۇپ تۇرغىنىدا يىگىت كىرىپ كەپتۇ.

— خەتتە، — دەپتۇ شاھ تۇغلۇققا تىكىلىپ، — ئاكام ئۆز قىزىنى شەمسى شاھنىڭ شاھزادىسىگە بەرمەكچى بولۇپ، بىزنى تويغا تەكلىپ قىپتۇ، بۇ ئىشتىن سىنىڭ خەۋىرىڭ بارمىدى؟

— خەۋىرىم يوقتى، بىراق شۇنداق بولۇشىنى بىلەتتىم، — دەپتۇ تۇغلۇق جاۋاپ بېرىپ.

— ھەيرانمەن، — دەپتۇ شاھ تۇغلۇققا قاراپ، — سەن بۇ ئىشنى قانداق بىلىسەن؟

— مەن ئەنە شۇ شەمسى شاھنىڭ شاھزادىسىنىڭ نوۋكەرى ئىدىم.

— ئۇنداق بولسا، سەن ئۇ شاھزادىدىن قانداق قىلىپ ئايرىلىپ قالدىڭ؟

— بۇ توغرىلىق مەن بىر نىمە دەيەلمەيمەن، بۇ سىزنىڭ ئاكىڭىز بىلەن شاھزادىگە تەئەللۇق ئىش بولسا كېرەك.

— بايا سەن ئاكامنىڭ قىزى بىلەن شاھزادىسىنىڭ تويى بولىدىغانلىقىنى ئالدىن بىلىدىغانلىقىڭنى ئېيتتىڭ، دېمەك، سەن شاھزادە بىلەن سىرداش، شۇنداقمۇ؟

— شاھزادە مەندىن سىر ساقلايدۇ، بىراق بۇ ئىشلار مېنىڭ چۈشۈمدە ئايان بولغان، مېنىڭ چۈشلىرىم كۆپىنچە توغرا چىقىدۇ.

شاھ تۇغلۇقنىڭ سۆزلىرىگە قىزىقىپ قاپتۇ:

— ياھ، بۇمۇ قىزىق ئىشكەن، بۇ توغرىسىلىق چۈشۈڭدە يەنە قانداق ئىشلار ئايان بولغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەلەمسەن؟

— خىرە - شىرە ئېسىمدە قېلىشىچە، ئاكىڭىزنىڭ قىزىغا موڭغۇللار پادىشاسىمۇ ئەلچى كىرگۈزگەن، ئاكىڭىز شەمسى شاھنىڭ شاھزادىسىگە ۋەدە قىلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن، موڭغۇللار پادىشاسىنىڭ ئەلچىلىرىنى قايتۇرۇۋەتكەن، موڭغۇللار پادىشاسى بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلىنىپ، ئاكىڭىزغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن ئەسكەر توپلاۋاتقۇدەك، بەلكى بۇ ئۇرۇش ئاكىڭىزنىڭ قىزى بىلەن شاھزادىنىڭ توي مەرىكىسىگە توغرا كېلىپ قېلىشى مۇمكىن.

— ھە، سەن ئەۋلىيامۇ، قانداق؟

تۇغلۇقنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان شاھ شۇنداق دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپتۇ. چۈنكى ئاكىسىدىن كەلگەن خەتتە ئەنە شۇ سۆزلەر ئېنىق يېزىلىپ ئىنىسىدىن بىر قىسىم ئەسكەرلىر-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبىكىتى
www.uyghurkitap.com

مى ئەييارلاپ قويۇشنى تەلەپ قىلغان ئىكەن.

تۇغلۇق شاھنىڭ ھەيران قالغانلىقىغا قاراپ، ئىچىدە قاتتىق كۈلۈپتۇ، چۈنكى ئۇ بايان قىلغانلىرىنى چۈشىدە ئەمەس، دوستىنىڭ سىڭىللىرى ھەدىيە قىلغان ئەينەكتىن كۆرگەن ئىكەن.

تۇغلۇق ئەنە شۇ ئەينەككە ئېرىشكەن كۈندىن باشلاپ، ھەر كۈنى ئۇنىڭغا قاراپ مەلىكە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئىشلارغا سەپسېلىپ تۇرغان ئىكەن. بۇ جەرياندا ئۇ مەلىكىنىڭ بىر قېتىممۇ كۈلگىنىنى كۆرمەپتۇ، ھەيدەر بولسا، ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك پىقىراپلا يۈرىدىكەن، مەلىكە بولسا، ئۆزىنى خالى قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلىپ، كۆزلىرىدىن ئۈزلۈكسىز ياش تۆكۈپ كېسەل بولۇپ يېتىۋالىدىكەن. ئەنە شۇ جەرياندا ھەسەن شاھ شەمسى شاھقا نامە ئەۋەتىپ ئۆزىنىڭ شاھزادىگە باشپانالىق قىلىۋاتقانلىقىنى ۋە يېقىندا ئۇنىڭغا ئۆز قىزىنى چېتىپ، 4 كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ بېرىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپتۇ. شاھزادىسىدىن ئايرىلىپ، جۇدالىق ھەسرىتىدىن ئىككى پۈكۈلۈپ قالغان شەمسى شاھ، بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خوش بولۇپ كېتىپ، مەخپى ھالدا 40 توگىدە تويلۇق يوللاپ، ئۆز رەھمىتىنى ئىزھار قىلغان ئىكەن. مانا مۇشۇ 40 توگىدىكى تويلۇق مال ھەيدەرنىڭ مەلىكىنىڭ كۆڭلىنى ئالىدىغان بۇيۇملىرىغا ئايلانغان بولسىمۇ، قىز يەنىلا ھەيدەردىن بىزار ئىكەن. ئۇنىڭ كۆڭلىدە كىم بارلىقى تۇغلۇققا ناھايىتى ئېنىق ئىكەن، تۇغلۇق ئۆزىگە شۇنچىلىك ئىشتىياق باغلىغان بۇ مەلىكىنىڭ ۋەسلىگە ئېرىشىشنى ھەرقانچە ئويلىسىمۇ، ھەيدەرگە بەرگەن قەسمى يادىغا كېلىۋېلىپ، يەنىلا ئۇنىڭ ئۆزىنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغانلىقى ئۇنىڭ بارلىق رەزىللىكلىرىنى بېسىپ چۈشكەنىدە، شاھزادىنى ئۆزىنى بېسىۋېلىشقا مەجبۇر قىلىدىكەن. بىراق يېقىنقى كۈنلەردە ئەلچىلىرى قايتۇرۇلغان موڭغۇل-

لار شاھىنىڭ ئۈچ ئېلىش ئۈچۈن قىلىۋاتقان ئۇرۇش تەييارلىقى تۇغلۇقنى قاتتىق بىئارام قىپتۇ. ئەگەر ئۇلار ئۇرۇشتا غەلىبە قىلسا، مەملىكىتنى تارتىپ كېتىدىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق. مانا مۇشۇنداق ئەھۋالدا تۇغلۇق جەزمەن ئۇرۇشقا چۈشۈشى كېرەك...؟

تۇغلۇقنىڭ ھۆسەن شاھنىڭ سوئاللىرىغا جاۋابەن ئەينەكتە كۆرگەنلىرىنى ئايانماي سۆزلىشى ئەنە شۇ قارارغا كەلگەنلىكىدىن بولغان ئىكەن.

— سەن ھەقىقەتەن ئەۋلىيا ئىكەنسەن، — دەپتۇ ھۆسەن شاھ تۇغلۇقنىڭ ئۆز چۈشىدە كۆرگەنلىرىگە بەرگەن تەبىرىدىن ھەيران بولۇپ، — قېنى، ئېيتە، مەن ئەسكەرلىرىمنى ئېلىپ بارايمۇ - قانداق؟

— چۈشۈمدە بۇ توغرىلىق بىرەر نەرسە ئايان بولمىدى، لېكىن مۈشكۈللار يېڭىلىدۇ.

— يېڭىلىدۇ؟ مەيلى، بۇنى كېيىن كۆرەرمىز، لېكىن مەن سېنى ئېلىپ بارىمەن. تەييارلىق قىل.

ھۆسەن شاھ تۇغلۇقنى ھارۋىكەش قىياپىتىدە ياساپ ئىككى ھەپتىلىك قاتتىق يول ئازاۋىدىن كېيىن ئاكسىنىڭ شەھىرىگە يېتىپ كەپتۇ.

ھۆسەن شاھ ئاكسىنىڭ ئوردىسىغا كەلگەندىن كېيىن تۇغلۇقنى ئاكسىنىڭ نەزىرىدىن قاچۇرۇپ، ئارقا ھويلىدىكى خالى بىر ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ - دە:

— سەن بۇ ئۆيدىن قوزغالما، زورۇر بولغاندا مەن ئۆزەم كېلىپ سەن بىلەن سۆزلىشىمەن، — دەپ قويۇپ چىقىپ كېتىپتۇ.

توي باشلىنىپ كېتىپتۇ. تۇغلۇق قوسىغى ئاچسا خاسىيەتلىك تۇخۇم ئارقىلىق خالىغان تاماقنى ھازىرلاپ يەپ، ئىچى پۇشسا، خاسىيەتلىك چوكىدىن ئىسىل نەغمە - ناۋالارنى ئاڭلاپ، خاسىيەتلىك ئەينەك ئارقىلىق توي ئەھۋالىنى كۆرۈپ يېتىپتۇ.

www.uyghurkitap.com

ھۇسەن شاھنىڭ مەخسۇس كىشىلىرى ئارقىلىق ئۇنىڭغا كىرگۈزۈپ بەرگەن تويىنىڭ نازۇ-نېمەتلىرى شۇ بويىچە دۈۋىلىنىپ تۇرۇۋېرىپتۇ.

توي باشلىنىپ ئۈچىنچى كۈنى توغلۇقنىڭ ئەينىگدە موڭغۇل لەشكەرلىرىنىڭ ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقانلىقى ئايان بوپتۇ. ئۇ بۇ ئەھۋالنى ئۇزىنى ئىزلەپ كىرگەن ھۇسەن شاھقا مەلۇم قىلىپ، دەرھال ئۇلارغا قارشى لەشكەر ئەۋەتىشنى ئۇقتۇرۇپتۇ.

دەل شۇ چاغدا ھەسەن شاھنىڭ ئالدىنقى سەپتىكى قاراۋۇللىرىمۇ ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ، بۇ ئەھۋالنى شاھقا مەلۇم قىپتۇ.

ئوردىدا پاتىپاراقچىلىق كۆتۈرۈلۈپ، لەشكەرلەر دۈشمەنگە قارشى ئاتلىنىپتۇ. توي بەزمىلىرى توختاپ، ھەممە ساراسىمىگە چۈشۈپتۇ، كۈيوغۇل بولغۇچى ھەيدەرمۇ ۋەھىمە ئىچىدە نېمە قىلارىنى بىلمەي تويىنىڭ نازۇ-نېمەتلىرىنى بىر خالتىغا قاچىلاپ، "مەنمۇ ئۇرۇشقا قاتنىشىمەن" دېگەن باھانىدا، مۇبادا ھەسەن شاھ يېڭىلىپ قالسا، قېچىپ كېتىشنى كۆزلەپ ئۇزىنى ئالدىغا ئاپتۇ.

ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى پايانسىز چۆلدە، خۇددى ئىككى ياقتىن كەلگەن كەلكۈندەك شىددەت بىلەن ئۇچرىشىپ دەھشەتلىك جەڭنى باشلىۋېتىپتۇ. ھەش-پەش دېگۈچە ھەر ئىككى تەرەپتىن ئۆلۈكلەر تاغدەك دۈۋىلىنىپ، جەڭ ئاتلىرىنىڭ كىشنەشلىرى يەر-ئاسماننى لەرزىگە كەلتۈرۈۋېتىپتۇ.

جەڭ ئەنە شۇ ھالدا بىرقانچە سائەت داۋاملاشقاندىن كېيىن موڭغۇللار تەرەپ ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىپ، ھەسەن شاھنىڭ ئەسكەرلىرىنى شەھەر سېپىلىگە قاراپ قىستاشقا باشلاپتۇ، سېپىل ئۈستىدە تۇرۇپ، جەڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىپ تۇرغان شەھەر ئەھلى قاتتىق ساراسىمىگە چۈشۈپ قاپتۇ. دەل شۇ چاغدا قارا تۇلپار مىنگەن بىر ئەزىمەت سېپىل ئىچىدىن ئوقتەك ئېتىلىپ چى-

قىپتۇ - دە، دۈشمەن ئىچىگە شىددەت بىلەن ئېتىلىپ كىرىپتۇ،
ئۇنىڭ چاقناپ تۇرغان زۇلپىقارى خۇددى چېقىلغان چاقماقتەك
ۋال - ۋۇل قىلىپ، دۈشمەن لەشكەرلىرىنىڭ بېشىنى چوپ چاپقان-
دەك قىرىپ تاشلاپتۇ، ئۇنىڭ تۇلپارىمۇ ئالدىدىن كەلگەنلەرنى
چىشلەپ، ئارقىدىن كەلگەنلەرنى تېپىپ، ئۆز ئىگىسىنىڭ ئالغا
ئىلگىرىلىشىگە يول ئېچىپ، جەڭ مەيدانىدا لاچىندەك پەرۋاز
قىپتۇ.

دۈشمەن لەشكەرلىرى ئۆزلىرىگە ئەجەل يوللاۋاتقان بۇ
تەڭداشسىز باتۇر ئالدىدا ئېغىر ساراسىمىگە چۈشۈپ پاتىپاراق
بولۇپ قېچىپتۇ، بۇنى كۆرگەن ھەسەن شاھنىڭ لەشكەرلىرى ئا-
جايىپ روھلىنىپ كېتىپتۇ - دە، قاچقان دۈشمەنلەرنى سۈرۈپ -
توقاي قىلىپ كەچ كىرگىچە ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمىنى قىرىپ
تۈگىتىپتۇ.

كەچ كىرىپتۇ، جەڭمۇ توختاپتۇ، بىراق بۇ جەڭنىڭ ئاخىر-
لاشقانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدىكەن، موڭغۇل پادىشاسى ئەزەلدىن
يېڭىلگىنىگە تەن بەرگەن ئەمەسكەن، بۈگۈن يېڭىلسە، ئەتىسى
تېخىمۇ زور كۈچ بىلەن باستۇرۇپ كېلىدىكەن. شۇڭا ھەسەن
شاھ تەرەپ، گەرچە غەلىبە تەنتەنىسى بىلەن چەكسىز خوشاللىق-
قا چۆمۈلگەن بولسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن موڭغۇل پادىشاسىنىڭ
ئەتىلا باستۇرۇپ كېلىدىغان تېخىمۇ زور قوشۇنىغا تاقابىل تۇ-
رۇش تەييارلىقىنى ئىشلەشكە باشلاپتۇ. بۇ جەرياندا ھەممە ھېلى-
قى قارا تۇلپارلىق چەۋەندازنى ماختىشىپتۇ. بىراق ئۇنىڭ كىم
ئىكەنلىكىنى بىلىشەلمەپتۇ، بەزىلەر ئۇنى "ھەسەن شاھنىڭ كۈ-
يوغلىكەن" دېگەن سۆزلەرنىمۇ قىلىشىپتۇ. قارا تۇلپارلىق چە-
ۋەنداز ئارىدا بولمىغاچقا، ئەتىدىن - كەچكىچە ئۆزىنى دال-
دىغا ئېلىپ موكۇپ ياتقان ھەيدەرمۇ: "بۇ، مەن ئىدىم، ئەتە
يەنە جەڭگە قاتنىشىشقا تەييارمەن" دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. بۇنى

www.uyghurkitap.com

ئاڭلىغان كىشىلەر ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇپ، شۇنداق قەيسەر كۈيوغۇلنى تاللىغان ھەسەن شاھقىمۇ قىزغىن مەدھىيە ئوقۇپتۇ.

بىراق بۇ قارا تۇلپارلىق چەۋەندازنىڭ ھەيدەر ئەمەس، بەلكى شاھزادە تۇغلۇق ئىكەنلىكى ھېكايە ئاڭلىغۇچىلارغا چۈشىنىشلىك بولسا كېرەك. ئۇ خاسىيەتلىك ئەينەكنىڭ ئايان قىلىشى بىلەن ھەسەن شاھ تەرەپنىڭ يېڭىلىشقا يۈزلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن دوستى تەقدىم قىلغان قارا تۇلپارنىڭ مويىنى كۆيدۈرگەن ئىكەن، ئىگەرىگە ساۋۇت، دوبۇلغا، قىلىچ - قالقانلار ئېسىلغان تۇلپار كىشنەپ يېتىپ كەپتۇ، ئۇ ئەنە شۇ ساۋۇت، دوبۇلغىنى كىيىپ، قىلىچ - قالقانلارنى قولىغا ئېلىپ، قارا تۇلپارغا مىنىش بىلەن كىشىنىڭ ئەقلىگە سىغمايدىغان دەرىجىدىكى ئەنە شۇ قەھرىمانلىقنى نامايەن قىپتۇ.

شاھزادە تۇغلۇق جەڭ ئاياقلاشقاندىن كېيىن، قارا تۇلپارنىڭ بىر تال مويىنى يۇلۇپ ئېلىپ، ئۇنى قويۇۋېتىپتۇ - دە، قاتتىق چارچاپ كەتكەنلىكىدىن ئۆز ھوجرىسىغا كىرىپ قاتتىق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ئەنە شۇ چاغدا ھۇسەن شاھ ئۇنىڭ يېنىغا كىرىپ، ئۇنىڭ ھوزۇر قىلىپ ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ - دە، "چۈش كۆرۈشكە" دەخلى يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ چىقىپ كېتىپتۇ.

تاڭ ئېتىپتۇ، شاھزادە ئويغىنىپ، دەرھال ئەينەككە قاراپتۇ، ئەينەكتە موڭغۇل تەرەپنىڭ تېخىمۇ كۆپ لەشكەر باشلاپ كېلىۋاتقىنى ئايان بوپتۇ. ئۇ دەرھال كىيىنىپتۇ - دە، ئالدىراپ كىرىپ كەلگەن ھۇسەن شاھقا كۆرگەن "چۈشى"گە ئاساسەن بۈگۈن تېخىمۇ قاتتىق جەڭگە تەييارلىق قىلىپ تۇرۇش كېرەكلىكىنى ئېيتىپتۇ.

دىگەندەك موڭغۇل تەرەپ ناھايىتى كۆپ لەشكەر ئېلىپ كەپتۇ. جەڭ يەنە باشلىنىپتۇ، ھەسەن شاھ تەرەپ يەنە يېڭىلىش-

كە يۈزلەنگەن ھامان شاھزادە تۇغلۇق يەنە تۇلپارنىڭ موينىنى كۆيدۈرۈپتۇ. تۇلپار ئالدىنقى كۈندىكى قىياپەت بىلەن يېتىپ كەپتۇ. شاھزادە دوبۇلغا، ساۋۇتىنى كىيىپ، يەنە جەڭگە پەرۋاز قىپتۇ.

بۈگۈنكى جەڭدە موڭغۇللار، بۇ قارا تۇلپارلىققا خېلى قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ زۇلپىقارى ئالدىدا باشلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۈزۈلۈشىگە بەرداشلىق بېرەلمەي، يەنە چېكىنىشكە مەجبۇر بوپتۇ. كەچ كىرىپتۇ، جەڭمۇ توختاپتۇ.

ئۈچىنچى كۈنى موڭغۇل ئەسكەرلىرى يەنە كەپتۇ، بىراق ھەسەن شاھنىڭ لەشكەرلىرى ئۇلار بىلەن ھەچقانچە ئۇرۇشمايلا چېكىنىپ تىرە - پىرەك بولۇپ كېتىپتۇ. چۈنكى موڭغۇل تەرەپتە قولغا كوندۇرگەن چوڭ بىر ئەجدىھا بولۇپ، لەشكىرىدى كۆچى بىلەن تەڭ كېلەلمىگەن موڭغۇللار ئەنە شۇ ئەجدىھانى ئېلىپ كەلگەن ئىكەن، ئەجدىھا ئاغزىدىن ئوت - يالقۇن چېچىپ توغرا كەلگەن كىشىنى يالماپ - يۇتۇپ، ياكى چايناپ - پۇركۈپ ئالغا ئىلگىرىلەۋېرىپتۇ. بۇنىڭغا تەڭ كېلەلمىگەن ھەسەن شاھنىڭ لەشكەرلىرى توغرا كەلگەن تەرەپكە قېچىپ، ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىشىپتۇ، موڭغۇللار ئەنە شۇ ھالدا ئوردىغا بېسىپ كىرىپتۇ - دە، تويى بولۇۋاتقان مەلىكىنى ئېلىپ، يولىغا راۋان بوپتۇ، كوز يۇمۇپ - ئاچقىچە قولغا كەلگەن موڭغۇللارنىڭ بۇ غەلىبىسىنى كورگەن شاھزادە تۇغلۇق يەنە قارا تۇلپارىنى مىنىپ، موڭغۇللارنى قوغلاپ يېتىپتۇ - دە، ئەجدىھاغا تىغ ئۇرۇپتۇ، لېكىن ئەجدىھامۇ چاققانلىق بىلەن شاھزادىنىڭ بەلىگە ئېغىز سېلىپ ئۈلگۈرۈپتۇ، شاھزادە دەرھال بىھوشلىنىپتۇ - دە، ئىختىيارسىز "دوستۇم" دەپ پىچىرلاپ تاشلاپتۇ. شۇ ئان ئەجدىھانىڭ تىغ تەككەن يېرىدىن كوكۈش ئىس كوتىرىلىپ، يې-

شىل يالقۇنغا ئايلىنىپتۇ - دە، ھەش - پەش دېگۈچە ئەجدىھا كۆيۈپ كۈل بولۇپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن موڭغۇللار قورققىنىدىن مەلىكىنى تاشلاپ قېچىپتۇ، مەلىكە پەيتۇندىن سەكرەپ چۈشۈپ، بېشىدىن ياغلىقىنى ئېلىپ يىگىتنىڭ ئەجدىھا چىش سالغان بىلىكىنى تېڭىپتۇ، كۆز يۇمۇپ - ئاچقىچە ئەتراپ قارا تۇلپارلىق بۇ يىگىتنى كۆرۈش ئۈچۈن كەلگەن كىشىلەر بىلەن لىق تولۇپتۇ. كۆپ ئۆتمەي ئاكا - ئۇكا شاھ ھەسەن - ھۈسەنلەرمۇ بۇ قەيسەر يىگىتنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن ئات چاپتۇرۇپ يېتىپ كەپتۇ. يىگىت ھوشىغا كەپتۇ. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، بېشىدىن دوبۇلغىسىنى ئالغاندا ئاكا - ئۇكا شاھلار ئۇنى تونۇپ، ھاڭ - تاڭ بولغىنىچە بىر بىرىگە قارىشىپ تۇرۇپلا قاپتۇ. مەلىكە بولسا، ئۆزىنى تۇتالماي يىگىتنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئېتىپتۇ. يىگىت بولسا، قىزنى مۇلايىملىق بىلەن ئۆزىدىن يىراقلاشتۇرۇپ، ھەسەن شاھقا قاراپ:

— بۈگۈنكى چۈشۈمنىڭ بىشارەت بېرىشىچە موڭغۇللار ئەمدى بۇ يۇرتقا قەدەم بېسىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ، — دەپتۇ.

ھەسەن شاھ يىگىتكە ئۆزىنى ئېتىپ، ئۇنى مەھكەم قۇچاقلاپتۇ - دە، كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئېلىپ:

- بۇ سېنىڭ شەرىپىڭ، سەن پۈتكۈل خەلقنىڭ شەرىپى، — دەپتۇ.

شۇ ئەسنادا ئارقىدىكى كىشىلەر تەۋرىنىپ قاپتۇ، ھەممە ھەيران بولغان ھالدا ئارقىسىغا قارىغۇدەك بولسا، شەمسى شاھ بىلەن ئۇنىڭ ۋەزىرى نەچچە مىڭلىغان لەشكەرلىرىنى باشلاپ، ھەسەن شاھنىڭ موڭغۇللارغا قارشى ئۇرۇشىغا ياردەم بېرىشكە يېتىپ كەلگەن ئىكەن، تۇغلۇق قوشۇن ئالدىدىكى دادىسىنى كۆرۈپ، "دادا!" دەپ توۋلىغىنىچە ئۇنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ بېرىپتۇ، شەمسى شاھمۇ "بالام!" دېگىنىچە ئېتىدىن سەكرەپ چۈ-

شۇپ، تۇغلۇقنى باغرىغا بېسىپتۇ. كوزلىرىدىن ئاققان خوشاللىق ياشلىرى ئاتا - بالىنىڭ جۇدالىقتا سارغايغان يۈزلىرىنى شەب- نەم يۇغان بىر جۇپ چوغلۇقتەك ياشنىتىۋېتىپتۇ. ئاكا - ئۇكا شاھلار شاھزادىنىڭ قولى دەپ تونۇپ، ھەتتا "شاھزادە" نىڭ ئوت - قويرۇقلۇق قىلىشى بىلەن ئولتۇرۇپ تاشلاشقا تاس قال- غان بۇ يىگىتنىڭ ئەمەلىيەتتە شەمسى شاھنىڭ ئوغلى بولۇپ چىققانلىقىغا ھەيران بولۇپ، ئىشىنىڭ تەكتىگە چۈشىنەلمەي تۇ- رۇپ قاپتۇ. بۇنى چۈشەنگەن شەمسى شاھنىڭ ۋەزىرى ئوغلى ھەيدەرنى قولىدىن يېتىلىگىنىچە ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. ھەي- دەر ئەسلىدە قېچىپ كېتىۋېتىپ ئۇلارغا دوقۇرۇشۇپ قالغان ئىكەن.

— ھەممىنى قىلغان مانا مۇشۇ، — دەپتۇ ۋەزىر ئوغلىنى سىلكىشلىگىنىچە غەزەپلىنىپ، — مانا مۇشۇنداق قارا نىيەتكە ئاتا بولغىنىمغا خىجىلمەن، شۇڭا بۇنىڭ كاساپىتىدىن پەيدا بولغان بارلىق ئوقۇشماسلىقلارنى مۇشۇنىڭ قېنى ئارقىلىق يۇيۇپ تاش- لاش ئۈچۈن بۇنى سىلەرنىڭ قىلىچىڭلارنىڭ ئاستىغا تاشلاي- مەن.

ۋەزىر شۇ سۆزلەردىن كېيىن ئوغلىنى خۇددى كۈچۈكنى قامالىغاندەك قامالاپ، ئاكا - ئۇكا شاھلارنىڭ ئالدىغا تاش- لاپتۇ، ھەيدەر ئۇلارنىڭ ئايىغى ئاستىدا بېشىنى كوتىرەلمەي تىترىگىنىچە يېتىپ قاپتۇ. شاھزادە تۇغلۇق دادىسىنىڭ قوچقى- دىن ئاجراپ، ھەيدەرنىڭ يېنىغا كېلىپتۇ - دە، ئۇنى يولەپ تۇرغۇزۇپ، شاھزادىلىك كىيىمىدىكى توپا - چاڭلارنى قېقىپ تۇرۇپ:

— مەن ئۆز مەردانىلىقىم بىلەن ساڭا قىلغان قەسەم- نىڭ ھۆددىسىدىن چىقتىم، لېكىن سەن نامەرتلىكىڭدىن ساڭا بەرگەن كىيىمىمنىمۇ ئوڭلاپ كىيەلمىدىڭ. شۇنداقتىمۇ مەن سى- نىڭ مېنى بىر نۆۋەت ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قالغانلىقىڭنى ھەر-

گىز ئۇنتۇمايمەن، شۇڭا مەنمۇ سېنى بۇ نوۋەت ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قالماقچىمەن. ئەمما سەن ئازات، مەلىكە بىلەن مۇرات - مەقسىتىڭگە يەت.

مەلىكە بۇ گەپنى ئاڭلاش بىلەن تىڭ ئاتىسىنىڭ ئالدىغا تىزلىنىپتۇ:

— مەن ھەقىقىي شاھزادىگە تېگىشىم كېرەك، ئاتا، مېنى ئۇنىڭغا زورلىماڭ.

ھەيدەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ، يېقىن ئەتراپتىكى ئېگەرلىك ئاتلارنىڭ بىرىگە مىنىپتۇ - دە، ئوقتەك چاپقىنىچە كۆزدىن غايىپ بوپتۇ. ئۇنىڭ كەينىدىن ئات چېپىپ كەتكەن كىشىلەر ئۇنىڭ دەريا سۈيى چەتكە ئۇرۇپ چىقىرىۋەتكەن جەسىتىگە يولۇقۇپتۇ. ئۇنىڭغا ھېچكىممۇ ئىچ ئاغرىتىپ قويماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەسەن شاھنىڭ ئوردىسىدا يەنە قىرىق كېچە - كۈندۈزلۈك توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈلۈپ، شاھزادە تۇغلۇق بىلەن مەلىكىنىڭ نىكاھى ئوقۇلۇپتۇ.

## خاسىيەتلىك ئەنگۈشتەر ،

بۇرۇنقى زاماندا قىش بولماس بىر شەھەر بولغان ئىكەن.
بۇ شەھەرنىڭ باغلىرىدا يىل بويى مېۋىلەر مەي بولۇپ، تاغ-
لىرىدا مايلار مايغا تولۇپ تۇرىدىكەن. ئوزۇق - تۈلۈك مول
ئىكەن. خەلقى شات ئىكەن.

بىراق، مويسىپىتلارنىڭ ئېيتىشىچە بۇ شەھەر بۇرۇنىنىڭ
بۇرۇنىسىدا قىشمۇ - ياز قارغا كۆمۈلۈپ تۇرىدىغان، كۈنىدۈزى-
نىڭ تايىنى يوق، كېچىسى ئۇزۇن بولىدىغان، جۇدۇن - چاپ-
قۇنلۇق شەھەر ئىكەن، شۇڭا بۇ يەردە تىرىكچىلىك قىلىش ئىن-
تايىن قىيىنكەن. كىشىلەر دائىم سوغاق ۋە ئاچلىق ئازاۋىدىن
ئۆلۈپمۇ قالىدىكەن. شۇڭا ئۇلار خۇداغا نالە قىلىپ، بۇ ئازاپ
ئوقۇبەتلىك تۇرمۇشتىن قۇتۇلدۇرۇپ قويۇشنى تەلەپ قىلىپ،
ئىبادەت قىلىپ تۇرىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە كىشىلەر بىر يەرگە يىغىلىپ، خۇدا-
غا يالۋۇرۇپ كۆز يېشى قىلىۋاتقاندا، ئۇشتۇمتۇت ئەتراپ سۈبە-
ھى كۆتىرىلگەندەك يورۇپ، كۈن چىقىش تەرەپتە ئاپپاق ساقال-
لىق بىر بوۋاينىڭ يوغان گەۋدىسى پەيدا بولۇپتۇ. بۇ خىزىر
ئىكەن. ئۇ كۆپچىلىككە قاراپ مۇنداق دەپتۇ:

— بەس، ئەمدى يېتەر، ھەقىقەتەن ياخشى كۈن كۆرۈشنى
ئارزۇ قىلساڭلار، ئەنگۈشتەرلى قولۇڭلارغا ئېلىڭلار، ئۇ ئاۋۇ
تاغدا.

خىزىر قولى بىلەن يان تەرەپنىكى ئىشارە قىپتۇ.
چوققىلىرى بىر بىرى بىلەن كىرىلىشىپ بۇلۇتقا تاق-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شىپ تۇرغان بۇ تاغنىڭ ئارىسىدا قانداقتۇر بىر يورۇقلۇق جۇ-
لالىنىپ تۇرغۇدەك. كىشىلەر ئۇنى كۆرۈپ خوشال بولۇپ،
خىزىرغا:

— ئاتا، ئۇنى قانداق ئالىدۇ؟ يولنى كۆرسىتىپ قوي-
سىلا،— دېيىشىپتۇ. خىزىر:

— قورقۇمسىز، چىدامىلىق باتۇردىن ئىككىنى تاللاپ يولغا
سېلىڭلار، مەن ئۇلارغا يار،— دەپتۇ ـ دە، غايىپ بوپتۇ.
كىشىلەر ئىنتايىن خوش بولۇپ، ئىككى باتۇرنى تاللاپ دەر-
ھال يولغا ساپتۇ ـ دە، ئۇلارنىڭ ئەنگۈشتەرنى ئېلىپ كېلىشنى
تەقەززالىق بىلەن كۈتۈشكە باشلاپتۇ.

ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتۈپ، ئەنگۈشتەرنى ئېلىپ كېلىش-
كە كەتكەن ئىككى باتۇر قايتىپ كەپتۇ. ئۇلار ئەنگۈشتەرنى
ئېلىپ كەلگەن ئىكەن، ئۇلارنىڭ قولىدىكى ئەنگۈشتەرنىڭ نۇر
چېچىشىغا ئەگىشىپ ئىللىق باھار قۇياشمۇ كۆتىرىلىپتۇ. ئەتراپ-
تىكى قارلار ئېرىپ، دالانى گۈل ـ چېچەكلەر قاپلاپتۇ. خەلق
ئىككى باتۇرنى گۈل ـ چېچەكلەر ئارىسىدا خوشال ـ خورام
كۈتۈپ ئاپتۇ.

ئەنە شۇنىڭدىن بۇيان بۇ شەھەر قىش بولمايدىغان شە-
ھەرگە ئايلىنىپتۇ.

بۇ شەھەردە ھازىرمۇ ئەنە شۇ ئىككى باتۇر ئېلىپ كەل-
گەن ئەنگۈشتەر بار ئىكەن، بۇ شەھەرنىڭ قىش كۆرمەي ئاۋات-
لىشىپ تۇرۇشىمۇ ئەنە شۇ ئەنگۈشتەرنىڭ خاسىيىتىدىن ئىكەن.
شۇڭا خەلق بۇ ئەنگۈشتەرنى كۆز قارچۇغىدەك ئەتىۋالاپ نۇۋەت
بىلەن قولدىن ـ قولغا ئۆتكۈزۈپ ساقلايدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ شەھەرنى بىردىنلا قاراڭغۇچىلىق
بېسىپ كېتىپتۇ. ھاۋامۇ سوۋۇپ، گۈل ـ چېچەكلەر ئۈستىنى ق-
رو قاپلاپتۇ، ئاندىن بىرقانچە كەز قېلىنلىقتا قار يېغىپ، پۈتۈن

ئەتراپ قار - مۇز ئاستىدا قېلىپ قاپتۇ، مال - ۋارانلار ئۆلۈشكە، ئادەملەرگە ئاچارچىلىق ۋەھىمە سېلىشقا باشلاپتۇ. كىشىلەر بۇ ئىشقا دەسلەپ قاتتىق ھەيران بوپتۇ. كېيىن ئېسىنى يىغىپ ئەنگۈشتەرنى ساقلاۋاتقان كىشىنىڭ ئۆيىگە بېرىشىپتۇ - دە، ئۆي ئىگىسىنىڭ بولۇمسىز خوتۇنىنىڭ ئەنگۈشتەرنى قالايمىقان تاشلاپ قويۇپ، سۈپۈرەندىگە ئارىلاشتۇرۇپ سۈپۈرۈۋەتكەنلىكىنى، شۇنىڭ بىلەن ئەنگۈشتەرنىڭ غايىپ بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلىشىپتۇ. بۇنىڭدىن خەلق قاتتىق ئۆكۈنۈپ، ئۆي ئىگىسىنىڭ ئايالىنى تازا تىللىشىپتۇ، لېكىن بۇنىڭ بىلەن ئۆتكەن ئىشنى ئورنىغا كەلتۈرگىلى بولامتىمۇ؟ كىشىلەر يەنە خۇداغا نالە قىلىپ ئەنگۈشتەرنى كەلتۈرۈپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىپتۇ. خېيىرغىمۇ يالۋۇرۇپتۇ، نە خۇدا، نە خىزىردىن سادا كەلمەپتۇ. ئۇلار ئاخىرى كېلىشىپ، ئەنگۈشتەرنىڭ ئەسلى ماكانى بولغان تاغقا ئىككى باتۇرنى ماڭدۇرماق بوپتۇ. ئۇلار كىمنىڭ بېرىشى كېرەكلىكىنى غۇل - غۇلا قىلىپ تۇرغاندا توپ ئىچىدىن پەرمانقۇل ئىسىملىك — داۋاملىق كىشىلەرنىڭ پايدىسى ئۈچۈنلا ئىش قىلىپ كېلىۋاتقان 18 ياشلاردىكى قامەتلىك باتۇر يىگىت "مەن بارىمەن" دەپ مەيدانغا چىقىپتۇ. كىشىلەر ئۇنى كۆرۈشى بىلەنلا خوشال بولۇشۇپ بىر ئېغىزدىن ماختىشىپ كېتىپتۇ، كىشىلەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭى تېخى بېسىلمىغان ئىكەن، كىشىلەر ئارىسىدىن "بىرىگە مەن باراي" دېگەن ئىككىنچى كىشىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. كىشىلەر ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە قاراپ تاڭ قېتىشىپ تۇرۇشۇپلا قاپتۇ. چۈنكى مەيدانغا چىققان بۇ ئىككىنچى كىشى دائىملا كىشىلەرنىڭ زىيىنىغا ئىش قىلىپ كەلگەن مىرزا گالۋاڭ ئىسىملىك ھورۇن يىگىت ئىكەن.

— كىشىلەر مىرزا گالۋاڭغا بىر ھازا ھەيران بولۇپ قارىشىپ تۇرغاندىن كېيىن:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— بوپتۇ، كىشىلەرنىڭ زىيىنىغا ئىش قىلىشىنى قول ئۈ-
زۈپ، پايدىلىق ئىشقا بەل باغلىغانلىغىغا رەھمەت، بوپتۇ، بىز
ئۇلارغا ئاق يول تىلەپ دۇئا بېرەيلى، دېيىشىپتۇ.

كىشىلەر ئىككىسىگە دۇئا بېرىپتۇ، پەرمانقۇل بىلەن مىرزا
گاللىۋاك كىشىلەر بىلەن خوشلىشىپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ.

مىرزا گاللىۋاكنىڭ سەپەرنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرى خېلى دىلدىل
بوپتۇ. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى بوشىشىپ ئۇز گاللىۋاكلىغىنى كورسى-
تىشكە باشلاپتۇ. سەپەر ئاۋۇيدىغان چاغلاردا دەم ئالماي، دەپ
يىپتۇۋېلىپ، دەم ئالىدىغان چاغلاردا تېشىقان قوغلاپ كېتىپ قې-
لىپ، ئۇزىنمۇ، پەرمانقۇلنىمۇ دەم ئالدۇرماپتۇ. ئېتىنمۇ قاتتىق
چارچىتىپتۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە قارنى يامانلىق قىلىپ، سەپەرگە
ئېلىۋالغان ئۇزۇق - تۇلۇگىنى يەپ تۇگىتىپ، پەرمانقۇلنىڭ
بەرگىنىگە قانائەت قىلماي، كورسە سوراپ، كورمىسە
ئوغرىلاپ يەپ، ئۇنىڭ ئۇزۇق- تۇلۇگىنىمۇ بىر يەرگە ئاپىرىپ
قويۇپتۇ. پەرمانقۇل ئۇنىڭغا كوپ نەسىھەت قىپتۇ. مىرزا گاللىۋاك
نەسىھەتكە قۇلاق سالماي ئۇزى بىلگەننى قىلىۋېرىپتۇ. شۇنداق
قىلىپ كوپ ئۆتمەي پەرمانقۇل ئېلىۋالغان ئۇزۇق - تۇلۇكىمۇ
تۈگەپتۇ، مىرزا گاللىۋاكنىڭ دەم ئالدۇرماي قالايمىقان چېپىپ
كاردىن چىقارغان ئېتىمۇ ئولۇپتۇ. ئۇز يۇرتىنىڭ بېشىغا كەل-
گەن بالايۇ - ئاپەتنى چاپسانراق تۈگىتىش ئۇچۈن ئەنگۈشتەر-
نى تېزرەك قولغا كەلتۇرۇشكە تەقەززا بولۇۋاتقان پەرمانقۇل
مىرزا گاللىۋاك كەلتۇرۇۋاتقان پىشكەللىكلەردىن تىت - تىت بو-
لۇپ، ئۇنىڭغا كوڭلىدە غەزەپلەنسىمۇ، ئۇنى يولدا تاشلاپ
كېتىشنى نامەردلىك، دەپ ھېساپلاپ، ئۇنى ئېتىغا مىنگەشتۇ-
رۇپتۇ - دە، يولىنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىپتۇ.

ئۇلار ئەنە شۇ ھالدا قوسىغى ئاچسا ياۋايى ھايۋانلارنى
ئوۋلاپ يەپ، كېچە - كۈندۈزلەپ يول يۇرۇپتۇ، ئات كەينىگە

مىنگىشىۋالغان مىرزا گالۋاڭ چۇلۋۇرنىڭ ئۆز قولىدا بولماي خالىغانچە ھەركەت قىلالىغانلىقىغا ئىچى پۇشۇپ، قىلىدىغان قىلىق تاپالماي ئىگەرنىڭ قۇشقۇن ۋە ئۇلاغلىرىنى كېسىپ تاشلاپتۇ. بۇنى پەرمانقۇل سەزمەي قاپتۇ. ئۇلار شۇ ھالدا بىر ھازا ماڭغاندىن كېيىن بىر دوقمۇشتىن ئايلىنىشىغا چىغ تۈۋىدىن بىر توشقان سەكرەپ چىقىپتۇ. بۇنىڭدىن ئۈركىگەن ئات ئۆزىنى بىر يانغا تاشلىغان ئىكەن، پەرمانقۇل بىلەن مىرزا گالۋاڭ ئىگەر بىلەن بىللە يەرگە سىرىلىپ چۈشۈپتۇ، ئات شۇ ئۈركىگىنىچە ئورمانلىق ئارىسىغا كىرىپ غايىپ بوپتۇ. مىرزا گالۋاڭ يىقىلغىنىچە ئورنىدىن تۇرماي يېتىۋاپتۇ. پەرمانقۇل ئۇنى يۆلەپمۇ تۇرغۇزالماي تىت-تىت بولغىنىچە ئېتىنى ئىزلەش ئۈچۈن ئورمانلىققا كىرگەن ئىكەن، ئۇنىڭ ئالدىدا ئاپپاق ساقاللىق بىر بوۋاي پەيدا بوپتۇ، پەرمانقۇل ئۇنىڭغا ئەدەپ بىلەن سالام بېرىپتۇ، بوۋاي ئۇنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ:

— مەن ھەممە ئىشىڭدىن خەۋەردارمەن ئوغلۇم، سەن ئۆز يۇرتۇڭنىڭ بېشىغا كەلگەن بالايۇ-ئاپەتنى بالدۇرراق سۈرۈپ تاشلاش ئۈچۈن كېتىۋاتىسەن، مۇشۇنداق ئارمان، ئىرادە بىلەن مەيدانغا چىققان كىشى جاپا-مۇشەققەت، خەۋپ-خەتەر ئالدىدا تەۋرەنمەي داۋاملىق ئىلگىرىلىسىلا مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ، — دەپتۇ.

پەرمانقۇل بوۋاينىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ئادەتتىكى كىشى بولماي، بەلكى ئاق كۆڭۈل كىشىلەرگە يار-يۆلەك بولۇپ تۇرىدىغان خىزىر ئىكەنلىكىنى پەملەپتۇ-دە، ئۇنىڭ ئالدىغا تىزلىنىپ:

— ئاتا، ماڭا يول كۆرسەتسىلە، — دەپتۇ. خىزىر:

— نىشانىڭگە يېتىشكە ئاز قالدى ئوغلۇم، بۇ ئورمانلىقتىن ئۆتسەڭ مۇنارلىق بىر جىلغىغا يېتىسەن، بۇ يەردە ھەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خىل مېۋىلەر پىشىپ كەتكەن بولۇپ، بۇ پەقەت مايمۇننىڭلا نەسىۋىسى، ئۇنى يېگەن كىشى مايمۇنغا ئايلىنىپ قالىدۇ، شۇڭا ئۇنى يېگۈچى بولما، ئۇنىڭدىن ئۆتسەڭ غار ئىچىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان ئاجايىپ سۈزۈك بۇلاق سۈيىگە دۇچ كېلىسەن، بۇ سۇنىڭ سۈزۈكلۈكىدىن تېگىدىكى تاشلار قاش تېشىدەك يالتىراپ كۆرۈنىدۇ، ئۈستىدە بولسا، قۇياش نۇرى رەڭلىنىپ، خۇددى ئەتلەستەك جىلۋىلىنىپ تۇرىدۇ، ئۇنى كۆرگەن ھەر قانداق كىشىنىڭ تەشنالىقى كۈچىيىپ، ئۇنىڭدىن قانغۇدەك ئىچىۋالغۇسى كېلىدۇ، لېكىن ئۇنى ئىچكەن كىشى تاشقا ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇنداق كىشىنى سەن ئېلىپ كەلمەكچى بولغان ئەنگۈشتەردىن باشقا ھېچ نەرسە ئەسلىگە كەلتۈرەلمەيدۇ، شۇڭا ئۇ سۇنىمۇ ئىچىشتىن ساقلان. ئۇ غاردىن ئۆتسەڭ تىك چوققىغا يامىشىسەن، ئەنە شۇ چوققىنىڭ قاق بېلىدە يەنە بىر غار بار. بۇ ئەنە شۇ ئەنگۈشتەرنىڭ ماكانىغا كىرىدىغان يول، بۇ يەرنى خىرىس قىلىپ تۇرغان ئىككى يولۋاس ساقلايدۇ، سەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا بارغاندا قورقما، چىرايىڭنىمۇ ئۆزگەرتمەي، سالماق قەدەم بىلەن غارغا قاراپ مېڭىۋەرسەڭ يولۋاسلار بىردىن يۇۋاشلىشىپ ساڭا يول ئېچىپ بېرىدۇ، ئۇنىڭدىن ئۆتسەڭ بىر بىرى بىلەن تىنىمسىز قايچىلىشىپ تۇرىدىغان قىلىچقا يولۇقىسەن، بۇنىڭدىن قورقماي يۇقۇرقىدەك مېڭىۋەرسەڭ، ئۇمۇ ساڭا يول ئېچىپ بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن سەن ئەنگۈشتەر ماكانىغا كىرىسەن، بۇ چوڭ شەھەر، قالغان ئىشلار ئەنە شۇ شەھەرگە كىرگىنىڭدىن كېيىن ئۆزلۈكىدىن بېجىرىلىدۇ، — دەپتۇ-دە، كۆزدىن غايىپ بوپتۇ. پەرمانقۇل خۇشاللىقىدىن ئېتىنىمۇ ئىزلەپ تۇرماي، مىرزا گالۋاڭنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنى يولەشتۈرۈپ يولىنى داۋام قىپتۇ.

ئۇلار ماڭا - ماڭا خىزىر ئېيتقان مۇزدارلىق جىلغىغا يې-

تىپ بېرىپتۇ. بۇ يەردە ھەر خىل مېۋىلەر ھەقىقەتەنمۇ كىشىنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرگۈدەك مەي بولۇپ پىشىپ كەتكەن ئىكەن. مىرزا گالىۋاك مېۋىلەرنى كۆرۈشى بىلەن ئۆزىنى تۇتالماي شاخلارغا ئېسىلىپتۇ، پەرمانقۇل:

— بۇنى يېمە، مايمۇنغا ئايلىنىپ قالىسەن، — دەپ مىرزا گالىۋاكقا ئېسىلىۋاپتۇ، مىرزا گالىۋاك ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەسىمۇ، قاتتىق تۇرۇۋالغانلىقى ئۈچۈنلا يېمەسلىككە ماقۇل بوپتۇ، لېكىن ئۇنىڭ نەپسى ۋەدىسىنىڭ ئۈستىدىن غالىپ كەپتۇ، ئۇ پەرمانقۇلنى غەلەت قىلىپ، بىر تال مېۋىنى يەۋالغان ئىكەن، شۇ ئانلا مايمۇنغا ئايلىنىپ قاپتۇ. پەرمانقۇل ئۇنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ نەپسىنى باسالمىغانلىقىنى ئەيىبلەپ، كەينىدىن ئەگەشتۈرۈپ ئېلىپ مېڭىپتۇ. ئۇلار غار ئىچىدىن ئېتىلىپ چىقىدىغان بۇلاق سۈيىگە يېقىنلاشقاندا مايمۇنغا ئايلانغان مىرزا گالىۋاك يەنە ئۆزىنى سۇغا ئېتىپتۇ، ئۇ پەرمانقۇلنىڭ "ئىچمە، تاشقا ئايلىنىپ قالىسەن دېگىنىگىمۇ بوي سۇنماي بىر ئۇچۇم ئىچىۋاپتۇ - دە، دەرھال تاشقا ئايلىنىپ قاپتۇ. پەرمانقۇل ئۇنى بىر ئاز جىملەپ، ئەنگۈشتەرنى ئېلىپ كېلىپ ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭغا ئۆز سەپىرىدە خۇددى خىزىرنىڭ ئېيتقىنىدەك ئىشلار يولۇقۇپتۇ، بۇنىمۇ خۇددى خىزىرنىڭ ئېيتقىنىدەك ھەل قىلىپ، غارغا ئىچكىرىلەپ كىرگەن ئىكەن، ناھايىتى چوڭ ھەيۋەتلىك شەھەرگە چىقىپ قاپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، شەھەرنىڭ ھەممە يېرىنى پادىشانىڭ ياساۋۇللىرى قاپلىغان، ئۇلار ئۇچرىغانلىكى كىشىنى بىر رەت قىلىپ تىزىلدۇرۇپ ئېلىپ كېتىۋاتقۇدەك. پەرمانقۇل بۇ ئىشنىڭ تېگىگە يېتەلمەي ھاڭۋېقىپ تۇرغىنىدا بىر ياساۋۇل كېلىپ ئۇنىمۇ رەتتىكى كىشىلەرگە قوشۇپ ھەيدەپ مېڭىپتۇ، رەتتىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى چىرايلىق كىيىنگەن بولۇپ،

ھەممىسى "كىمگە تاشلايدىكىن؟!" دەيدىگەن بىر ئېغىز سۆزنىلا تەكرارلايدىكەن. پەرمانقۇل بۇنىمۇ چۈشىنەلمەي، ھەيران بولغىنچە قاتاردىكى كىشىلەرگە ئەگىشىپ مېڭىپ، شاھ ئوردىسى ئالدىدىكى ھەيۋەتلىك بىر راۋاقنىڭ ئالدىغا كېلىپ قاپتۇ. راۋاق ئۈستىدە ئاي دىسە ئاي ئەمەس، كۈن دىسە كۈن ئەمەس، ئاجايىپ كېلىشكەن بىر قىز قولىدا بىر تال ئالمىنى تۇتقىنىچە ئالدىدىن ئۆتۈۋاتقان كىشىلەرگە تەكشى سەپسېلىپ تۇرغان ئىكەن. پەرمانقۇل "بۇ نىمە ئىشتۇ" دىگىنىچە راۋاققا يېقىنلىشىپ كېلىشى بىلەن قىز ئۇنىڭغا چولپان كوزلىرىنى تىكىپ ئاپئاپتەك ئېچىلىپ، قولىدىكى ئالمىنى ئېتىپتۇ. پەرمانقۇل ئەس - ھۇشىنى يىغىپ ئالغىچە ياساۋۇللار يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ، ئۇنىڭ پۇت - قولىنى يەرگە تەككۈزمەي ئوردىغا ئېلىپ كىرىپ كېتىپتۇ. پەرمانقۇل بۇ ئۇشتۇمتۇت ۋەقەدىن ھودۇقۇپ، "بەلكى ئۇلار مېنىڭ ئوزگە شەھەردىن كېلىپ قالغانلىغىمنى بىلىپ قېلىپ، جازالاش نىيىتىدە شۇنداق قىلىۋاتىسا كېرەك" دەپ ئويلاپ، ئوزىنىڭ يۇرت ئەھلىگە قىلغان ۋەدىسىنى ئادا قىلالماي بىھۇدە ئولۇپ كېتىشىدىن قاتتىق ئەنسىرەپتۇ.

ياساۋۇللار پەرمانقۇلنى شۇ كوتەرگىنىچە توپ - توغرا ھاممامغا ئېلىپ كىرىپ يۇيۇندۇرۇپتۇ. ئاندىن شاھزادىلەرچە كىيىندۇرۇپتۇ.

— بۇ نىمە قىلغىنىڭلار؟ — دەپتۇ پەرمانقۇل بولۇۋاتقان ئىشلارغا ئەقلى يەتمەي.

— چاخچاقچى يىگىت ئىكەن بۇ، — دىيىشىپتۇ ياساۋۇللار پەرمانقۇلنىڭ سوزىنى ئاڭلاپ كۈلۈشكىنىچە، — بەختلىك كىشىلەر خۇشچاخچاق كېلىدۇ.

پەرمانقۇل يەنىلا چۈشىنىشلىك جاۋاپ ئالالماپتۇ، ياساۋۇللار ئۇنى كىيىندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن پايانداز سېلىنغان ھەي-

ۋەتلىك يوللارنى ئايلاندۇرۇپ، كېلىشكەن بىر سارايغا ئېلىپ كىرىپتۇ-دە، ئالتۇن تەختتە ئولتۇرغان قىزغا تازىم قىلىپ، پەرمانقۇلنى قالدۇرۇپ چىقىپ كېتىپتۇ. پەرمانقۇل قىزغا قاراپ، ئۇنىڭ بايا ئۆزىگە ئالما ئاتقان قىز ئىكەنلىكىنى تونۇپ، ئوڭايسىزلانغان ھالدا ئۇنىڭغا ئەدەپ بىلەن تازىم قىپتۇ. قىز تەبەسسۇم بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، پەرمانقۇلنىڭ ئالدىغا كەپتۇ-دە، ئۇنى تەخت يېنىغا ئېلىپ كەپتۇ. پەرمانقۇل قىزنىڭ ئۆزىگە تەختتىن ئورۇن بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىپ، ھېچ نەرسىگە چۈشىنەلمەي قالغانلىقىنى بايان قىپتۇ. قىز ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قاقاقلاپ كۈلۈپ، ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپتۇ.

بۇ قىز ئەنگۈشتەر ماكانى شەھىرىنىڭ پادىشاسىنىڭ يالغۇز قىزى ئىكەن، پادىشا ئۇنى جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرىدىكەن، ئۇ ئوسۇپ بويىغا يەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ گۈزەللىكى يەتتە ئىقلىمدىكى پۈتۈن پادىشالارنىڭ دىققىتىنى تارتىپتۇ، ھەممىسى ئۇنى ئۆز شاھزادىلىرىگە ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن كەينى-كەينىدىن ئەلچى ئەۋەتىپتۇ، پادىشا قايسىسى بىلەن قۇدىلىشىدىغانلىقىنى مۇقىملاشتۇرالماي، تاللاش ئىختىيارىنى قىزىغا بېرىپتۇ، قىز ئەنە شۇ كۈنلەردە ئۇشتۇمتۇت چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە ئاپپاق ساقاللىق بىر كىشى ئايان بولۇپ، قىزغا "ئالدىراپ كەتمە، سېنىڭ نىگارىڭ يىراق شەھەردە، ئۇ پات يېقىندا يېنىڭدا بولىدۇ" دەپتۇ. قىز ئويغىنىپ خىيالغا چۆكۈپتۇ، كېيىن يەنە كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپ، چۈشىدە پەرمانقۇلنى كۆرۈپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن قىز بۇ غايىبانە يىگىتكە ئاشىق بولۇپ قاپتۇ، ئۇنى قانداق تېپىش خىيالى بىلەن قىينىلىپ يۈرگىنىدە ئاتىسى بىرەر كىشىنى تاللىمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ، قىز ئۇيان ئويلىنىپ، بۇيان ئويلىنىپ ئاخىرى كۆڭلىدىكى يىگىت-

نى تېپىش ئۈچۈن پۈتۈن كىشىلەرنى ئالدىمىدىن بىر-بىرلەپ ئۆتكۈزۈش تەلىۋىنى قويغان ئىكەن. بۈگۈنكى ئەھۋال ۋە پەرمانقۇلنىڭ قىزنىڭ ئالدىغا كىرىپ قېلىشىمۇ ئەنە شۇ ۋەجىدىن ئىكەن.

— مەن ئاخىرى سىزنى تاپتىم، — دەپتۇ قىز يۇقۇرقى ئەھۋالنى بايان قىلىپ بولغانىدىن كېيىن، — بىزنى خىيزىر قوشتى.

ئىككىسى قول تۇتۇشۇپ، شاھنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ، شاھ پەرمانقۇلنىڭ پالۋان سۈپەت بەستى ۋە كېلىشكەن قەددىگە قاراپ، قىزنىڭ خاتا تاللىمىغانلىقىغا قايىل بولۇپ، قىرىق كېچە-كۈندۈز توي قىلىپ ئىككىسىنى مۇرات-مەقسىدىگە يەتكۈزۈپتۇ.

پەرمانقۇل ئۆز يۇرتىغا كەلگەن بالايۇ-ئاپەتنى ئەسلىگەندە يۈرىكى قوقاستا كۆيگەندەك، قاتتىق بىئارام بولىدىكەن، شۇڭا ئۇنىڭ ئۇيقۇسى قېچىپ، ئىشتىيمۇ كەملەپ، چىرايى بارغانچە سارغىيىشقا باشلاپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئايالى تاقەتسىزلىنىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ئۆزىگە نامەلۇم بولغان سىرنى سوراشتۇرۇشقا باشلاپتۇ. پەرمانقۇل ئەھۋالنى بايان قىلىپ، بۇ يەردىن كېتىشكە ئالدىراۋاتقانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئايالى ئۇنىڭ ئۆز ئېلىگە بولغان قىزغىن مۇھەببىتىدىن تەسىرلىنىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە كېتىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ:

— ئاتامنىڭ ئالتە ئايلىق يولنى بىر كۈندە باسىدىغان بىر بوز دۇلدۇلى بار، بىز سىزنىڭ يۇرتىڭىزغا بېرىپ دەرھال قايتىپ كېلىشنى بانا قىلىپ شۇنى سورايلى، — دەپتۇ.

پەرمانقۇل ئايالىنىڭ مەسلىھەتىدىن رازى بولۇپ، ئىككىسى گەپنى ئوبدان پىشۇرۇپ، ئاتىسىنىڭ يېنىغا كىرىپتۇ. شاھ باللىرىنىڭ تەلىۋىنى ئاڭلاپ، خوش بولۇپ، پەرمانقۇلغا:

— يارايسەن بالام، ئۆز يۇرتىڭنىڭ قايغۇسىنى قايغۇرۇپ، ئۆز يۇرتى ئۈچۈن جاپا - مۇشەققەتنى ئۈستىگە ئېلىشتىنمۇ ئېسىل ئىش يوق. دۇلدۇل سەندىن ئايلانسۇن، بىراق مەلىكە تۇرۇپ تۇرسۇن،— دەپتۇ.

— ياق، ئاتا،— دەپتۇ مەلىكە ئېتىراز بىلدۈرۈپ،— بىزنىڭ بېرىپ - كېلىشىمىزگە بىر كۈنلا كېتىدۇ. بارىمىز - يانىمىز، شۇ بانىدا مەنمۇ پەرمانقۇلنىڭ ئاتا - ئانىسىغا سالام بېرىپ، ئۆز قەرزىمنى ئادا قىلىمەن،— دەپتۇ.

شاھ قىزىنىڭ تەلىۋىنى رەت قىلالماپتۇ. ئۇ ئىككىسىنىڭ يول تەييارلىقىنى قىلىپ، پەرمانقۇلنىڭ قولىغا ئەنگۈشتەرنى تۇتقۇزۇپتۇ - دە، بىر تال ئاق موينى كويدۇرۇپتۇ، شۇ ئان ئېگەرلەنگەن بوز دۇلدۇل ئۇلارنىڭ ئالدىدا پەيدا بوپتۇ. شاھ پەرمانقۇل بىلەن مەلىكىنى ئۇنىڭغا مىندۈرۈپ، ئاق يول تىلەپ يولغا سېلىپ قويۇپتۇ.

دۇلدۇل قانات چىقىرىپ كوككە بىر پەرۋاز قىپتۇ - دە، ھەش - پەش دېگۈچە تاغدىن ھالقىپ ئۆتۈپتۇ، ئەمدى ئۇنىڭ كۆز يۇمۇپ ئاچقىچە پەرمانقۇلنىڭ يۇرتىغا بېرىشىدا گۇمان يوق ئىكەن، لېكىن دۇلدۇل تاغدىن ئۆتۈشى بىلەن پەرمانقۇلنىڭ يادىغا مىرزا گالۋاڭ كېلىپ قاپتۇ - دە، دۇلدۇلنى پەسلىتىپ تۆۋەنگە چۈشۈپ، ھىلىقى غاردىن ئېتىلىپ چىقىدىغان بۇلاق بويىغا كېلىپ، تاشقا ئايلانغان مايمۇن قىياپىتىدىكى مىرزا گالۋاڭنى ئىزلەپ تېپىپتۇ، ئۇ ئەنگۈشتەرنى چىقىرىپ، ئۇنىڭ بەدىنىگە بىر سۈرگەن ئىكەن، مىرزا گالۋاڭ بىر سىلكىنىپ، تىرىك مايمۇنغا ئايلىنىپتۇ، ئىككىنچى قېتىم سۈرگەن ئىكەن، ئادەم قىياپىتىگە كېلىپ، خۇشاللىقىدىن پەرمانقۇلغا ئېسىلىپ، ئۇنى سۆيۈپ كېتىپتۇ، ئىككىسى بىر ھازا ھال - مۇڭ ئېيتىشقاندىن كېيىن مەلىكە ئۇلارنىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىپ، ھەر خىل نېمەتلەرنى كەل-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۇرۇپتۇ، مىرزا گالۋاك ئاچكۆزلۈك بىلەن يېيىشكە باشلاپتىكى، مەلىكە ھەيران قاپتۇ.

— بۇ بىرقانچە ئايدىن بۇيان يېيەلمىگەنلىرىنى تولدۇرماقچى،— دەپتۇ پەرمانقۇل چاخچاق قىلىپ، بۇنىڭدىن ھەممىسى قاقاقلاپ كۈلۈشۈپتۇ.

بىرقانچە ئايدىن بۇيان قاتتىق چارچىغان ۋە ئۇيقۇسىز قالغان پەرمانقۇل بىرئاز قوساق توقلىغاندىن كېيىن مۈگدەشكە باشلاپتۇ. مەلىكە ئۇنىڭ ئازراق كوز يۇمۇۋېلىشى ئۈچۈن مىرزا گالۋاككا نېرى تۇرۇپ تۇرۇشنى ئىشارەت قىلىپ، پەرمانقۇلنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئاپتۇ، پەرمانقۇل قاتتىق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. مەلى- كىنىڭ ئىشارىتى بىلەن نېرى كەتكەن مىرزا گالۋاك پەرىزات- تەك چىرايلىق مەلىكىنىڭ پەرمانقۇلنىڭ بېشىنى ئۆز قۇچىقىغا قويۇپ، ئۇنى پۈتۈن مېھرى بىلەن ئارام ئالدۇرۇۋاتقانلىقىغا قاراپ، ھەسەتخورلۇقى كەپتۇ: "ئۇ، مەلىكىنىمۇ، ئەنگۈشتەرنىمۇ، ھەتتا دۇلدۇلنىمۇ قولغا كەلتۈرۈپتۇ، مەن بولسام، ئاچكۆزلۈ- كۈمدىن مايمۇنغا، ئۇنى ئاز دەپ تاشقا ئايلىنىپ نەچچە ئاي تاغ ئارىسىدا ياتتىم، يۇرتقا قايتىپ بارغاندا نېمە دەيمەن؟ توختا، پەرمانقۇل ئېرىشكەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزەمنىڭ قىلىش ئامالىنى قىلىشىم كېرەك" دەپ ئويلاپتۇ-دە، ئىنتايىن رەزىل ئۇسۇلنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ. ئۇ پەرمانقۇلنى ئارام ئالدۇرۇۋاتقان مەلىكىنىڭمۇ كۆزى ئۇيقۇغا كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يوغان بىر تاشنى قولىغا ئېلىپ، پەرمانقۇلنىڭ قوسىقىغا كۈچەپ بىرنى ئۇ- رۇپتۇ، پەرمانقۇل بىرلا سىلكىنىپ ھوشىدىن كېتىپتۇ، چۆچۈپ بېشىنى كۆتەرگەن مەلىكە ئەھۋالنى دەرھال چۈشىنىپ يۈگۈرۈپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ- دە:

— ۋوي ئىپلاس نىجىس،— دىگىنىچە مىرزا گالۋاككا

ئېتىلىپتۇ، مىرزا گالىۋاڭ مەلىكىنىڭ قولىنى قايرىپ تۇتۇۋاپتۇ -
دە، ئۇنىڭغا خىرىس قىلىپ:
— پەيلىگەدىن يان، بولمىسا، سېنىڭ تەقدىرىڭمۇ پەرمان-
قۇلنىڭكىدەك بولىدۇ، ياخشىسى ماڭا تېگىشكە رازىلىق بەر، مەن
سېنى يۇرتقا ئېلىپ كېتىمەن، — دەپتۇ.
مەلىكە ئۇنىڭ يۈزىگە كەينى - كەينىدىن تۈكۈرۈپ ئۇنىڭ رە-
زىللىكىگە لەنەت ئوقۇپتۇ، مىرزا گالىۋاڭ ئۇنى يۇمشىتىشقا بول-
مايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئۇنى بېشىدىن ئاتىلدۇرۇپ، يەرگە
تاشلاپتۇ - دە، ھوشسىز ياتقان پەرمانقۇلنىڭ يېنىدىن ئەنگۈش-
تەرنى ئېلىپ بوز دۇلدۇلنىڭ يېنىغا يوگۇرۇپتۇ، ئۆز ئىگىلىرى-
نىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ چىدالماي تۇرغان دۇلدۇل مىرزا گال-
ۋاڭنىڭ ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ غەزەپ بىلەن
قولىغىنى شىڭگىتىپتۇ - دە، كېلىشتۈرۈپ بىرنى تېپىپتۇ، تۇياق
زەربىسىدىن خۇدىنى يوقاتقان مىرزا گالىۋاڭ ئاتنىڭ ئالدىغا
يىقىلىپتۇ، ئات ئۇنى ھەم چىشلەپ، ھەم تېپىپ، ھەش - پەش
دېگۈچە بۇردا - بۇردا! گوشكە ئايلاندۇرۇۋېتىپتۇ.
يەرگە قاتتىق تاشلىنىپ ھوشىدىن كەتكەن مەلىكە ئاستا -
ئاستا ھوشىغا كېلىپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. ئۇ تەسلىكتە پەرمانقۇل-
نىڭ يېنىغا كەپتۇ، پەرمانقۇل تېخىچە ھوشسىز ياتقان ئىكەن،
ئۇ ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆزىنى تاشلاپ، بىر ھازا كۆز يېشى قىل-
غاندىن كېيىن دۇلدۇل ئالدىدا بۇردا - بۇردا بولۇپ كەتكەن
مىرزا گالىۋاڭغا كۆزى چۈشۈپتۇ، ئۆز دۇلدۇلنىڭ ئەقلىدىن سۆ-
يۈنۈپ ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ، يايلىنى سىلاپ، پېشانىسىدىن سۆ-
يۈپتۇ ۋە مىرزا گالىۋاڭنىڭ جەسىدىگە نەپرەت بىلەن كۆز
تاشلاپ، ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان ئەنگۈشتەرنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ
شۇ ئانلا ئەنگۈشتەرنى قولىغا ئېلىپ پاكىز سۈرتۈپ باغرىغا باس-
قىنىچە پەرمانقۇلنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئەنگۈشتەرنى ئۇنىڭ زەخمە-

دىگەن جايىغا تەككۈزگەن ئىكەن، پەرمانقۇل دەرھال ھۇشىغا كەپتۇ - دە، ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. ئىككىسى ئۆزلىرىنىڭ قايتا دۇنياغا كەلگەنلىكىدىن سۆيۈنۈپ مۇنۇ نەزمىنى ئوقۇپتۇ:

ئاتلىنىپ قىلساڭ سەپەر،
قىلغىنىڭنى نامەردتىن ھەزەر.
ئولتۇرۇر نامەرت سېنى،
بولساڭ غەلەت - غاپىل ئەگەر.

پەرمانقۇل ئايالى بىلەن نەزمىنى ئوقۇپ بولۇپ، ئەنگۈشتەرنى باغرىغا باسقىنىچە، دۈلدۈلغا مىنىپ ئۆز يۇرتىنى بالايىئاپەتتىن تېزرەك قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن كوككە پەرۋاز قىپتۇ.

ئۇلار يېتىپ بېرىشى بىلەن ئۇلار ئېلىپ بارغان خاسىيەتلىك ئەنگۈشتەرنىڭ خاسىيىتى بىلەن مۇز قاپلاپ تۇرغان دالىلار يەنە گۈل - چېچەككە پۈركىنىپتۇ، زىمىستان قىشنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلغان خەلق يەنە مەمۇرىچىلىق ھاياتىنى باشلاپتۇ.

# زۇلخومار

بۇرۇنقى زاماندا ئۆمرىنىڭ تەگدىن تولىسىنى پادىشانىڭ بېغىدا ئىشلەپ ئۆتكۈزگەن بىر بوۋاي، موماي بولغان ئىكەن.

بوۋاي ئۇلاق ئۇلاشتا، موماي گۇل ئۇستۇرۇشتە تەگىدىشى يوق ماھىرلاردىن ئىكەن.

ئىككى ماھىرنىڭ قېتىقىنىپ، ئۇزاق مۇددەت ئەجىر قىلىشى بىلەن پادىشانىڭ بېغى شۇنداق كارامەت بىر باققا ئايلىنىپتۇكى، بۇ باغدا دۇنيادا بار بولغان پۈتكۈل گۇل ۋە مېۋىلەرنىڭ ھەممىسى بار ئىكەن، دۇنيادا تېخى مەۋجۇت بولمىغان گۇل ۋە مېۋىلەرمۇ ناھايىتى كوپ ئىكەن.

پادىشا ئۆز بېغىنى پات - پاتلا ئايلىنىپ تاماشا قىلىپ تۇرمىسا، كوڭلىنىڭ بىر يېرى يېرىم بولۇپ قالىدىكەن. شۇڭا پادىشا ئۆز بېغىنى قول ئاستىدىكى پۈتكۈل جامائەتچىلىككە ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقىنى بەرگەن ئالتۇن تەختىدىنمۇ ئەتىۋا بىلىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئەنە شۇ باققا ئۇشتۇمتۇت ئىككى قۇزغۇن ئۇچۇپ كەپتۇ - دە، ئاغزىدىن ئوت - يالقۇن چىقىرىپ، سەت قاقىلداپ، بۇ باغنى كېچە - كۈندۈز ئاۋات قىلىپ تۇرىدىغان نەغمىچى قۇشلارنىڭ ھەممىسىنى سۈرۈپ - توقاي قىلىۋېتىپتۇ. غەزەپلەنگەن بوۋاي، موماي ھەرقانچە قىلسىمۇ بۇ ئىككى مەخلۇقنى باغدىن چىقىرىۋېتەلمەپتۇ. ئاخىرى ئەھۋالنى پادىشاغا مەلۇم قىپتۇ. پادىشا دەرغەزەپكە كېلىپ باققا چىقىپتۇ، بىراق بۇ ئىككى مەخلۇق دەرھال چىرايلىق بىر جۈپ شاتۇتى-

غا ئايلىنىپ، پادىشاغا ئېگىلىپ تۇرۇپ:
— خوش كەپتىلا! — دەپ خوشال سايرىۋېتىپتۇ.
بوۋاي - موماي ھەيران قاپتۇ. بۇنىڭ ئادەتتىكى قۇزغۇن بولماي، بەلكى قانداقتۇ بىر ۋەھىملىك مەخلۇقلاردىن ئىكەنلىكىنى سېزىپتۇ. پادىشاغا بۇلارنىڭ ئاجايىپ بىر بالايى - ئاپەتنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ.
بۇ ئىككى مەخلۇقنىڭ ئۆزىنى قىزغىن قارشى ئالغانلىقىدىن خۇدىنى يوقاتقان پادىشا بوۋاي بىلەن مومايىنى تىللاپ:
— ئەقىلسىز دوتلەر، شاھ بېغىغا بەخت قۇشىنىڭ ئۇچۇپ كەلگەنلىكىنى بىلىشمەيسەن، ئەسلى بۇ باغ مۇشۇنداق ئەقىللىق جانىۋارلارنىڭ ماكانى بولۇشقا تېگىشلىك، — دەپ بۇ ئىككى مەخلۇقنى ئەركىلىتىشكە باشلاپتۇ. شاتۇتى قىياپىتىگە كىرىۋالغان قۇزغۇنلار قاناتلىرىنى قېقىشىپ:
— دولەتلىرى زىيادە بولسۇن شاھىم! — دېيىشىپتۇ.
بوۋاي بىلەن موماي پادىشانىڭ بۇ مەخلۇقلارغا ئالدىنىپ قالماسلىقىنى قايتا - قايتا تەۋسىيە قىپتۇ. بۇ مەخلۇقلارنىڭ ھىلىسى بىلەن ئەقلى بۇلغانغان پادىشا بوۋاي - مومايىنى باغدىن قوغلاپ چىقىرىۋېتىپتۇ.
بوۋاي بىلەن موماي يىغلا - يىغلا شەھەرنىمۇ تاشلاپ، چولگە يۈرۈپ كېتىپتۇ.
ئۇلار يول يۈرۈپ، يول يۈرسىمۇ مول يۈرۈپ، ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇق ئازاۋىدىن ماغدۇرى كېتىپ، يىقىلاي دەپ قالغاندا تاقىقا ياندىشىپ، تامىلىرى ئىسكىز چوڭ بىر باققا يېتىپ بېرىپتۇ. ئۇلار ئۇيان ئايلىنىپ، بۇيان ئايلىنىپ، ئاخىرى باققا كىرىدىغان بىر سۇڭگۈچنى تېپىپ ئاپتۇ - دە، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ سۇڭگۈچتىن باغ ئىچىگە كىرىپتۇ. بۇ باغ كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك گۈزەل ئىكەن، گۈزەللىكتە پادىشانىڭ

بېغىدىنمۇ قېلىشمايدىكەن. بوۋاي مۇشۇنىڭ دەرەخلەرنى ماختسا
موماي ھەر خىل گۈل ـ چېچەكلەرنى ماختاش بىلەن، ئۇزلىرد
نىڭ ھارغان ـ ئاچچىقلانغىنىمۇ ئۇنتۇپ، باغنى بىر ئايلىنىپ
چىقىپتۇ. ئۇزلىرىدىنمۇ ماھىر باغۋەنلەرنىڭ بارلىقىغا ھەيران
بولۇپ، بىر بىرىگە قاراشقانچە تۇرۇشۇپ قاپتۇ. شۇ ئەسنادا
ئىللىق شامال كوتىرىلىپ، دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ چېچەكلەر
گويا تازىم قىلغاندەك يېقىملىق تەۋرىنىپتۇ ـ دە، ھاۋادىن بىر-
قانچە پەرى پەرۋاز قىلىشقانچە باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەرمەر
قىرغاقلىق كول يېنىغا كېلىپ قونۇشۇپتۇ. بوۋاي بىلەن موماي
ئۇلارنىڭ گۈزەللىكىدىن ئەيمىنىپ، نېمە قىلىشنى بىلمەي، گۈل-
لۈك ئارىسىغا يوشۇرۇنۇشۇپتۇ. بىراق كول بويىغا چۈشكەن پەرى-
لەر بىردىن ئالاقزادە بولۇپ، بىر بىرىگە قارىشىپتۇ ـ دە،
"ئادەم ئىسى كېلىۋاتىدۇ، ئاختۇرايلى" دېيىشىپ، تەرەپ ـ تەرەپ-
كە بولۇنۇپ، ئۇز بېغىدا ۋاقىتسىز پەيدا بولغان كىشىلەرنى
ئىزلەشكە كىرىشىپتۇ. ئۇز ئۆمرىنى باغۋەنچىلىك بىلەنلا ئوتكۈز-
گەن ئاق كوڭۈل بوۋاي بىلەن موماي، بۇ باققا ئىجازەتسىز
كىرىپ قالغانلىقىدىن قاتتىق ئوركۈنۈپ، ئۇلارنى ئىزلىتىپ ئا-
ۋارە قىلغاندىن كورە، "نېمە كورسەكمۇ، كورمەيمىزمۇ" دېيىشىپ،
ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپتۇ ـ دە، پەرىلەرگە قاراپ:

ـــ قىزلىرىم، ئەيىپكە بۇيرۇماڭلار، بىز بۇ يەرگە تېنەپ
كىرىپ قاپتىمىز، ـــ دەپ خىجالەتچىلىك بىلەن ئۇلارغا تازىم
قىپتۇ.

پەرىلەر بوۋاي ـ مومايىنىڭ خىجالەتچىلىك بىلەن تۆۋەن
قاراپ تۇرغان چىرايىدا غەيرى قۇۋلۇق ـ شوملۇقنىڭ ئالامىتى
يوقلۇقىغا ئىشىنىپ، دەرھال بوۋاي ـ مومايىنىڭ يېنىغا كېلىپ،
ئۇلارنىڭ بۇ يەرگە قانداق قىلىپ كىرىپ قالغانلىقىنى سوراپ-
تۇ. بوۋاي ـ موماي ئۇز كەچۈرمىشلىرىنى سوزلەپ، بىر جۈپ

قۇزغۇننىڭ ۋەھىمىسى ۋە پادىشانىڭ ھاماقەتلىكىدىن شىكايەت قىپتۇ. بۇ شىكايەت پەرىلەرنى ئىنتايىن ھاياجانلاندۇرۇپتۇ. ئەسلىدە، ئاشۇ ئىككى قۇزغۇن پەرىلەرنىڭ ئەسلى ماكانىغا ياندىش بىر گىياسىز تاغ ئارىسىدا ياشايدىغان ئىر - ئايال جادۇگەرلەر بولۇپ، ھاياتلىقتىكى گۈزەللىك، ئەركىنلىكنىڭ كۈشەندىسى ئىكەن. شۇ ۋەجىدىن پەرىلەرنىڭ ماكانىغىمۇ نۇرغۇن قېتىم ھۇجۇم قىلغان، بىراق كۈچ ئېلىشالماي، چېكىنىشكە مەجبۇر بولغان ئىكەن. ئەنە شۇ جادۇگەرلەرنىڭ بۈگۈنكى كۈنلۈكتە پادىشانىڭ بېغىنى خاراپ قىلىشقا يۈزلەنگەنلىكى پەرىلەرنى ئىنتايىن غەزەپلەندۈرۈپتۇ.

بوۋاي، - موماي پەرىلەرنىڭ سۆزىدىن پۈتۈن كۈچ - قۇۋۋەت، ئەقىل زېھنىنى سەرپ قىلىپ گۈللەندۈرگەن باغنىڭ ئەمدى قۇزغۇنلارنىڭ ئاياق - ئاستىدا ۋەيران بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ، زار - زار يىغلىشىپ، پەرىلەردىن قۇزغۇنلارنى يوقىتىش ئۈچۈن ياردەم تىلىشىپتۇ.

— خانىنىڭ ئەقلى ئۇلارنىڭ جادۇسىدىن سېھىرلىنىپ بولدى، — دەپتۇ پەرىلەر بوۋاي - مومايغا، — سىلەر بۇ يەردە تۇرۇپ قېلىڭلار، كېيىنچە بىر گەپ بولۇپ قالار.

— بىز قېرىپ قالدۇق، — دەپتۇ بوۋاي - موماي مەيۈسلىنىپ، — كېيىننى بىز كورەلەرمىزمۇ؟

پەرىلەرنىڭ بۇ ئىككى بىچارىگە ھېسداشلىقى ئېشىپ، بىر بىرى بىلەن پىچىرلىشىپتۇ - دە، ئىچىدە بىر نىمىلەرنى ئوقۇپ، كول سۈيىنى ئۇچۇملاپ بۇ ئىككىسىگە چېچىپتۇ. بوۋاي - موماي ئەندىكىپ، كوزلىرىنى بىرلا يۇمۇپ ئېچىش بىلەن ئون سەككىز ياشتىكى قىز - يىگىتكە ئايلىنىپ قاپتۇ ۋە ھەيران بولۇشۇپ:

— بۇ بىزنىڭ ئۇگىمىزمۇ، چۈشىمىزمۇ؟ — دېيىشىپتۇ.

— بۇ سىلەرنىڭ ئوتۇقۇڭلار، — دەپتۇ پەرىلەر خوشال كۈلۈشۈپ، — ئەمدى بۇ باغ سىلەرنىڭ بولسۇن، باغۋەنلىك ھۈنەرىڭلارنى ئىشقا سېلىپ، بۇ باغنى خالىسىغانچە ياشارتىڭلار، بىز ھەر پەيشەنبە كۈنى كېلىپ، سۇغا چۆمۈلۈپ، ئويناپ كېتىمىز.

پەرىلەر شۇنداق دېيىشىپ، ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپتۇ - دە، پەرۋاز قىلىپ، كۆزدىن غايىپ بوپتۇ.

ئارىدىن بىرقانچە ئاي ئۆتۈپتۇ، پەرىلەر دېگىنىدەك ھەر پەيشەنبە كېلىپ، باغدا تاماشا قىلىپ كېتىپ يۈرۈپتۇ، قىرىپ بىر پۈتى گۆرگە ساڭگىلىغاندا قايتا قىرانلىق دەۋرىگە ئېرىشكەن بوۋاي بىلەن موماي پۈتۈن كۈچ - قۇۋۋىتىنى باغنى پەرۋىش قىلىشقىلا بېغىشلىغانلىقتىن، باغمۇ كۈندىن - كۈنگە كۆركەملىشىپ، تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتىپتۇ.

شۇ ھالدا ئارىدىن بىر يىل ئۆتۈپ، ئايال ھامىلدار بولۇپ بىر قىز تۇغۇپتۇ، ئۇنىڭغا زۆلخۇمار، دەپ ئات قويۇشۇپتۇ. پەرىلەر ئۇچۇشۇپ كېلىپ زۆلخۇمارنى، قولىغا ئېلىپ ئەركىلىتىپ سۆيۈشۈپتۇ - دە، ھەممىسى ئۆز تىلەكلىرىنى بايان قىپتۇ:

— كۈلسە ئاغزىدىن گۈللەر ئېچىلسۇن!

— ماڭسا تاپىنىدىن تىللا توكۇلسۇن.

— يىغلىسا كۆزىدىن ئۈنچە چېچىلسۇن.

— نىگاھى ئالدىدا قۇزغۇن تىترىسۇن.

ھەپتىلەر، ئايلار ئۆتۈپ زۆلخۇمار پەرىلەرنىڭ تىلىگىنىدەك كۈلسە ئاغزىدىن گۈل ئېچىلىدىغان، يىغلىسا كۆزىدىن ئۈنچە چېچىلىدىغان، ماڭسا تاپىنىدىن تىللا توكۇلۇدىغان قىز بولۇپ چوڭ بولۇپتۇ. بۇنىڭدىن خوشاللانغان ئەر - ئايال ئۇ-بۇ باقا قۇزغۇنلارنىڭمۇ تىترەيدىغانلىقىغا ئىشىنىپ، قۇزغۇنلارنىڭ كېلەلمەيدىغانلىقىدىن خوشال بوپتۇ.

زۆلخۇمار ئون بەش ياشقا كىرىپتۇ، پەرى ھەدىلىرىنىڭ

ئەركىلىتىشى بىلەن ئۆسكەن بۇ قىز خۇددى پەرى ھەدىلىرىدەك گۈزەل ۋە نازاكەتلىك قىز بوپتۇ. شۇ يىلى بۇ باغنى ھېلىقى ئىككى قۇزغۇننىڭ ئايلىنىپ يۈرگەنلىكى مەلۇم بوپتۇ. بۇنى پەيشەنبە-لىك تاماشىغا كەلگەن پەرىلەر ئەر- ئاياللىغا مەلۇم قىلىپ، زۇلخۇمارنىڭ سەزگۈر بولۇپ تۇرۇشىنى تاپىلاپتۇ. بىر كۈنى زۇلخۇمار ئۆرنىدىن ۋاقىچە تۇرۇپ باققا چىقىپتۇ، باغنى ئايلا-نىپ، گۈلزارلىقلاردا تاماشا قىلىپ، كول بويىغا كەلگەندە دا-دىسى بىلەن ئانىسىنىڭ قەپەزگە سولانغان چىرايلىق بىر قۇش-نى كوتىرىپ كېلىۋاتقانلىغىنى كورۇپ قاپتۇ- دە، دەرھال ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ، قەپەزنى قولىغا ئېلىۋاپتۇ، قەپەزدىكى قۇش زۇلخۇمارنى كورۇپ، ئۆزىنى قەپەزنىڭ تاملىرىغا ئۇرۇپ، قېچىپ كېتىشكە ھەركەت قىپتۇ. زۇلخۇمار ئاتا- ئانىسىغا قا-راپ ھەيران بولغان ھالدا:

— بۇنى قەيەردىن ئالدىڭلار؟ — دەپتۇ.

— ھېلىلا گۈللەر ئارىسىدا سايراپ، ئويناپ يۈرگەن ئې-كەن، كوزىمىزگە چىرايلىق كورۇنۇپ، تۇتۇپ ئالدۇق، — دې-يىشىپتۇ. زۇلخۇمار:

— سىلەر گۈللەتكەن پادىشانىڭ بېغىنى غازاڭ قىلىغان قۇزغۇننىڭ بىرى مۇشۇ، — دەپتۇ زۇلخۇمار ۋە يەرنى كولاپ، قەپەز بىلەن بىللىلا كومۇپ تاشلاشنى بۇيرۇپتۇ. قۇزغۇن شۇ-ئان تىلغا كىرىپ، ئۆزىنى، ئولتۇرمەسلىكنى تىلەپ، زۇلخۇمارغا قاتتىق يالۋۇرۇپتۇ. لېكىن ئۇ قانچە يالۋۇرسىمۇ، زۇلخۇمار قىل-چە رەھىم قىلماي ئۇنى كومدۇرۇپ تاشلاپتۇ. قۇزغۇن يەر ئاس-تىغا كومۇلۇپ ئۈچ كۈنگىچە قاقىلدىغان ئاۋاز چىقىرىپ يېتىپ، 4- كۈنى دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپتۇ، 5- كۈنى قۇزغۇن كومۇلگەن جايدىن بىر تۈپ ئازغان ئۈنۈپ چىقىپتۇ. ئەنە شۇ كۈندىن باشلاپ، باققا يەنە بىر قۇزغۇن ئۈچۈپ كېلىپ ئەنە

شۇ ئازغانىغا قونۇۋېلىپ قاقىلدايدىكەن، ئۇنىڭ ئاۋازى شۇنداق دەھشەتلىك چىقىدىكەنكى، باغدىكى غەزەلچى قۇشلارنىڭ ھەممىسى باغنىڭ بۇلۇڭ-بۇلۇڭلىرىغا ئۇچۇشۇپ كىرىپ كېتىدىكەن. بىراق زۇلخۇمارنى كورۇشى بىلەن قۇزغۇن ئاسمانغا پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇپ كېتىپ قالىدىكەن، غەزەلچى قۇشلار موكۇنگەن جايلىرىدىن چىقىپ، يەنە ئوز سايراشلىرىنى داۋام قىلىپ باغنى ئاۋاتلاشتۇرۇۋېتىدىكەن.

بۇ ھال ئۇزۇن داۋاملىشىپتۇ. بىر كۇنى چۇشتە زۇلخۇمار ئوز ھوجرىسىدا قاتتىق ئۇخلاپ ياتقان ئىكەن، قۇزغۇن يەنە كەپتۇ. بىراق، ئۇ بۇ نوۋەت قاقىلدىماي، ئازغانغىمۇ قونماي، توپ-توغرا زۇلخۇمارنىڭ ھوجرىسىغا ئۇچۇپ كىرىپتۇ-دە، ئۇيقۇدا ياتقان زۇلخۇمارنىڭ كوزلىرىنى تېزلىك بىلەن چوقۇپ ئويۇپ تاشلاپتۇ، ئاندىن زۇلخۇمارنى چاڭگاللىغانچە كوككە ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ. ئاتا-ئانا نىمە قىلارىنى بىلمەي دات-پەرياد قىلغىنىچە ئوزلىرىنى يەرگە ئۇرۇپ يىغلاپ يېتىپ قاپتۇ.

قۇزغۇن شۇ كوتىرىلگەنچە كوك قەھرىگە چىقىپتۇ-دە، زۇلخۇمارغا:

— سەن مېنىڭ ئايالىمنى قەتلى قىلدىڭ، مەن سېنىڭ بىزنى قورقىتىدىغان كوزلىرىڭنى ئويۇپ تاشلىدىم، مېنىڭ سەندىن ئالىدىغان ئىنتىقامىم بۇنىڭ بىلەن تۇگىمەيدۇ. سەن مېنىڭ ئايالىمنى قانداق ئۇسۇلدا ئولتۇرگەن بولساڭ، مەنمۇ سېنى شۇنداق ئولتۇرىمەن، — دەپتۇ-دە، پەسكە شۇڭغۇپ، ئادىمزاتسىز بىر چولگە چۇشۇپتۇ. چولدە قاچانلاردۇر كولىنىپ قالغان تاشلاندۇق قۇدۇق بار ئىكەن، قۇزغۇن زۇلخۇمارنى ئەنە شۇ قۇدۇققا تاشلاپتۇ. "ئەزرائىلنى مۇشۇ يەردە كۇت" دەپ قاقاقلاپ كولگىنىچە ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

زۇلخۇمار كونا قۇدۇقتا بېلىگىچە سۇغا پېتىپ، بىر كېچە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۈندۈزنى ئۆتكۈزۈپتۇ. سوغاق، ئاچلىق ۋە ئۇيقۇسىزلىقنىڭ
دەردى ئۇنى ئاستا ـ ئاستا دەرمانسىزلاندۇرۇپتۇ. ئۇ بېشىغا
كەلگەن بۇ كۈلپەتتىن پەرى ھەدىلىرىنىڭ خەۋەرسىز قالغانلى-
قىدىن ئەپسۇسلىنىپ ياش تۆكۈپ، ئۆز ئۆلۈمىنى كۈتۈپ يېتىش-
تىن باشقا ئامال قىلالماپتۇ. ماغدۇرسىزلانغان پۇتلىرى سوغاق
سۇدا تاتىشىپ، تىزلىرى پۈكۈلۈشكە باشلاپتۇ، كۆزلىرى يۇمۇ-
لۇپ، يىتۋالغۇسى كەپتۇ. بۇنىڭدىن ئۇ ئۆزىگە ئەجەل ئەلچى-
سىنىڭ بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپتۇ. جان
نېيە دېگەن تاتلىق ـ ھە! ئۇ سەسكىنىپ، كۆزلىرىنى ئېچىپتۇ.
قارچۇغى قويۇلغان بۇ كۆزلەر كۆرۈش سېزىمىدىن قالغاچقا،
كۈننىڭ كېچە ياكى كۈندۈز ئىكەنلىكىنى سېزەلمەپتۇ. ئۇ سېپى-
لاپ قۇدۇقنىڭ زەيلەشكەن تاملىرىغا يۆلىنىپ، سىرتقا قۇلاق
ساپتۇ. بۇ ئادەمسىز چۆلدىن ھەتتا ئۇچار قاناتلارنىڭمۇ ئاۋازى
كەلمەپتۇ.

قىز ھاياتتىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، ھايات تىزگىنىنى ئەجەل
ئاتلىق قاباھەتكە تاپشۇرۇپ، بوشىشىپ كەتكەن پۇت ـ قولىنى
ئۆز ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىپتۇ. تىزلىرى ئاستا ـ ئاستا پۈكۈ-
لۈپ، سۇغا چۆكۈشكە باشلاپتۇ.

قىز سۇغا چۆكۈپ كېتىپ بېرىپ، بىر نەرسىلەرنىڭ ماڭ-
غان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قاپتۇ. ئۇ سەگەكلىشىپ سىرتقا قۇلاق
ساپتۇ. سىرتتىن كالىلارنىڭ مورەشلىرى، كىمدۇ بىرسىنىڭ قۇ-
دۇققا چۈشۈۋاتقان چېلەكنىڭ داراڭلىغىنى ئاڭلىنىپتۇ. ھاياتلىق
ئۈمىدى قايتا يالقۇنلىغان قىز كۈچىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ ـ
دە، تىترەپ تۇرغان قوللىرىنى چېلەككە سۇنۇپ ئۇنىڭ ئاغام-
چىسىغا مەھكەم يېپىشىپتۇ.

ئەمدى قۇدۇققا چېلەك سالغان كىشىگە كېلەيلى.

بۇ كىشى زۇلخۇمارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ياشىغان شەھەر-

نىڭ چولگە ئۇتاش بىر چەت يېزىسىدا پادىچىلىق بىلەن ھا-
يات كەچۈرۈدىغان بوۋاي ئىسكەن. ئۇ ھەر كۈنى كاللىرىنى
چوللۇككە ئېلىپ چىقىپ يۇلغۇنلۇققا قويۇپ بېرىدىكەن، چۈشكە
يېقىن مۇشۇ قۇدۇقنىڭ يېنىغا باشلاپ كېلىپ سۇغۇرۇپ كېتىدى-
كەن. شۇڭا ئۇ باققان كاللار چوپكىمۇ، سۇغىمۇ قىينىپ، ناھايى-
تى تىمەن ئۇسۇدىكەن. كاللىنىڭ ئىگىلىرى ئۇنىڭ بۇنىداق كو-
كۈل قويۇپ بېقىشىدىن بەكمۇ رازى ئىمكەن. بىراق بوۋاي يا-
شىنىپ قالغانلىقتىن ئاغرىقچان بولۇپ قېلىپ، بىرنەچچە كۈن-
دىن بۇيان كاللارنى بېقىشقا چىقالماي، بۈگۈن ئازراق ماغ-
درىغا كېلىپ، قايتا پادا بېقىشقا چىققان ئىكەن. ئۇ كاللىر-
نى قۇدۇق بېشىغا توختىتىپ قويۇپ، قۇدۇققا چىلەك تاشلاپ-
تۇ - دە، ئۇنى سۇغا چوكۇرۇپ، شۇنداق تارتىشىغا، خۇددى
چىلەك بىر نەرسىگە ئىلىنىپ قالغاندەك قىسىرلاپمۇ قويماپتۇ،
بوۋاي ھەيران بولۇپ، قۇدۇق ئىچىگە قاراپتۇ، قۇدۇق چوڭقۇر
بولغانلىقتىن ئۇنىڭ ئىچىنى كورەلمەپتۇ، بوۋاي يەنە كۈچىنىپ
تارتىپتۇ - دە، قۇدۇق ئىچىدىن كىمدۇ بىرسىنىڭ ھالسىز ئىڭ-
رىغىنىنى ئاڭلاپ، قاتتىق چوچۇپ كېتىپتۇ. "بۇ نىمە كارامەت"
دەپتۇ ئىچىدە ھەيران بولۇپ، ئاندىن قۇدۇققا قاراپ "ئادەممۇ-
سەن، جىنمۇ، ئۆزەڭنى مەلۇم قىل" دەپ توۋلاپتۇ. قۇدۇق ئى-
چىدىن "مەن ئادەم، مەندىن يانمىسا، خۇدادىن يانار، رەھىم
قىلىپ قۇتقۇزۇۋالسىلا" دىگەن بىر ئايالنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ،
بوۋاي "ئەمىسە ئاغامچا بىلەن بېلىڭنى باغلا" دەپتۇ. زۇلخۇمار
ئاغامچىنى بېلىگە باغلاپتۇ، ئاغرىقچان بوۋاي پۈتۈن كۈچىنى
سەرپ قىلىپ مىڭ تەسلىكتە زۇلخۇمارنى قۇدۇقتىن تارتىپ چى-
قىپتۇ، زۇلخۇمار سىرتقا چىقىپلا ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپتۇ.
بوۋاي قارىغۇدەك بولسا، ناھايىتى كېلىشكەن قىز، بىراق ئىككى
كوزى ئويۇلغان. بوۋاي تېخى ئۇن گۈلنىڭ بىر گۈلى ئېچىل-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

مىغان بۇ قىزنىڭ بېشىغا نىمە ئەلەم كەلگەنلىكىنى چۈشىنىپ
يېتەلمەي، ئۇنى بىر ئوكۇزگە ئارتىپ ئۆيىگە ئېلىپ كەپتۇ. ئاق
كوڭۇل بوۋاينىڭ مىجەزى ئۆزىگە ماس كەلمىگەن جاۋلداق بىر
خوتۇنى بار ئىكەن. ئۇ بوۋاينىڭ بىر قارغۇ كېسەلمەننى ئېلىپ
كەلگەنلىكىنى كورۇپ:
— ئۆزىمىزنى باقالمايۋاتساق، "كونىرەلمىسەڭ، ساگلىـ
تىۋال" دىگەندەك، بۇ كېسەل كورپىسىنى نەدىن ئېلىپ كەلـ
دىڭ؟ — دەپ جاۋلداپلا كېتىپتۇ. بوۋاي:
— ئۇنداق دىمە خوتۇن، بىچارە ياش ئىكەن، قولىمىز-
دىن كېلىشىچە ياخشىلىغىمىزنى ئايىمايلى، ساۋاپ بولىدۇ، —
دەپتۇ - دە، ئورۇن سېلىپ زۇلخۇمارنى ياتقۇزۇپ، ئىسسىق
چاي ئىچكۈزۈپتۇ، زۇلخۇمار ھوشىغا كېلىپ، بوۋاينىڭ ياخشىلىـ
غىدىن تەسىرلىنىپ يىغلاپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ كوزلىرىدىن ياش
بىلەن تەڭ ئۈنچىلەر توكۇلۇشكە باشلاپتۇ، بۇنى كورگەن موماي:
— بۇ خېلى باينىڭ قىزى ئوخشىمامدۇ، بوينىغا ئاسقان ئۈنـ
چىلىرى ئۈزۈلۈپ كەتتى بولغاي، — دەپ، يەرگە چېچىلغان
ئۈنچىلەرنى يىغىشقا باشلاپتۇ. زۇلخۇمار بۇنى ئۇقۇپ:
— ئانا، بۇنداق ئۈنچە مەندە كوپ، قىسىلسىلا سېتىپ
چاي - توز قىلىسىلا، — دەپ قۇدۇق ئىچىدە يىغلىغاندا ياقـ
چۇقلىرىغا توكۇلۇپ قالغان ئۈنچىلەرنىمۇ ئېلىپ بېرىپتۇ. موماي
ھەممىسىنى ئاچكوزلۇك بىلەن ئېلىۋاپتۇ.
كۈنلەر ئوتۇپتۇ، زۇلخۇمار خېلى ياخشى بولۇپ، ئورنىـ
دىن تۇرۇپ ئۇياق - بۇياققا ماڭغان ئىكەن، تاپىنىدىن تىللا
توكۇلۇشكە باشلاپتۇ. بۇنى كورگەن موماي، يۇگۇرۇپ كېلىپ
تىللالارنى تېرىپ يانچۇغىغا ساپتۇ ۋە ئىچىدە: "بۇ راستىنلا
باينىڭ قىزىكەن، بەلكى بۇنىڭ كوزىنى ئەنە شۇ تىللالارنى
كوزلىگەن بىرسى ئويغان بولسا كېرەك"، دەپ ئويلاپتۇ ۋە ئۇ-

نىڭ بارلىق تىللا - ئۈنچىلىرىنى ئېلىۋېلىش ئۈچۈن زۇلخۇمار
ئۇخلاپ قالغاندا ئۇنىڭ يانچۇقلىرىنى ئاختۇرۇپتۇ. بىراق ھېچ-
نېمە تاپالماپتۇ. لېكىن كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ئۇنىڭ چۈشۈپ قا-
لىدىغان تىللا - ئۈنچىلىرى كۆپىيىشكە باشلاپتۇ. موماي ئۇنى
بوۋايدىن يوشۇرۇنچە ئۇتتۇرلۇق توپلاپ بىر ساندۇققا قاچىلا-
ۋېرىپتۇ. ساندۇقمۇ توشۇپتۇ. شۇ چاغدا مومايىنىڭ نىيىتى بىردىن
بۇزۇلۇپتۇ، ئۇ: "مۇبادا بۇ قارغۇنىڭ ئىگىسى چىقىپ قېلىپ،
ئېلىپ كەتكۈدەك بولسا، بۇ تىللا - ئۈنچىلەرنىڭمۇ سورىقى
بولۇپ قالىدۇ، شۇڭا بۇ قارغۇنى ۋاقتىدا جىمىقتۇرۇپ، ئىشنىڭ
ئالدىنى ئالاي" دەپ ئويلاپ، بوۋاي پادىغا چىقىپ كەتكەن
پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇنى يوقىتىۋەتمەكچى بوپتۇ. بىراق
قايسى يول بىلەن يوقىتىۋېتىشنى ئويلاپ يېتەلمەي بىر مەزگىل-
نى ئۆتكۈزۈۋېتىپتۇ، بۇ چاغدا زۇلخۇمار خېلىلا ئەسلىگە كېلىپ،
ئۆزىنىڭ ئېھتىياجلىق ئىشلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن ئۆزى چىقالاي-
دىغان بولۇپ قاپتۇ، ئۇ بىر كۈنى بوۋاي بىلەن پاراڭلىشىپ
ئولتۇرۇپ كۈلۈمسىرىگەن ئىكەن، ئاغزىدىن تۈرلۈك - تۈمەن
گۈل ئېچىلىپ بوۋايىنى ھەيران قالدۇرۇپتۇ، زۇلخۇمار شۇ ئان
قولىنى ئاغزىغا ئاپىرىپ بىر تۇتام گۈلنى سۇغۇرۇپ ئاپتۇ -
دە، بوۋايغا بۇ گۈللەرنى بازارغا ئاپىرىپ سېتىپ كېلىشنى تا-
پىلاپتۇ، بوۋاي گۈللەرنى ئېلىپ بازارغا بېرىپتۇ. بۇ گۈللەر
بازاردا ھەممىنى ھەيران قالدۇرۇپتۇ، چۈنكى پادىشانىڭ بېغىغا
قۇزغۇن پەيدا بولغاندىن بۇيان پۈتۈن شەھەردىكى دەل - دە-
رەخ، گۈل - چېچەكلەر قۇرۇپ تۈگىگەن ئىكەن، شەھەر خەلقى
گۈلنى كورۇپ، "مەن ئالىمەن" دىسە، "مەن ئالىمەن" دېيىشىپ،
بوۋايىنى ئوتتۇرىغا ئېلىۋاپتۇ. شۇ چاغدا پادىشانىڭ خىزمەتچىلى-
رىمۇ بازارغا چىققان ئىكەن، ئۇلار بوۋايىغا، دەرھال پۇلىنى
تۆلەپتۇ - دە، گۈلنى ئېلىپ، پادىشانىڭ ئالدىغا كىرىپ كېتىپ

تۇ. پادىشا گۈلنى كۆرۈپ ئۆز كۆزىگە ئۆزى ئىشەنمەي قاپتۇ، بۇنداق گۈللەر ئون نەچچە يىل ئىلگىرى ئۆز بېغىغا قارىغان بوۋاي - موماي باغۋەنلەرنىڭلا قولىدا ئۆسكەن ئىكەن. ئۇلار كېتىپ گۈل تۇرماق، دەل - دەرەخلەرمۇ قۇرۇپ تۈگىگەن ئىكەن، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بىر تەرەپتىن بوۋاي - مومايىنى قىرغىلىۋەتكىنىگە قاتتىق پۇشايمان قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ قوغلىنىشىغا سەۋەبچى بولغان "شاتۇتى" دىنمۇ گۇمانلىنىپ قاپتۇ، يېقىندىن بۇيان ئەنە شۇ شاتۇتىنىڭ بىرسى ئىزسىز يوقىلىپ كېتىپ، ئىككىنچىسى بىرقانچە كۈندىن كېيىن پەيدا بولۇپ قاپتۇ. پادىشا ئۇنىڭمۇ ئىزسىز يوقىلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنى ئالتۇن قەپەزگە سولاپ، ئۆز يېنىدا ساقلايدىغان بولۇپ قاپتۇ. بىراق بۇ شاتۇتى بۇرۇنقىدەك سايرىمايدىكەن، ئۇنىڭ كۆزلىرى تۇرۇپ ھوقۇشنىڭ كۆزىگە ئوخشاپ قالسا، تۇرۇپ مۈشۈكنىڭ كۆزىگىمۇ ئوخشاپ قالىدىكەن. بۇنداق چاغدا پادىشانى قاتتىق سۈر باسىدىكەن - دە، شاتۇتىنى سىرتقا ئېلىپ چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇيدىكەن. بوۋاي - موماي باغۋەنلەرنى ئەسلەپ قالىدىكەن، مانا بۈگۈن ئەنە شۇ بوۋاي - مومايلار ئوستۇرگەندەك چىرايلىق گۈلنى كۆرۈپ، ئۇلارنى تېخىمۇ سېغىنىپتۇ - دە، گۈلنى سېتىشقا ئېلىپ كەلگەن بوۋاينى دەرھال ئىزلەپ تېپىشنى بۇيرۇپتۇ. چاپارمەنلەر تەرەپ - تەرەپكە ئات سېلىپ بوۋاينى ئىزلەپتۇ، لېكىن تاپالماپتۇ.

بوۋاي گۈلنى سېتىپ بولۇپلا، ئازراق ئوزۇق - تۈلۈك ئېلىپ، قالغىنىغا زۇلخۇمارغا دورا ئېلىپ توپ - توغرا ئۆيىگە يېنىپ كەلگەن ئىكەن، ئۇ ئۆيىگە كىرىپلا ئۆز كۆزىگە ئۆزى ئىشەنمەي قاپتۇ: ئۇنىڭ ھويلىسى تامامەن گۈل - چېچەككە تولغان، بىرقانچە پەرى زۇلخۇمارنى ئوراۋېلىپ ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناۋاتقان، زۇلخۇمارمۇ ئاغزىدىن دەستە - دەستە گۈل-

لەرنى ئېچىلدۇرۇپ قاقاقلاپ كۈلۈۋاتقان، ئۇنىڭ كوزىمۇ ئىس-
لىگە كېلىپ، چولپاندەك نۇر چېچىپ تۇرغان، ئۆزىنىڭ مومىيى
بولسا، بىر قولىدا پىچاق تۇتقىنىچە بىر بۇلۇڭدا تاشقا ئايلى-
نىپ، قېتىپلا قالغان ئىكەن.

بوۋاي ئەھۋالنىڭ تەكتىگە يېتەلمەي، "بۇ ئوڭۇمۇ، چۈ-
شۈممۇ" دەپ تۇرۇشىغا زۇلخۇمار يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنىڭ بوينىغا
ئېسىلىپ، دوستلىرىغا تونۇشتۇرۇپ:

— مېنى قۇتقۇزۇپ قالغان ئاتام مانا مۇشۇ! — دەپتى-
كەن، قىزلارمۇ يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ بوۋايغا ئىللىق سالام قىلىپ
رەھمەت ئېيتىپتۇ ۋە ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ:

— سىڭلىمىزنى قوزغۇن ئېلىپ قاچقانىدىن بويان ئۇنى
ھەر كۈنى ئىزلەپ، بارمىغان يېرىمىز قالمىدى، بۈگۈن يەنە
مۇشۇ ئەتراپنى ئىزلەپ ھاۋانى كېزىپ يۈرگىنىمىزدە سىلى گۈل
كوتىرىپ، مۇشۇ ھويلىدىن چىقىپ قالدىلا، بۇ گۈللەر پەقەت
بىزنىڭ سىڭلىمىزنىڭ ئاغزىدىلا ئېچىلىدىغان بولغاچقا، سىلى
ئۇزاپ كېتىشلىرى بىلەنلا بۇ ھويلىغا ئۇچۇپ چۈشتۇق، ئەپسۇس-
كى، مومايلىرى سىڭلىمىزنى ئۆلتۈرۈشنى قەستلەپ، ئۇنىڭغا پى-
چاق ئۇرماقچى بولۇپ تۇرۇپتىكەن، بىز ئۇنى دەرھال تاشقا
ئايلاندۇرۇپ قويۇپ، سىڭلىمىزنى قۇتقۇزۇپ قالدۇق، سىلىگە
رەھمەت، لېكىن ئايالىرىنى كەچۈرەلمەيمىز، — دېيىشىپتۇ.

بوۋاي ئايالىنىڭ نېمە ئۈچۈن قاتىللىق قىلماقچى بولغان-
لىقىنى بىلىش ئۈچۈن، ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بېرىشىنى تە-
لەپ قىپتۇ. پەرىلەر موماينى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بېرىپتۇ. موماي
قار - يامغۇر يىغلاپ، ئۆمىلەپ قوپۇپ، ئۈنچە - تىللا تولدۇ-
رۇلغان ساندۇقنى ئېلىپ چىقىپتۇ ۋە:

— ئەسلى مەن مۇشۇلارنى ئۆزەمنىڭ قىلىۋېلىش ئۈچۈن
پەيلىمنى بۇزغان ئىكەنمەن، بۇنى قايتۇرۇپ بېرەي، بىر قو-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

شۇق قىنىمدىن كېچىكىلار، — دەپ يالۋۇرۇپ قىزلارنىڭ ئايىغى-غا يىقىلىپتۇ.

دەل شۇ چاغدا بوۋاينى ئىزلەپ يۈرگەن شاھ لەشكەرلىرى قوراغا كىرىپ كەپتۇ ۋە شاھنىڭ پەرمانىنى يەتكۈزۈپتۇ. قىزلار:

— سىلەر مېنگىشۋېرىڭلار، بىز ھازىر بارىمىز، — دېيىشىپ، زۇلخۇمارنى كوتىرىپ كوككە پەرۋاز قىلىپ، ئاۋال زۇلخۇمارنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ يېنىغا، ئاندىن شاھنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ، زۇلخۇمارنىڭ كىرگىنىنى كورگەن قۇزغۇن قەپەزدە تىپىرلاپ، كوزلىرىدىن قان - ياش توكۇپ، يالۋۇرۇشقا باشلاپتۇ. زۇلخۇمار ئۆزى ۋە ئاتا - ئانىسىنىڭ ئاشۇ قۇزغۇنغا مۇناسىۋەتلىك بولىغان كەچمىشىنى بىر - بىرلەپ سوزلەپ، قۇزغۇننى يەرگە كومۇپ تاشلاشنى بۇيرۇپتۇ. شاھ قۇزغۇننى دەرھال كومدۇرۇپ تاشلاپتۇ - دە، زۇلخۇمارنىڭ ئاتا - ئانىسىغا ئۆز تەختىنى بوشىتىپ بېرىپتۇ، زۇلخۇمارنىڭ دادىسى زۇلخۇمارنى قۇتقۇزۇپ ئالغان بوۋاينى ۋەزىرلىككە تەيىنلەپ، تەختتە ئولتۇرۇپتۇ، شۇندىن بۇيان باغلار، گۇلىستانلار گۇللەپ - ياشناپتۇ. ئەل پاراۋان بوپتۇ. زۇلخۇمار پەرى ھەدىلىرى بىلەن بىللە خوشال - خورام ئۆيىناپ، تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ ئوسۇپتۇ.

## شاراپنىڭ كارامىتى

قەدىمقى زاماندا، يىراق ماكاندا، ھەشەمەتلىك بىر شەھەر بولۇپ، بۇ شەھەرنىڭ پادىشاسى ئۆز شەھىرىدىكى پۇقرالارنىڭ شاراپ ئىچىشىنى مەنئى قىلغان ئىكەن. بىر كۈنى، چەت مەملىكەتتىن كەلگەن بىر سودىگەر پادىشانىڭ قانۇنىدىن خەۋەرسىز، ھېلىقى شەھەرگە شاراپ ئېلىپ كىرىپ سېتىپتۇ. پادىشانىڭ ئادەملىرى سودىگەرنى دەرھاللا تۇتۇپ، پادىشانىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ.

— سەن مېنىڭ شەھىرىمدە بۇ زەھەرلىك نەرسىنى سېتىشقا قانداق جۈرئەت قىلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشا سودىگەردىن.

— يوقسۇ تەقسىر، بۇ زەھەرلىك نەرسە ئەمەس، شاراپنىڭمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق كارامىتى بار، — دەپتۇ سودىگەر.

— قېنى سۆزلە! نىمە كارامىتى بار؟ — دەپتۇ پادىشا غەزەپلىنىپ.

— بىرىنچىدىن، قارغۇنىڭ كۆزىنى ئاچىدۇ، — دەپتۇ سودىگەر تىترەپ تۇرۇپ، — ئىككىنچىدىن، قورقۇنچاقنى باتۇر قىلىدۇ، ئۈچىنچىدىن، بېخىلنى مەرت قىلىدۇ.

— ئەگەر سۆزۈڭ راست بولسا ساڭا ئازاتلىق بېرىمەن، بولمىسا كاللاڭنى ئالىمەن، — دەپتۇ پادىشا.

پادىشا ئوردىدىكى بىر ئۆينى نازۇ - نېمەت، مۇسەللەس - شاراپ بىلەن تولدۇرۇپ، شەھەردىن بىر قارغۇ، بىر قورقۇنچاق ۋە بىر بېخىل كىشىنى تېپىپ كېلىپ، بۇ ئۆيدە مېھمان

بولۇشقا تەكلىپ قىپتۇ. ئۆزى بولسا ئۇلارنى سىرتتىن كۆزىتىپ تۇرۇپتۇ.

پادىشانىڭ مۇنداق ئىلتىپاتىدىن خوشال بولغان ھېلىقى ئۈچ كىشى تاماقلاردىن تويغىچە يەپ، مۇسەللەس ـ شاراپتىن يېتەرلىك ئىچىشىپتۇ، ئىچىپ تازا قىزىغاندا ھېلىقى قارغۇ قوپۇپ:

— ئاغىنىلەر، نىمە كارامەت بۇ؟ جاھان ماڭا يوپ ـ يورۇق بولۇپ كېتىۋاتىدۇغۇ. پادىشانىڭ بۇ سارىيىدىكى گىلەملەر، چىنە ـ قاچىلار نىمە دىگەن گۈزەل ـ ھە! — دەپتۇ.

ھېلىقى قورقۇنچاق ئورنىدىن تۇرۇپ:

— مۇشۇ دۇنيالارنىڭ ھەممىسى بىزدەك گادايلارنىڭ قان ـ تەرىدىن كەلگەن، ئۇرۇپ ـ چېقىپ، كۆكۈم ـ تالقان قىلىۋېتەيلى! — دەپ گىلەملەرنى يىرتىپ، چىنە ـ قاچىلارنى دەسسەلەپ چاققىلى تۇرۇپتۇ.

قىزىپ كەتكەن بېخىلمۇ چىداپ ئولتۇرالماي:

— چاقە ـ چاق! يامىنى كەلسە، پۇلنى ئۆزەم تولەيمەن! — دەپ ۋاقىراپتۇ.

بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن پادىشا شاراپنىڭ كارامىتىگە قايىل بولۇپ، سودىگەرنى ئۆلۈمدىن ئازات قىلىۋەتكەن ئىكەن.

## «ئورنىنى كىم كولىسا ئۆزى چۈشەر»

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشا ئۆتكەن ئىكەن، ئۇ ھەر كۈنى ئىشقا چۈشكەندە ئالدى بىلەن دانىشمەنلەرنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئاقىلانە مەسلىھەتلىرىنى ئاڭلايدىكەن، بۇ ئۇنىڭ ئادىتىگە ئايلانغان ئىكەن.

ئەنە شۇ يۇرتتا غەيۇر ئىسىملىك بىر دانىشمەن بار ئىكەن، ئۇ ھەر كۈنى پادىشانىڭ ئالدىغا كىرگەندە توپ-توزلا:

— ئەي شاھىم، بىرئاز پۇقراپەرۋەر بولساڭ، — دەپلا كەينىگە يانىدىكەن.

پادىشا دانىشمەننىڭ بۇ سوزىنى كوڭلىدە قوبۇل قىلىپ، ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ پۇقرالارغا يامانلىق قىلغان-قىلمىغانلىقىنى ھەر كۈنى دىگۈدەك سۈرۈشتۈرىدىكەن. دانىشمەنمۇ ھەر كۈنى كىرىپ، يۇقۇرقى سوزنى تەكرارلاپ تۇرىدىكەن. بۇنىڭغا چىدىمىغان بىر ۋەزىر بىر كۈنى پادىشاغا:

— ئى جاھاننىڭ ئاپتىۋى، ئۇلۇغ شاھىم! ھېلىقى دانىشمەننىڭ جاناپلىرىنى كوزگە ئىلماي قىلىۋاتقان ئەدەپسىزلىكلىرىگە چىداپ تۇرالمىدىم، پاسىۋانىم، ئىجازەت قىلسىلا ئېيتىدىغان گېپىم بار ئىدى، — دەپتۇ.

پادىشا ئېيتىشقا ئىجازەت قىپتۇ.

— ھېلىقى ئىسمى دانىشمەن دەپ ھورمەت قىلغانلىرىنى بىلمەي، كوچىغا چىقىپ، "پادىشانىڭ تېنى سېسىقكەن" دىگەن گەپنى تارقىتىپتۇ، ئۇ بەدبەختنىڭ جاناپلىرى ئالدىدا قىلىۋاتقان ئەدەپسىزلىكلىرىلا يېتەرلىك ئىدى. بۇنىڭغا چارە قىلمىساق

بۇنىڭدىن ھەر بالا كەلگۈسى. قۇللىرىنىڭ كېيىگە ئىشەنمىسىلە،
دانىشمەنگە: "يېقىن كېلىپ سوزلە" دەيدىغان بولسىلا ئۇ، تۇم-
شۇغىنى ئېتىپ سوزلەيدۇ، — دەپتۇ.

پادىشا بۇ گەپكە بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي ئەتىسى
دانىشمەننى سىناپ باقماقچى بوپتۇ.

ۋەزىر ئۇز كېپىنىڭ توغرا چىقىشى ئۇچۇن بىر ھىلە ئويد-
لاپ قويغان ئىكەن. ئەتىسى دانىشمەن ئادىتى بويىچە پادىشا-
نىڭ ئالدىغان كىرىپ:

— ئى شاھ، بىرئاز پۇقراپەرۋەر، خەلقپەرۋەر بولساڭ، —
دەپتۇ.

پادىشا ئەتەيىن:

— يېقىنراق كېلىپ سوزلە، گېپىڭنى ئاڭلىمىدىم، —
دەپتۇ.

دانىشمەن پادىشاغا يېقىن كېلىپ، ئاغزىنى قولى بىلەن
توساپ تۇرۇپ، سوزىنى تەكرارلاپتۇ. پادىشا كوڭلىدە ۋەزىرنىڭ
گېپىنىڭ توغرىلىقىغا ئىشىنىپتۇ - دە، دانىشمەننى جازالىماق
بوپتۇ.

پادىشا ئادىتى بويىچە ئىنئام بەرسە يارلىقنى ئوزى يېزىپ،
پېچەتلەپ، ئۇنى ئېلىپ بارىدىغان جايىنى كورسىتىپ بېرىدىكەن.
شۇ ۋەجىدىن دانىشمەنگىمۇ يارلىق بىلىنىغان بىر لىپاپىنى
ئۇزىتىپتۇ. دانىشمەن ئۇنى قولىغا ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇز-
دىدىن چىقسا ھېلىقى ۋەزىر ئۇچراپ:

— دانىشمەن، قايتىپتىلا، — دەپتۇ - دە، دانىشمەننىڭ
قولىدىكى لىپاپىغا كوزى چۈشۈپ، ئاچكوزلىشىپتۇ، ۋەزىرنىڭ
كوزىگە لىپاپ مۇكاپات لىپاپىدەك كورۇنۇپتۇ. خۇشامەتكۇيلۇق
بىلەن، — مۇبارەك بولسۇن! — دەپتۇ.

مال - دۇنياغا قىزىقمايدىغان دانىشمەن:

— ماڭا پۇل كېرەك ئەمەس، كېرەك بولسا بۇنى سىلى ئالسىلا، — دەپ لىباپىنى ۋەزىرگە ئۇزىتىپتۇ، ۋەزىر تازىم قىلىپ لىباپىنى ئېلىپتۇ - دە، خوشلىشىپ ئالدىراش مېڭىپتۇ. ۋەزىر نۇرغۇن مۇكاپات ئالىدىغان بولدۇم، دەپ خوشال-لىنىپ خەتنى ئاپىرىدىغان جايغا تاپشۇرغان ئىكەن، دەرھاللا كاللىسى ئېلىنىپتۇ.

بىر كۇن ئۇتۇپ دانىشمەن يەنە پادىشانىڭ ئالدىغا بې-رىپ ئادىتى بويىچە گېپىنى تەكرارلاپ ماڭماقچى بولغاندا، دانىشمەننى پادىشا توختىتىپ:

— سەن قانداق قىلىپ ساق قالدىڭ؟ — دەپتۇ.

ھەيران بولغان دانىشمەن، بولغان ئىشنى سوزلەپ بەر-گەن ئىكەن، تاقەتسىزلەنگەن پادىشا:

— ھەي، مېنىڭ ۋەزىرىم ناھەق ئۇلۇپتۇ، — دەپ غەزەپلىنىپتۇ.

تېخىمۇ ھەيرانلىقتا قالغان دانىشمەن ئىشىنىڭ تېگىنى تەپسىلى سوراپ بىلگەندىن كېيىن، پادىشاغا مۇنۇلارنى سوز-لەپ بېرىپتۇ:

— مەن تۇنۇگۇن ئادىتىم بويىچە ئۇردىغا كېلىۋاتىسام، ۋەزىر ئۇچراپ چايغا تەكلىپ قىلدى. ئۇيگە كىرسەم تاماق ئې-تىپتۇ، تاماققا سامساقنى ئىنتايىن كوپ سالپتۇ، ئىچمەي دىسەم بولمىدى، شۇنىڭ بىلەن سامساقنى كوپ يىگەنلىكىمدىن، سىلى-نىڭ ئالدىلىرىغا يېقىن كەلگەندە، مەندىن سامساق پۇرىمىسۇن دەپ، قولۇم بىلەن ئاغزىمنى ئېتىۋالغان ئىدىم، — دەپتۇ.

پادىشا دانىشمەننىڭ ئېيتقانلىرىنى سۇرۇشتۇرگەندىن كېيىن:

— ئورنىنى كىم كولىسا ئۇزى چۇشىدۇ، دىگەن مانا مۇ-شۇ، — دەپتۇ - دە، دانىشمەننى ۋەزىرلىككە تەكلىپ قىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

# تاشگۈل

ئۆتكەن زامانلارنىڭ بىرىدە يورۇڭقاش دەرياسى بويىدا توختى ئىسىملىك بىر چوڭ باي ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ ياپ - يېشىل ئوتلاقلارنى، يىل بويى سۇ ئېقىپ تۇرىدىغان چوڭ بىر ئۆستەڭنى ئىگەللىۋالغان ئىكەن. مىڭلاپ قۇللار ئۇنىڭ ئىلكىدە تىرىقچىلىق ۋە باپكارلىق قىلىدىكەن. ئاشۇ قۇل - چۆرىلەر ئىچىدە بىر تاشچى يىگىت بولۇپ، ئىسمى ياسىن ئىكەن. قولى چېۋەر بۇ يىگىت باي - غوجىلارنى مەنسىتمەيدىغان مەرت، جىگەرلىك بولغاچقا ناھەق ئىشقا زادى يول قويمايدىكەن. دائىم دىگۈدەك كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىشنى ئىزلەپ، قۇل - چۆرىلەر ۋە يۇرتداشلىرىنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان ئىكەن. خوشنا مەھەللىدە بىر قىز بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى تاشگۈل ئىكەن. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ قىزنىڭ كۆڭلى ياسىنغا چۈشۈپ قاپتۇ. ئۇلار يوشۇرۇن ھالدا مۇھەببەت ئىزھار قىلىشىپ يۈرۈشۈپتۇ. لېكىن بۇ سىرنى مەھەللىدىكى غوجدار توختى بايغا مەلۇم قىلىپ قويۇپتۇ. تاشگۈلنىڭ ھۆسنى - جامالىغا كۆز سېلىپ، شولگەيلىرىنى ئېقىتىپ يۈرگەن شەھۋەتپەرەس باي بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، چىچاڭشىپ، ياسىنغا زەھەرلىك قول سالماق بوپتۇ - يۇ، ھېچقانداق پۇرسەت تاپالماپتۇ.

بىر كۈز كۈنىنىڭ قاش قارايغان چېغىدا، ياسىن ئىشنى تۈگىتىپ بولۇپ، تاشگۈلنى ئىزلەپ بېرىپتۇ. تاشگۈل جاڭگالغا قوي باققىلى كەتكەن ئىكەن. ياسىن تاشگۈلنى ئىزلەپ مېڭىپتۇ

ۋە ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي بىر دوگلۈكنىڭ كەينىدە تاشگۈل بىلەن ئۇچرىشىپتۇ. ئىككىسىلەن تېخى كەپلىشىشكە ئۈلگۈرمەيلا بۇلارنى بىر تالاي ئادەملىرىنى ئەگەشتۈرۈپ شىكاردىن يانغان توختى باي كورۈپ قاپتۇ ۋە ئەرۋاھى ئۇچۇپ، تەنە بىلەن مۇنداق دەپتۇ:

— ئالەمگە داڭ چىقارغان پالۋان، سەن بۇ يەردە بىر قىز بالىنى ئېزىقتۇرۇپ يۈرۈپسەن - دە، ها ... ها ... ها ...

چوڭ غوجىدار ئۇمەر ئالدىغا چىقىپ:

— ھەي ھاياسىز قەلەندەرلەر، يا خوجايىنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي، يا پاتىشھە ئوقۇتماي، خۇدا ئالدىدا گۇناكار بولدۇڭ! تۇتۇڭلار بۇلارنى! — دەپ بۇيرۇق قىلغان ئىكەن، يالاقچىلار ئېتىلىپ كېلىپ، ئۇلارنى چەمبەر چەس باغلاپ، ئاپىرىپ باينىڭ يەر ئاستى زىندانىغا تاشلاپتۇ. توختى شۇ كۈنى ئاخشىمى ئۆز يېنىدىكىلەرنى قوغلاپ چىقىرىۋېتىپ، تاشگۈلنى ئېلىپ قاپتۇ. تاشگۈل شامدانلارنىڭ يورۇغىدا باينىڭ ئېيىقتەك ئەپتىگە بىر قاراپلا كوڭلى غەش بوپتۇ. باي قىزغا يېپىشىپ، ئۇنىڭغا ۋەھشىلەرچە چاڭگال ساپتۇ، تاشگۈل قارشىلىق كورسىتىپ، ئۇنى راسا تىللاپتۇ. يېرىم كېچىسىگىچە ھېچبىر نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن باي ئاخىرى قىزنىڭ چېچىدىن تۇتقىنىچە ئاستىغا بېسىپ قۇچاغلىۋاپتۇ. تاشگۈل باينىڭ سالپىيىپ چۈشكەن ئىڭەك گوشىنى قاتتىق چىشلىگەن ئىكەن، ئاغرىققا چىدىمىغان باي يېنىدىن پىچىقىنى سۇغۇرىۋېلىپ تاشگۈلنىڭ كوكرىكىگە سانچىپتۇ، غەزەپ - نەپرەتكە تولغان قىز بىر ئاھ ئۇرۇپلا جان ئۈزۈپتۇ ....

زىنداندا ياتقان ياسىن يېرىم كېچىدە باينىڭ "ئېلىپ چىقىپ كومۇۋېتىڭلار" دەپ ھوكۇرىگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئۆز ئامرىقىغا خەۋپ يەتكەنلىكىنى پەملەپتۇ - دە، غەزەپ - نەپرەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىلەن زىنداننى ئېمىدىن كولاشقا باشلاپتۇ. تاڭ ئاتارغا يېقىن ئۇ زىنداندىن قېچىپ چىقىپ بىر توقۇنىدىنىڭكىگە كېپتۇ. ئورۇق - تۇققان، ئەل - ئاغىنىلىرى ئۇنى ياقا يۇرتلارغا كېتىپ تىرىكچىلىك يولى ئىزدەشكە دەۋەت قىپتۇ. ئۇ ئورۇق - تۇققان ۋە يارۇ - بۇرادەرلىرى يوللۇق تۇتقان بىر خالتا زاغرا نان بىلەن ئۆزىنىڭ بىرقانچە تاشچىلىق سايمىنىنى ئېلىپ، كۈنپىلۇن تېغىغا قاراپ راۋان بوپتۇ.

ياسىن ئۇزاق يوللارنى بېسىپ، چارچاپ كەتكەنلىكتىن بىر جىلغا يېنىدىكى بۇلاق تۇۋىدە دەرمانسىزلىنىپ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ ۋە بىر چۈش كۆرۈپتۇ. ئۇنىڭ چۈشىدە ئاقساقال خىزىر پەيدا بولۇپ، مۇنداق دەپتۇ:

پالۋان ئوغلۇم تۇر ئورنىڭدىن،
غەمكىنلىكتىن بولغىن ئازات.
مۈشكۈل يېڭىپ داۋان ئاشقىن،
كۈتەر سېنى ھور پەرىزات.

بۇ سۆز ياسىننىڭ ئەقلىنى ئېچىپ، يېڭى كۈچ - قۇۋۋەت بېغىشلاپتۇ. ئۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، يەنە ئۇز يولىغا راۋان بوپتۇ. يول يۈرۈپتۇ، يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپتۇ. چەكسىز چۆل - جەزىرىلەردىن ئۆتۈپ، يوروڭقاش دەرياسىنىڭ باش ئېقىمىغا يېتىپ بېرىپتۇ. دەريا سۈيى زۇمرەتتەك سۈزۈك بولۇپ، دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىدا گۈل - گىيالار ئېچىلغان، ئەتراپتىكى تۇتاش كەتكەن تاغ تىزمىلىرى يېشىللىققا پۈركىنىپ، مۇز داۋانلارنىڭ شولىسى سۇغا چۈشۈپ كۆزلەرنى قاماشتۇرۇپ تۇرارمىش. ياسىن خوشاللىقىدىن ئۆزىنى تۇتالماي، دەريا لېۋىگە ئېڭىشىپ سۇدىن قانغىچە ئىچىپتۇ. ئۇ شۇنداق قارىسا، سۇ

تېگىدە كوزنى قاماشتۇرىدىغان بىر يالتىراق نەرسە ۋالۋۇل قىلىپ تۇرغىدەك. سۇغا كىرىپ ئۇ نەرسىنى سۈزۈۋاپتۇ. ئۇ بىر ئىسىل ئاق قاشتېشى ئىكەن. ياسىن ئۇنىڭغا ئىنچىكىلەپ قاراپ چىققاندىن كېيىن كوڭلىگە دەرھال بىر ئوي پەيدا بوپتۇ - دە، يېنىدىكى ئەسۋاۋىنى قولىغا ئېلىپ، ئۇنىڭغا تاشگۇلنىڭ چىرايى - شەكلىنى ئويۇشقا باشلاپتۇ. ئىشلىگەنسېرى خوشاللىنىپ، بىر چاغ ئۆتكەندە قولىدىكى گۈزەل - نەپىس ئويمىنى ئۇتقىنچە ھۇشىدىن كېتىپتۇ. شۇ چاغدا بۇ ئويۇلغان تاشگۇلنىڭ ھەيكىلىگە جان كىرىپ، ياسىنغا تۆۋەندىكى سوزنى ئېيتىپتۇ:

جاپا دىمە، مۇشكۇل دىمە،
مۇشكۇلنىڭ تېگى راھەت.
قۇتۇلدۇق بىز كوز ياشلاردىن،
قايتىپ كەلدى چىن مۇھەببەت.

ياسىن چوچۇپ ھۇشىغا كېلىپ، ئوز يېنىدا كېچە - كۈندۈز سېغىنىپ كۈتكەن ئامرىغى تاشگۇلنىڭ كۈلۈپ تۇرغانلىقىنى كورۇپ خوشاللىق بىلەن مەشۇغىنى ئوز باغرىغا بېسىپتۇ. ئۇلار ئوز باشلىرىدىن ئوتكۈزگەن كەچۈرمىشلىرىنى سوزلىشىپ، تۇرمۇشنىڭ تېخىمۇ گۈزەل بېغىنى تېپىش قارارىغا كەپتۇ - دە، قول تۇتۇشۇپ يول داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئۇلار ئېگىز تاغ - داۋان ۋە تىك يارلاردىن ئېشىپ، ئۇزۇن - ئۇزۇن ساڭگىلاپ تۇرغان مەجنۇن تاللار ئارىسىدىن ئوتۇپ يورۇڭقاش دەرياسىنىڭ ئاياق ئېقىمىغا يېتىپ كەپتۇ. جىلغىنى بويلاپ تۇتاش كەتكەن قاتمۇ - قات تاغلار ۋە ئوڭكۇر - غارلار ھەشەمەتلىك ئوردا - سارايلاردەك كورۇنگىدەكمىش. ئۇلار بۇ يەردىن ئىككى پارچە قاشتېشى تېپىپتۇ. ياسىن بۇنىڭدىن بىر ئات ۋە بىر گۈلباغچا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئويۇپتۇ، تاشگۈل خوشاللىقىدىن مۇنداق قوشاق توقۇپتۇ:

قۇندۇز قارا ئېتىمىز، باغچىمىز زۇمرەت،
تارتىپ جاپا، كورمەكتىمىز ئەمدى راھەت.

كوزنى يۇمۇپ - ئاچقىچە ئۇلارنىڭ ئالدىدا پايانسىز مۇنبەت يەرلەر ۋە مەنزىرىلىك كوللەر پەيدا بوپتۇ. كولنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر باغ هويلا بولۇپ، هويلا دەرۋازىسىنىڭ سىرتىغا هىلىقى كىشنەپ تۇرغان ئات باغلاقلىق تۇرغىدەكمىش. شۇنىڭدىن باشلاپ ياسىن بىلەن قاشتېشى قىز ئەنە شۇ جايدا ماكانلىشىپ ئەركىن، بەختىيار تۇرمۇش كەچۇرۇپتۇ.

بىر كۇنى ياسىن قىز بىلەن ئۇزۇمزارلىقتا ئۇنچە - مەرۋايىتتەك ئۇزۇملەرنى ئۇزۇۋاتقاندا، توساتتىن تاغ ئۇستىدىن بىر بوۋاي چۇشۇپ كەپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، ئۇ ياسىننىڭ خوشنىسى، ئۇستا ئوۋچى باھاۋۇدۇن تاغا ئىكەن. ئوۋچى بوۋاينىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ئوۋلىغان قىممەت باھالىق ئېسىل نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسىنى توختى باي ئۇزىنىڭ ئىلۋاپتۇ، يەنە كېلىپ ئۇنىڭغا قارا چاپلاپ، ئۇستىدىن ئەرز قىلىپ، ئۇنى داۋادا ئۇتتۇۋاپتۇ. نەتىجىدە ئۇ ئائىلىسىگە قايناالماي ھەر تەرەپتە سەرسان بولۇپ يۇرۇپ، ئاخىرى تاسادىپى بۇ جايغا كېلىپ قالغان ئىكەن. ھەممەيلەن ناھايىتى خوشال بولۇشۇپتۇ. ياسىن دەرھال بوۋاينى ئويىگە تەكلىپ قىلىپ، ئېسىل نازۇ - نېمەتلەر بىلەن مېھمان قىپتۇ. بوۋاي بىرقانچە كۇن تۇرۇپتۇ. ئوز ئائىلىسىگە سېغىنغان بۇ ئوۋچى بوۋاي ياسىن بىلەن تاشگۈلنىڭ ئۇتتىنىشىغا ئۇنىماي يولغا چىقماقچى بوپتۇ. ئىككىسى كوزلىرىگە ياش ئېلىپ، ئوۋچىنى ئۇزىتىپ قويۇپتۇ. ئايرىلىش ۋاقتىدا ياسىن:

— مەن هامان بىر كۈنى قايتىپ بېرىپ توختى دىگەن قارا ئىت بىلەن ھىساپلىشىمەن! — دەپتۇ.

باھاۋۇدۇن تاغا ئائىلىسىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، توختى باينىڭ مەككىگە ھەج قىلغىلى كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئائىلىسىدە ئارام - خۇدا تۇرۇپ قاپتۇ. ياسىن بىلەن تاشگۈلنىڭ توي ئىشلىرىنى يادىغا كەلتۈرۈپ خاتىرجەم بولالماپتۇ. باھاۋۇدۇن تاغا ئۇيان ئويلاپ - بۇيان ئويلاپ، بىر قانچە جامائەتنى ئات - ئۇلاقلارغا مىنگۈزۈپ، ئىككى ياشنىڭ تويىنى قىلىپ قويۇش ئۈچۈن تاققا قاراپ سەپەر قىپتۇ.

توي مۇراسىمى روزى ھېيت كۈنىگە توغرىلىنىپتۇ. بۇنىڭدىن ھەر ئىككىسى خوشاللىنىپتۇ. مەرىكە بەكمۇ قىزىپ كېتىپتۇ. كوپچىلىك مال سويۇپ، ئاش تەييارلاپ، داستىخان تارتىشۋاتقانىنىڭ ئۈستىگە توساتتىن غالچىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ توختى باي يېتىپ كەپتۇ. "رەقىپلەر ئۇچراشقاندا چىداپ تۇرۇشالماپتۇ" دىگەندەك، بىر مەيدان قاتتىق تۇتۇشۇشنىڭ يۈز بېرىشى كورۇنۇپلا تۇرۇپتۇ. ھەر ئىككىسىنىڭ پەيلىنى بىلگەن قىز ئالدىغا چىقىپلا بايغا مۇنداق دەپتۇ:

— توختى، سىز ئەمدىلا ھەج - تاۋاپ قىلىپ كەلدىڭىز، سىز پەزىلەتلىك ئادەم، مەن سىزگە بىر نەرسە بېرەي، پەيلىڭىزدىن يېنىڭ.

— قانداق نەرسە ئۇ؟ — دەپ سوراپتۇ باي.

— ئاۋازى مۇڭلۇق ئاڭلىنىدىغان راۋاپ.

— ئۇنىڭ نىمە پايدىسى بار؟

— ئىگىنى ئارام ئالدۇرۇپ، بەدەننى ئاسرايدۇ.

— ئۇنداق نەرسە مەندە يېتىپ ئاشقىدەك بار، گۈلنى ئاڭلاپ زېرىكىپ كەتكەنمەن.

— توختى، سىز ئەمدىلا ھەج قىلىپ كەلدىڭىز، سىز

دىيانەتلىك ئادەم، مەن سىزگە ئىسسىق بىر نەرسە بېرەي، پەيلىگىزدىن يېنىڭ، — دەپتۇ يەنە قىز.

— قانداق ئىسسىق نەرسە ئۇ؟ — دەپ سوراپتۇ باي.

— ئەتىۋالىق قاشتېشى.

— ئۇ دىگەن تاش تۇرسا، مەن ئۇنى نىمە قىلىمەن؟ — دەپتۇ باي.

قىز يەنە دەپتۇ:

— توختى، سىز ئەمدىلا ھەرەمدىن كەلدىگىز، سىز ئەخلاقلىق ئادەم، مەن سىزگە ئىچىدىغان ئوبدان نەرسە بېرەي، پەيلىگىزدىن يېنىڭ.

— قانداق نەرسە ئۇ؟

— شېرىن - تاتلىق مۇسەللەس.

— قانچىلىك بار؟

— مىڭ بىر پىيالە.

— چاققان ئەپكېلىڭلار، چاققان ئەپكېلىڭلار!

ياسىن مۇسەللەس بار گەمىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ بېرىپتۇ. ئاتارمەن - چاپارمەنلەر قاچا - قاچىلاپ بايغا سۇنۇپتۇ. باي ئىچىۋېرىپ، بىردەمدىلا غەرق مەس بولۇپ، لايدەك ئېزىلىپ يېتىپتۇ.

توختى ئۇيقۇدا تۇرۇپ تۇرسۇن، گەپنى ياسىن بىلەن تاشگۈل قاتارلىقلاردىن ئاڭلاڭ:

بۇلار قانداق قىلىپ توختى بايدىن غالىپ كېلىش توغرىسىدا ئۇزاق مەسلىھەتلىشىپتۇ. ئاخىرىدا "ئۇلار كوپ ۋە كۈچلۈك، بىز بولساق ئاز ۋە قورالسىز، شۇڭا مەلئۇنلارنى ئات بەيگىسىگە قىزىقتۇرۇپ، ئۇلار ئۈستىدىن پەم بىلەن غالىپ كېلەيلى" دىگەن قارارغا كەپتۇ.

ئەتىسى باھاۋۇدۇن بوۋاي باي ۋە ئۇنىڭ چاپارمەنلىرىنى

ئات بەيگىسى قىلىشقا ماقۇل كەلتۈرۈپتۇ.

يورۇڭقاش دەرياسى بويىدىكى كەڭ سايدا بەيگە باشلىنىپتۇ.

قۇندۇز قارا ئېتىغا مىنگەن ياسىن كوكۇش ئاتقا مىنگەن باي بىلەن بىر قاتاردا تۇرۇپتۇ. بەيگە باشلىنىشى ۋاقىراپ - جاقىراپ تۇرۇپ بۇيرۇق چۇشۇرگەن ئىكەن، چۇقان - سۇرەن باشلىنىپ، ھەيۋەتلىك مەنزىرە پەيدا بوپتۇ. ھەش - پەش دېگۈچە، باي ئۆز ئېتىنى خامشىغا قويۇۋېتىپ ئالدىغا ئوتۇپ كېتىپتۇ. لېكىن قارا قۇندۇز ئاتنىڭ كېيىنلىكى يامان بولغاچقا، چاپقانسېرى تۇۋىنى قىزىپ، ئۇچقاندەك ئالغا ئىلگىرىلەپ كوزنى يۇمۇپ ئاچقىچىلىك كوك ئاتنى كەينىگە تاشلاپ قويۇپتۇ. باي ئۆزىنىڭ بەك ئارقىدا قېپقالغانلىقىنى كورۇپ، ئېتىنىڭ تىزگىنىنى قاتتىق سىلكىگىنىچە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ مېڭىپتۇ، ئەتراپتا تۇرغان كىشىلەرنىڭ چىرايىدىكى خوشاللىقنىڭ ئورنىنى ئەجەبلىنىش ئىگەللەپتۇ. توختى باي قىزنىڭ ئالدىغا كېلىپ، قولىنى شۇنداق شىلتىگەن ئىكەن، توت ئەتراپتا تۇرغان يالاقچىلار قىزنى ئاتقا توغرا ياتقۇزۇپ ئېلىپ قېچىپتۇ.

ياسىن قۇندۇز قارا ئېتىنى بۇراپ، مەيدانغا كەلگىدەك بولسا باي ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى ئاللىقاچان يىراقلارغا كېتىپ قالغان ئىكەن.

توختى باي قىزنى خوتۇنلۇققا ئېلىش قەستىگە چۇشكىلى خېلى ئۇزۇن بولغاچقا، قىزنى بۇلاپ ئەكېلىپلا دەرھال شاۋقۇن - سۇرەنلىك توي مەرىكىسى تۇزۇپتۇ. نىكا ئوقۇلىدىغان پەيتمۇ كەپتۇ. بۇ چاغدا قىز ئەسلىدىكى بىر پارچە چاقناپ تۇرغان قاشتېشى قىياپىتىگە ئۆزگىرىپتۇ. توختى باي دەرغەزەپ بولغان ھالدا قىلىچىنى شارت قىلىپ سۇغۇرۇپ، قاشتېشىغا كۈچ بىلەن ئۇرغان ئىكەن، قاشتېشىدىن "جاڭگىدە" ئاۋاز چى-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

قىپتۇ - دە، لاۋىلداپ ئوت يېنىشقا باشلاپتۇ. پۈتۈن ھويلا - سارايلار ھايت - ھۇيت دېگىچە ئوت دېڭىزىغا ئايلىنىپتۇ. رەسۋا بولغان باي قورقىنىدىن ھەملى ئۇياقىقا، ھەملى بۇياقىقا موكۇنۇپ بېقىپتۇ. يۈكۈنۈپ تۈرۈپ يالۋۇرۇپتۇ. لېكىن ھېچقانداق قىلىپ يالقۇنلۇق ئوتنىڭ جازاسىدىن قېچىپ قۇتۇلالماي، ئاخىرى كويۇپ كۈلگە ئايلىنىپ كېتىپتۇ. قاشتېشىدىن ياسالغان قىز بولسا لاۋىلداپ يېنىۋاتقان يالقۇن ئىچىدە ئاق ئىسقا ئايلىنىپتۇ - دە، ئۇدۇل سويگىنى ياسىنىڭ قېشىغا — ئاشۇ قېلىن، ئاق قار بىلەن قاپلانغان مۇز تاغدىكى ماكانىغا ئۇچۇپ بېرىپتۇ. ئۇلار شۇ يەردە بەختلىك ھايات كەچۈرۈپتۇ.

# قېرىلارنىڭ قەدرى

بۇرۇنىڭ بۇرۇنىسىدا، تەكلىماكاننىڭ نېرىسىدا بىر زالىم پادىشا ئۆتكەن ئىكەن. پادىشانىڭ قىرىقتىن ئوشۇق خوتۇنى، يۈزلىگەن كېنىزىكى بولغانلىقى سىرتىدا، كۆڭلىنى ئاچىدىغان ئەلنەغمىچى، ئۇسسۇلچىلىرى بەش يۈزدىن ئاشىدىكەن. پادىشا كېچە-يۇ - كۈندۈز ئەيش - ئىشرەت، كەيپ - ساپا بىلەن بولۇپ پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشى بىلەن قىلچە كارى بولمايدىكەن. پادىشا ئەمەلدارلىرىنىڭ ھال - كۈنىمۇ پادىشادىن كەم ئەمەس ئىكەن. پۇقرالار بولسا، ئالۋاڭ - ياساقنىڭ ئېغىرلىقىدىن ئاچ - زار كۈن ئۆتكۈزىدىكەن. پۇقرالار پادىشانىڭ سېلىقىنى تۆلىيەلمىگەنلىكتىن زىندانلارغا تاشلىنىدىكەن. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن پۇقرالاردا پادىشاغا قارىتا نارازىلىق كۈچىيىپ، دۆلەت مالىمان بولۇشقا باشلاپتۇ. بۇنىڭدىن ئەنسىرىگەن پادىشا بىر كۈنى ئەمەلدارلىرىنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ ئۇلارغا:

— بىزنىڭ مۇشۇنداق كەڭ، مۇنبەت، پاراغەتلىك يۇرتىمىز، سىلەردەك پەم - پاراسەتلىك ئاقىلدارلىرىمىز تۇرۇقلۇق، خەلقىنىڭ شۇنچىلىك ئاز سېلىقنىمۇ تۆلەشكە مادارى نېمىشقا يەتمەيدۇ؟— دەپ سوئال قويۇپتۇ.

پادىشانىڭ سوئالىغا سول قول ۋەزىر جاۋاپ بېرىپ:

— بۇنىڭ سەۋەبى، بىزدە تەييارغا ھەييار بولىدىغان تىرىكتاپ قېرىلار ناھايىتى كۆپ، ياشلار تاپقاننى ئاشۇ قېرىلار يەپ تۈگىتىدۇ، بىر كىشى ئىككى - ئۈچ كىشىنى قانداق بېقىپ كېتەلەيدۇ؟ ئەھۋالىمىزنىڭ بارغانسېرى ئوساللىشىپ كېتى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ۋاقتانلىغىمۇ مانا مۇشۇ يەردە. بۇنىڭغا ئۆزلىرى بىر ئەقىل ئىشلىتىپ، چارە تاپمىسىلا، ھەر قايسىمىزنىڭ ئامالى بولمىدى، ئىش راۋاجلىنىپ كەتسە شەۋكەتلىك تاجۇ - تەخت، كاتتا ئابرويلىرىغىمۇ نۇقسان يېتىش خەۋپى بار،— دەپتۇ.

پادىشا بۇنى ئاڭلاپ "ھىم!" دەپتۇ - دە، ئەمەلدارلىرىغا 60 ياشتىن ھالقىغان بارلىق ئەر - ئايال قېرىلارنى يوقىتىشنى بۇيرۇپتۇ. پادىشانىڭ ھوكمى ئىجرا قىلىنىشقا باشلاپتۇ، يۇرتنى ئاھ - زار قاپلاپتۇ...

بۇ شەھەرنىڭ ئەڭ چېتىدىكى يېزىدا بىلال ئىسىملىك بىر كىشى ياشايدىكەن. بۇ كىشىنىڭ يېشى 60 تىن ئاشقانلىقى ئۈچۈن ئۇمۇ پادىشا قۇربانلىرىنىڭ بىرسى ئىكەن. بىلالنىڭ ئوغلى چېچەن بولۇپ، دادىسىغا بەك كۆيۈمچان ئىكەن، شۇڭا ئۇ دادىسىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىگە كۆزى قىيماي يوغان بىر كات ياسىتىپ دادىسىنى ئۆينىڭ ئىچىگە سېلىپ ساقلاپ قاپتۇ، قېرىلار تامام ئۆلتۈرۈلۈپتۇ. بۇ ئىش بولۇپ ئۈچ يىلچە ۋاقىت ئۆتە - ئۆتمەيلا بۇ ئەلدە قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بېرىپتۇ، پۈتۈن يۇرت قاقاسلىققا ئايلىنىپ، دەريالار قۇرۇپ، بۇلاق كۆزلىرى پۈتۈپ كېتىپتۇ، پۇقرالار ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈپ كېتىشكە باشلاپتۇ. ھەتتا پادىشا ئوردىسىدىكىلەرمۇ يىغىۋالغان سۇلىرىنى ئىچىپ بولۇپ جېنى ھەلقۇمىغا كېلىپ قاپتۇ. بۇ قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىش يولىدا توغرا مەسلىھەت بەرگۈدەك بىرمۇ كىشى چىقماپتۇ. مۇشۇنداق قىيىن شارائىتتا پادىشا: "كىمكى بۇ قۇرغاقچىلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىش يولىدا توغرا مەسلىھەت بېرەلىسە، ئۇنى ئۆزەمگە ئوڭ قول ۋەزىر قىلىمەن" دەپ پەرمان چىقىرىپتۇ. بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىققۇدەك كىشى تېپىلماپتۇ. پادىشا يەنە يېڭى پەرمان چىقىرىپ: "كىمكى سۇ تېپىپ، ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرىدىغان بولسا، پادىشالىقىمنىمۇ بېرىمەن" دەپتۇ ۋە شۇ سۆزنى ئې-

تىپ ئۈزۈن ئۆتمەي ئۈزدىن ئۈسسىزلىقتىن ئۇ دۇنىياغا سەپەر قىپتۇ، ئەمەلدارلارنىڭ تولىسى ئۆلۈپ تۈگەپتۇ. بىلالنىڭ بالىسى بۇ ئىشلاردىن دادىسىنى خەۋەرلەندۈرۈپتۇ، شۇ چاغدا بىلال ئۆز ئوغلىغا مۇنداق مەسلىھەت بېرىپتۇ: "سەن بىر پادا كالىنى ئالدىڭغا سېلىپ ھەيدە، ئۈسسىغان كالىلار يەرنى پۇراپ ھوكۇرەپ ماڭىدۇ، سەن ئۇنىڭ يولىنى توسما، كالا پادىسى قاتتىق ھوكۇرەپ توپىسىنى چېچىپ تۇرۇۋالغان يەرنى كولا، ئەنە شۇ يەردىن سۇ چىقىدۇ..."

بالا دادىسىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە بىر پادا كالىنى ھەيدەپ مېڭىپتۇ، دەرۋەقە كالىلار بىر يەرگە بارغاندا قاتتىق ھوكۇرۇشۇپ، ئالدى ئىككى پۇتىدا يەرنى تىلغاپ، توپىنى ئاسمانغا پۇرقىتىپتۇ. بالا شۇ ئورۇننى قېزىپتىكەن، دېگەنىدەك بۇلۇقلاپ سۇ چىقىپتۇ. خەلق ئۇستەڭ ئېلىپ سۇنى يۇرتقا باشلاپتۇ. يۇرتكى سۇغا قانغان يۇرت ئەھلى تىرىشىپ ئىشلەپ قۇرغاقچىلىق ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش بىلەن ئۆزى بەگ، ئۆزى خان ھالىدا باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، "قېرىلارنى كاتتا ساقلا ئۇلۇغكىنى ھەپتە ساقلا" دېگەن تەمسىل مانا شۇنىڭدىن قالغان ئىكەن.

# كەنجى ئوغۇل

بۇرۇنقى زاماندا، ئاتا - بوۋاي تۇغۇلمىغان، ئېشەككە قۇلاق، قوشقارغا مۈڭگۈز چىقمىغان زامانلاردا بىر پادىشا ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ مال - مۈلكى ھەددى - ھېساپسىز ئىكەن. ئۇنىڭ خاس ئالتۇن - كۈمۈشلىرىلا بىرنەچچە ئېغىز ئۆيىنى ئىگەللىگەچكە ھېچنىمىدىن غېمى يوق ئىكەن.

پادىشانىڭ چوڭ - كىچىك ئالتە خوتۇنى بولۇپ، خۇدايىم ئۇنىڭغا بىرمۇ قىز ئارىلاشتۇرماي، يەتمىش ئوغۇل پەرزەنت بېرىپتۇ، بۇ يەتمىش ئوغۇلنى ئىسمىدىنلا پەرق ئەتمىسە، قەددى - قامىتى، چىرايىدىن پەقەت ئايرىۋالغىلى بولمايدىكەن.

بۇ پادىشا شەھەرنى ئادىللىق بىلەن باشقۇرىدىكەن، شەھەر خەلقىمۇ غەم - غۇسسىدىن خالى خوشال - خورام ياشايدىكەن. ھەرقانداق بىر پۇقرا بىرەر ئىش توغرىسىدا پادىشا بىلەن كورۇشمەكچى بولسا، پادىشانىڭ ئوردىسىغا ئەركىن كىرىپ - چىقىپ، پادىشا بىلەن بەھوزۇر سوزلىشىپ، ئۇنىڭ ئىلتىپاتىدىن تولۇق بەھرىمەن بولالايدىكەن.

يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن پادىشانىڭ يەتمىش ئوغلى بىر - بىرىدىن قېلىشماي چوڭ بولۇشقا باشلاپتۇ ۋە ئۇلارنى ئۆيلۈك - ئوچاقلىق قىلىشنىڭ ۋاقتىمۇ يېقىنلاپ قاپتۇ. پادىشا ئوغۇللىرىنى ئۆيلەشنىڭ غېمىدە قاپتۇ. پادىشا تېخى بۇ غەمدىن خالاس بولۇشنىڭ چارىسىنى تاپالماي تۇرغاندا، پۈتۈن شەھەرگە قۇرغاقچىلىق ئاپىتى تەھدىت سېلىشقا باشلاپتۇ، پادىشا بۇ

ئىككى مۇھەممەدىن قانداق قۇتۇلۇشنى بىلمەي قايغۇغا چۆمۈپ، خە-
يال دېڭىزىغا غەرق بوپتۇ.

پادىشا ئۆزىنىڭ يەتمىش ئوغلىنى ئۆيلەش ئۈچۈن يەت-
مىش ئائىلە بىلەن قۇدا بولۇشقا توغرا كېلىدىغانلىقىنى، ئەگەر
ئىش شۇنداق بولسا 70 ئائىلىدىك قۇدىسى بىلەن باردى - كەل-
دى كۆپىيىپ كېتىپ، دۆلەتنى باشقۇرۇشقا ۋاقىت چىقىرالماي
قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، خۇددى ئۆزىگە ئوخشاش يەتمىش قىزى
بار بىرلا ئائىلە بىلەن قۇدا بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىكەن. شەھەر-
دە يۈز بەرگەن قۇرغاقچىلىق ئاپىتىنى تۈگەتەي دىسە، شەھەردى-
كى ۋە يېقىن ئەتراپتىكى سۇ مەنبەلىرىنىڭ ھەممىسى قۇرۇپ
كەتكەن ئىكەن. يىراقتىن سۇ باشلاپ كېلەي دىسە ئەڭ يېقىن
دېگەندىمۇ، بۇ شەھەردىن توت ئايلىق يىراقتىكى دەريالاردىن،
دېڭىزلاردىن ئۆستەڭ چېپىپ سۇ ئەكىلىشكە توغرا كېلىدىكەن.
پادىشا ھەر تۈرلۈك چارىلەرنى ئويلاپ كۆرگەن بولسىمۇ، يەنى-
لا ئەپلەشمەپتۇ. شۇڭا، غەمگە پېتىپ كۈندىن - كۈنگە غىزادىن،
ئۇيقۇدىن قېلىپ، بارا - بارا ئورۇقلاشقا، چىرايى سامانىدەك
سارغىيىشقا باشلاپتۇ.

پادىشانىڭ يەتمىش ئوغلىنىڭ ئىچىدە كەنجى ئوغلى نا-
ھايىتى زىرەك، چېچەن، ئەقىل - پاراسەتلىك ئىكەن. پادىشا-
نىڭ يېقىندىن بۇيانقى روھىي ھالىتى، چىرايىدىكى غەمكىنلىك
كەنجى ئوغۇلنىڭ دىققىتىنى تارتىپتۇ. بىر كۈنى كەچلىك تا-
ماقتىن كېيىن كەنجى ئوغۇل دادىسىدىن زادى نىمە ئىش بول-
غانلىقىنى، نىمە ئۈچۈن يېقىندىن بۇيان كېسەل كىشىدەك بو-
لۇپ قالغانلىقىنى سوراپتۇ. پادىشا بۇ ئوغلىنى بەك ياخشى كۆ-
رىدىكەن، شۇڭا ئۆزىنىڭ بېشىغا چۈشكەن غەم - غۇسسىلەرنى
يوشۇرماي سۆزلەپ بېرىپتۇ. كەنجى ئوغۇل دادىسىنىڭ سۆزىنى
ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ سەپەرگە ئاتلىنىپ، بۇ ئىك-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كى غەمدىن خالاس بولۇشنىڭ چارىسىنى تاپالمىغانلىقىنى ئېيتىپ، دادىسىدىن ئىجازەت سوراپتۇ. پادىشا ئۇنىڭ پىكرىنى ئويلىنىپ كۆرۈپ، بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن پەقەت مۇشۇ ئوغلىنىڭلا چىقالايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپتۇ ۋە ئوغلىنىڭ سەپەرگە چىقىشىغا رۇخسەت قىپتۇ.

كەنجى ئوغۇل ئۇرۇق - تۇققانلىرى بىلەن خوشلىشىپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. ئۇ يول يۈرۈپتۇ، يۈرگەندىمۇ يول يۈرۈپتۇ. ھېچبىر مەنزىلگە يېتەلمەي كېتىۋاتقان كۈنلەردە ئوزۇق - تۈلۈكى ئاخىرلىشىپ، قوسىقى ئاغرا چىلىشقا باشلاپتۇ. ئۇ ئىلاجىنىڭ يوقلۇقىدىن ئۆزى مىنىپ يۈرگەن ئېتىنىمۇ سويۇپ يەپتۇ. گۆش تۈگەپتۇ، يول تېخى تۈگىمەپتۇ. كەنجى ئوغۇل بىر چۆل - باياۋاندا كېتىۋاتقاندا پۇت - قولىدا ماغدۇر قالماي، ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن ھوشسىزلىنىپ يىقىلىپتۇ ۋە بىر ئازدىن كېيىن ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ئۇ، ئۇخلاۋاتقاندا تۇيۇقسىزلا بىرسى ئۇنى چاقىرىپ:

— ئادەم بالىسى بولساڭ تۇر ئورنۇڭدىن! بۇ يەردە ئۇخلاش خەتەرلىك! — دەپتۇ.

كەنجى ئوغۇل كۆزىنى ئېچىپ قارىغۇدەك بولسا، ئالدىدا بويى توت گەز، ساقىلى بىر يېرىم گەز كەلگۈدەك ئاق ساقاللىق بىر بوۋاي تۇرغۇدەك. كەنجى ئوغۇل كۆزلىرىنى جامدەك ئېچىپ ھەيرانلىقتا بوۋايغا تىكىلىپتۇ، چۈنكى ئۇ مۇشۇ سايغا قەدەم باسقان يەتمىش بەش كۈن ئىچىدە ئادەم سايىسىنىمۇ كۆرمەپتىكەن.

— ئەي ئوغلۇم، سەن نىمە ۋەجىدىن بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭ، بۇ يەردە نىمىشقا ئۇخلاپ ياتتىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ بوۋاي.

كەنجى ئوغۇل ئۆزىنىڭ سەپەرگە ئاتلىنىشىنىڭ سەۋەبىنى ۋە ئۆيىدىن ئايرىلغان يەتمىش بەش كۈن ئىچىدە بېشىدىن ئۆتكەن - كەچكەنلىرىنى بوۋايغا سۆزلەپ بېرىپتۇ.

بوۋاي كەنجى ئوغۇلنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپتۇ ۋە كەنجى ئوغۇلغا بىر دانە ئاق ناننى تەڭلەپ تۇرۇپ:

— ئوغلۇم، سەن ئاتاڭنى رازى قىلىش يولىدا كۆپ جاپا چېكىپسەن، سېنىڭ ماڭغان يولۇڭ ئۇچۇقتۇر، سەن ماۋۇ ناننى ئال، قوسىقىڭ ئاچقاندا پەقەت يېرىمىنى يەپ، يېرىمىنى ساقلاپ قوي، شۇنداق قىلساڭ ئاچ قالمايسەن، خۇدايىم سېنى مەقسىدىڭگە يەتكۈزەر. ئوغلۇم، بۇ يەر دېۋىلەر ماكانى، ھازىر دېۋە ئۇخلىغىلى ئوتتۇز سەككىز كۈن بولدى. يەنە ئىككى كۈندىن كېيىن ئويغىنىدۇ. شۇڭا سەن بۇ يەردىن تېز مېڭىپ كەت، سەن كۈن پاتارغا قاراپ يەنە ئۈچ ئاي يول يۈرگەندىن كېيىن، ئاندىن مەقسىدىڭگە يېتىسەن. خەير، ساڭا ئاق يول بولسۇن! — دەپ دۇئا قىپتۇ - دە، شۇ زامان كۆزدىن غايىپ بوپتۇ.

كەنجى ئوغۇلنىڭ ئالقىنىدا پەقەت بوۋاي قالدۇرۇپ كەتكەن تۈگىمەس نانلا قاپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ خىزىرغا يولۇققانلىقىنى ئويلاپ خوش بوپتۇ ۋە يولنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. قوسىقى ئاچسا بوۋاي دېگەندەك ناننىڭ يېرىمىنى يەپ، قالغان يېرىمىنى قوينىغا سېلىپ ساقلاپتۇ. بوۋاي بەرگەن بۇ نان ئەسلى سۈيى بىلەن بىللە تۈگىمەس خاسىيەتلىك نان بولۇپ، ناننىڭ قالغان يېرىمى ئۆزلۈكىدىن پۈتۈن بولۇپ قالىدىكەن. شۇنداق قىلىپ كەنجى ئوغۇل ئاشۇ خاسىيەتلىك ناننىڭ كۈچى بىلەن بوۋاي دېگەندەك ئۈچ ئاي يول يۈرۈپ بىر شەھەرگە كەپتۇ.

بۇ شەھەرنىڭ پادىشاسىنىڭمۇ بىرسى كەم يەتمىش قىزى بار بولۇپ، بۇ پادىشامۇ كەنجى ئوغۇلنىڭ دادىسىغا ئوخشاش غەمدە ئىكەن. كەنجى ئوغۇل پادىشانىڭ ھوزۇرىغا ئۆزى ئەلچى بولۇپ كىرىپ، پادىشانى غەمدىن خالاس قىپتۇ. پادىشا كەنجى ئوغۇلنى كاتتا زىياپەتلەر بىلەن كۈتۈۋاپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ ئاتمىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

توققۇز لەپەر قىزىنى كەنجى ئوغۇلنىڭ دادىسىغا كېلىنلىككە بەرمەكچى بوپتۇ. كەنجى ئوغۇل دادىسىغا خۇش خەۋەر يەتكۈزۈشكە شۇنچە ئالدىرىغان بولسىمۇ، لېكىن يول ئۈستىدىكى دېۋىنىڭ يەنە ئۇخلىشىنى كۈتۈشكە توغرا كەپتۇ ۋە يىگىرمە يەتتە كۈننى ئۆتكۈزۈپ، ئاندىن پادىشا بەرگەن ئۇچار گىلەمگە چۈشۈپ ئۆز شەھىرىگە راۋان بوپتۇ. ئۇچار گىلەمنىڭ شامالدەك تېز ئۇچۇشى بىلەن بەش ئايلىق يولنى يىگىرمە ئىككى كۈندە تۈگىتىپ، دادىسىغا خۇش خەۋەر يەتكۈزۈپتۇ.

پادىشا ناھايىتى خوشال بولۇپ، دەرھال ئون بەش كۈن تەييارلىق قىپتۇ ـ دە، شەھەرنى ئوڭ قول ۋەزىرگە تاپشۇرۇپ، ئۆزى يەتمىش ئوغلى بىلەن قىرىق نەپەر نوۋكەرنى ئېلىپ يولغا چىقىپتۇ. ئۆزى بىلەن قۇدىلاشماقچى بولغان پادىشانىڭ شەھىرىگە سالامەت يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، دەرھاللا قىرىق كېچە ـ كۈندۈزلۈك تويىنى باشلىۋېتىپتۇ.

كەنجى ئوغۇلنىڭ دادىسى قىرىق كۈنلۈك تويىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، بۇ شەھەردە ئۇزۇن تۇرمايلا ئاتمىش توققۇز جۈپ ياشنى ئاتمىش توققۇز مەپىگە سېلىپ ئۆز شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇلارنىڭ يولغا چىققان ۋاقتى دېۋىنىڭ ئويغاق ۋاقتىغا توغرا كېلىپ قالغاچقا، يول ئۈستىدە دېۋىگە تۇتۇلۇپ قاپتۇ. ئۇلار كەچۈرمىشلىرىنى بايان قىلىپ، دېۋىدىن ئۆزلىرىنى ئۆتكۈزۈۋېتىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. دېۋە بۇنىڭغا جاۋابەن ئۆزىنىڭ شەرتىنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ.

ئەسلى بۇ دېۋە ئۆزى تۇرۇشلۇق ماكاندىن ئالتە ئايلىق يىراقلىقتىكى بىر شەھەر پادىشاسىنىڭ پالۋانى بولۇپ، ئۇ پادىشانىڭ ئاي يۈزلۈك ساھىپ جامال قىزىغا كويۇپ قېلىپ، ئۇنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن تىرمىشىپ باققان بولسىمۇ، مەقسىدىگە يېتەلمەي، بۇ يەردە پۇرسەت كۈتۈپ ياتقان ئىكەن. شۇڭا

دېۋە ئاشۇ قىزنى ئەكىلىپ بەرسە ئاندىن ئۇلارنى ئۆتكۈزۈۋې-تىدىغانلىقىنى، بولمىسا ئۇلارنى ئۇزىگە ئوزۇق قىلىدىغانلىقىنى بايان قىپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ كەنجى ئوغۇلنىڭ دادىسىنىڭ مىگى-دىن تۈتۈن چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ دېۋىگە ئوزى ئېلىپ كەلگەن ئاتىشى توققۇز قىزدىن ئوزى خالىغىنىنى تاللىۋېلىشىنى ئېيتقان بولسىمۇ، دېۋە بۇنىڭغا كونمەپتۇ. كەنجى ئوغۇل ئورۇشقان بى-لەنمۇ دېۋىگە تەڭ كەلگىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلگەچكە بۇ ئىش-نى ئورۇنلاشنى ئوز ئۈستىگە ئاپتۇ. دېۋە كەنجى ئوغۇل كەلگى-چە ئۇنىڭ دادىسى ۋە باشقىلارنى تۇتۇپ تۇرماقچى بوپتۇ. كەن-جى ئوغۇل دېۋە كورسەتكەن تەرەپكە قاراپ يەنە يولغا چىقىپتۇ.

كەنجى ئوغۇل دادىسىدىن ئايرىلىپ يىگىرمە يەتتە كۈندە بىر كىچىك شەھەرگە كەپتۇ. قارىسا، بۇ شەھەر مەخسۇس چاش-قانلار دۇنياسى بولۇپ، بۇ شەھەرنىڭ پادىشاسى بولغان تۈلۈم چاشقان ئۇنىڭغا يول بەرمەپتۇ. كەنجى ئوغۇل ئوز ھالىنى ۋە مەقسىدىنى چاشقانلار پادىشاسىغا ئىزھار قىلغان ئىكەن، چاشقانلار پادىشاسى كەنجى ئوغۇلنىڭ چاشقانلاردىن بىرسىنىمۇ دەسسىمەي قويماسلىق شەرتى بىلەن بۇ شەھەردىن ئوتۇشكە قوشۇلۇپتۇ. كەن-جى ئوغۇل خۇددى بوۋاق ئومىلىگەندەك ئومىلەپ، قولى بىلەن يولدىكى چاشقانلارنى ئىككى تەرەپكە سۈرۈپ يۈرۈپ يول ئې-چىپ ئۈچ كۈندە ئاران ئوتۈۋاپتۇ. ئۇ بۇ شەھەردىن ئايرىلىش ۋاقتىدا چاشقانلار پادىشاسى ئۇنىڭغا بىر تال تۈكىنى يۇلۇپ بېرىپتۇ ۋە تۈكنى كويدۈرگەن ھامان ئوزىنىڭ پۈتۈن ئەسكەر-لىرى بىلەن ھازىر بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئوغۇلنى ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.

كەنجى ئوغۇل بوۋاي بەرگەن خاسىيەتلىك نان ۋە ئوزى ئېلىۋالغان ئوزۇق - تۈلۈكىنىڭ ياردىمى بىلەن يەنە ئوزۇن

ئۇيغۇر كىتاب تورخانىسى
www.uyghurkitap.com

يول مېڭىپ، ئوتتۇز كۈن دېگەندە يەنە بىر كىچىك شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. بۇ شەھەر چۈمۈلىلەر ياشايدىغان شەھەر بولۇپ، كەنجى ئوغۇل بۇ يەردىمۇ توسۇلۇپ قاپتۇ. كەنجى ئوغۇل ئۆزى-نىڭ بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى چۈمۈلىلەر پادىشاسىغا ئېيتقان ئىكەن، ئۇمۇ كەنجى ئوغۇلغا شەھەردىكى چۈمۈلىلەرنىڭ بىرىنىمۇ ناكا قىلماسلىق شەرتى ئاستىدا يولنى داۋام قىلىشقا ئىجازەت بېرىپ-تۇ. كەنجى ئوغۇل بۇ يەردىمۇ قىلچە بىخەستىلىك قىلماي ئون بەش كۈندە بۇ شەھەردىن ساق - سالامەت ئۆتۈپتۇ. ئۇ ئۆز يولىغا راۋان بولماقچى بولۇپ تۇرغاندا، چۈمۈلىلەر پادىشاسىمۇ بېشىغا كۈن چۈشكەندە كويدۇرۇشنى تاپىلاپ بىر تال تۈك يۇ-لۇپ بېرىپ ئۈزۈتۈپ قويۇپتۇ. كەنجى ئوغۇل يەنە ئۈچ ئاي يول يۈرۈپ دېۋە ئېيتقان ئاي يۈزلۈك قىز بار شەھەرگە تازا يېرىم كېچىدە كەپتۇ.

بۇ شەھەرنىڭ پادىشاسى تۇغما ھىلىگەر، مال - دۇنياغا ئېغىزى تويىسىمۇ كۆزى تويمايدىغان، زالىم ئادەم ئىكەن. بۇ زالىم پا-دىشانىڭ ئەقىللىق، زىرەك ۋە گۈزەللىك بابىدا داڭ چىقارغان بىر قىزى بار ئىكەن. ئۇ قىز كەچ بولغاندا ئۆزىنىڭ بېغىدىكى راۋاقتا چىقىپ ئولتۇرسا، ئاسماندىكى ئاي جۈپ كۆرۈنىدىكەن. شۇڭا بۇ قىز ئاي يۈزلۈك گۈزەل دەپ ئاتالغان ئىكەن. بۇ قىزنىڭ ئىشقى ئوتىدا كۆيۈپ، ئۇنىڭ ۋىسالىغا يېتەلمەي، جېنىدىن ئاي-رىلغان ياش يىگىتلەرمۇ ئاز ئەمەس ئىكەن.

كەنجى ئوغۇل شەھەرگە كېلىپ ئاساسلىق ئەھۋاللاردىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، قامال قىلىنغان ئوردىغا كىرىشكە چارە تاپالماي ئاخىرى چاشقانلار پادىشاسى بەرگەن بىر تال تۈكنى كويدۇرۇپتۇ. تۈك تېخى تولۇق كۆيۈپ بولمايلا چاشقانلار پا-دىشاسى ئۇنىڭ ئالدىدا ھازىر بوپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ مەقسىتىنى چاشقانلار پادىشاسىغا ئېيتىپتۇ. چاشقانلار پادىشاسى بىر چە-قە-

رىغان ئىكەن، كوزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچىلىك بولغان ئارىلىقتا!
كەنجى ئوغۇلنىڭ ھوجرىسىنى چاشقانلار قاپلاپ كېتىپتۇ. چاش-
قانلار پادىشانىڭ پەرمانى بويىچە كەنجى ئوغۇلنىڭ ھوجرىسى-
دىن ئاي يۈزلۈك پەرى تۇرغان ئۆيگە قاراپ لەخمە قېزىشقا
باشلاپتۇ ۋە ئىككى كۈندە پۈتتۈرۈپتۇ.

كەنجى ئوغۇل چاشقانلارغا تەشەككۈر ئىزھار قىلىپ، ئۇز جايىغا قايتۇرۇۋېتىپتۇ ۋە لەخمىگە كىرىپ پادىشانىڭ قىزى تۇرغان ئۆيگە قاراپ يول ئاپتۇ.

بۇ لەخمىنىڭ چىقىش ئېغىزى دەل قىز ئولتۇرۇپ تاماق يەيدىغان ئورۇندۇقنىڭ تېگىدە بولۇپ، شۇ تاپتا قىز يالغۇز ئولتۇرۇپ غىزالىنىۋاتقان ئىكەن. ئوغۇل بۇ خۇما كوزلۈك پەرىنى كورۈپ، ئۇزىنى تۇتالماي بىھوش بولۇپ يىقىلىپتۇ. ئۇ بىر ھازادىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ، قىزنىڭ ئۇزىگە تىكىلىپ ئولتۇرغانلىقىنى كورۈپتۇ:

— ئەي يىگىت، ئادەممۇ ياكى جىنمۇ سەن! بۇ يەرگە قانداق كىردىڭ؟— دەپ سوراپتۇ قىز.

كەنجى ئوغۇل قىزغا ئالدى بىلەن ئۇزىنىڭ سەرگۈزەشتلىرىنى، بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىدىنى، بۇ يەرگە قانداق كىرگەنلىكىنى بايان قىلىپ، ئاندىن قىزغا ئۇزىنىڭ ئوتلۇق مۇھەببىتىنى ئىزھار قىپتۇ.

ئاي يۈزلۈك ساھىبجامال قىز ئۇزىنىڭمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاشلا ئاشىق بىقارار بولغانلىقىنى، شۇنداقلا بۇ يولدا ئۇزىنىڭ ھەممىگە تەييار ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىلىپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئەي، كوزۇمنىڭ قارىسى، يۈرىگىمنىڭ پارىسى بولغان باتۇر يىگىت! سىز ھەقىقەتەن چىۋەر، باتۇر ئىكەنسىز، بۇ ئوردىغا كىرىش يولىدا شۇنداق پاراسەت بىلەن ئىش كورگەن ئىكەنسىز، ئەلۋەتتە دادام ئوتتۇرىغا قويغان ئۈچ تۇرلۇك شەرت-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

لىمۇ ئورۇنلاشقا قادىرسىز. بۇ ئىشقا خۇدا سىزگە مەدەتكار بولسۇن، مەنمۇ سىزگە ياردەملىشىمەن. دادامنىڭ مېنى ياتلىق قىلىشقا مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك شەرتى بار: بىرىنچى شەرت، ئوردىدا ئىككى ئادەمنىڭ قولچى يەتمەيدىغان يوغان بىر دانە كوتەك بار. ئۇنى بىر پالتا ئۇرۇش بىلەنلا يەتتە پارچە قىلىسىز، پالتىنى دادام كورسەتكەن يەتتە پالتىنىڭ ئارىسىدىن تاللاپ ئالىسىز. ئىككىنچى شەرت، مۇشۇ شەھەرنىڭ سول تەرىپىدىكى دېڭىزنىڭ ئۈستىدىگە مۇشۇ ئوردىغا ئوخشاش بىر ئوردا سالىسىز، ئۈچىنچى شەرت، يەتتە تاغار قومغا يەتتە تاغار تېرىق ئارىلاشقان، بۇنى ئۈچ كۈندە ئايرىپ تاغارغا قاچىلايسىز. مۇشۇ ئۈچ شەرتنى تولۇق ئورۇنلىسىڭىز ئاندىن دادام مېنى سىزگە بېرىدۇ ۋە سىزمۇ ئامان قالىسىز. سىز ئالدى بىلەن مۇنداق قىلىڭ،— دەپتۇ ۋە يىگىتكە بەزى سىرلارنى ئېيتىپ بېرىپ، بۇ ئىشنى بالدۇرراق ئورۇنلىشىنى ئۈمىت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ.

كەنجى ئوغۇل تاڭ سۈزۈلمەستە ئۆز ھوجرىسىغا قايتىپ كەپتۇ. ئەتىسى كۈن كوتىرىلىشى بىلەنلا ئوردىسىغا قاراپ يول ئاپتۇ. دەرۋازا ئۈستىگە سانسىزلىغان ئادەم باشلىرى ئېسىلغان ئىكەن. ئۇ دەرۋازىۋەنگە ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە كېلىش مەقسىدىنى ئېيتىپتۇ. دەرۋازىۋەن ئۇنى پادىشانىڭ ئالدىغا باشلاپ كىرىپتۇ.

پادىشا كەنجى ئوغۇلنىڭ كېلىشكەن قەددى - قامىتىنى، گۈزەل چىرايىنى كورۇپ ھەيرانلىقتا: "ھەممىگە قادىر خۇدا، بىز ئەرلەرنىڭ ئارىسىدىمۇ مۇشۇنداق گۈزەللەر بار ئىكەن - ھە!" دىگەنىنى كوڭلىدىن ئوتكۈزۈپتۇ. ئوغۇلنىڭ ھۆسنىنى بىر ئاز تاماشا قىلغاندىن كېيىن، كەنجى ئوغۇلنى ئۆز رايىدىن يېنىشقا، قاراپ تۇرۇپ ئۆزىنى ئولۇمگە تۇتۇپ بەرمەسلىككە دەۋەت قىپتۇ. پادىشا بۇ ئوغۇلنى ياخشى كورۇپ قالغان بولسىمۇ ئۆزىنىڭ ۋەدىسىدىن يېنىشنى خالىمايدىكەن، كەنجى ئوغۇلمۇ پادىشانىڭ

سوزىگە پەرۋا قىلماي ئۆز سوزىدە چىڭ تۇرۇۋېتىۋ. پادىشا:
— ئەي ئەخمەق، ئۆز جىنسىدىن تويىغان نادان يىگىت! سەن ئۆردىغا كىرىشتە دەرۋازا ئۈستىدىكى سانسىزلىغان باشلارنى كورمىدىڭمۇ؟ ئۇلارمۇ ساڭا ئوخشاش تەلۋىلىك قىلىپ بۇ يەرگە كەلگەن ۋە مېنىڭ ئۈچ شەرتىمنىڭ بىرسىنىمۇ ئادا قىلماي تۇ-رۇپلا ئۆز جىنىدىن ئايرىلغان ئىدى. شۇڭا سېنىڭ ئوزەڭنى خا-راپ قىلماي چىرايلىقچە چىقىپ كېتىشىڭنى ئۈمىت قىلىمەن. چۈن-كى مەن سېنىڭمۇ شۇلارغا ئوخشاش ئاقىۋەتكە قېلىشىڭنى بىلىپ تۇرۇۋېتىمەن، — دەپتۇ.
— ئەي كىرەملىك شاھ، كونىلارنىڭ: "يىگىت سوزىدىن، يولۋاس ئىزىدىن قايتماس" دىگەن سوزى بار، مەن بۇ يەرگە كېلىشتە ھەممىگە تەييارلىق قىلىپ قويىغان ئىدىم. قېنى، ئاشۇ شەرتلەرنى مەن بىر ئورۇنلاپ كورسەم. ناۋادا ئورۇنلىيالىماي قالسام، ئاتامسىز، چاپامسىز، كويدۇرەمسىز، ئىختىيار ئۆزىڭىز-دە، — دەپتۇ كەنجى ئوغۇل.
پادىشا كەنجى ئوغۇلنىڭ ئۆز سوزىدىن يانمايدىغانلىقىغا كوزى يەتكەندىن كېيىن، ئۇنى بىر ئويگە باشلاپ كىرىپتۇ. بۇ ئويدە يەتتە پالتا قاتار تىزىلغان ئىكەن ۋە ھەممىسى دىگۈدەك ئوخشاش ئىكەن، لېكىن بۇ يەتتە پالتىنىڭ ئىچىدە پەقەت بىر-سىلا ھەلىقى كوتەكنى بىر ئۇرۇش بىلەن يەتتە پارچە قىلالاي-دىكەن. بۇ پالتىنى پادىشانىڭ قىزىدىن باشقا ئادەم بىلمەيدى-كەن. شۇڭا نۇرغۇن ياشلار پالتىنى خاتا تاللاپ، ئۆز جىنىدىن ئايرىلغان ئىكەن. كەنجى ئوغۇل پادىشانىڭ قىزى ئېيتىپ بەر-گىنىدەك سولدىن ساناپ ئۈچىنچى پالتىنى تاللىۋاپتۇ ۋە كو-تەك بار سەيناغا كېلىپ پالتىنى كوتەككە شۇنداق ئۇرغان ئى-كەن، ياپىر! كوتەك خۇددى ھەردە پارچىلىغاندەك توپ - توغ-را يەتتە پارچە بوپتۇ. بۇ كارامەتنى كورگەن پادىشا داڭ قې-

مىسپ قاپتۇ ۋە كەنجى ئوغۇلنى ئىككىنچى شەرتنى ئورۇنلاشقا بۇيرۇپتۇ. بۇ شەرتنىڭ ۋاقتى ئۈچ كۈن ئىكەن. كەنجى ئوغۇل دەسلەپكى ئىككى كۈندە كۈندۈزى ئارام ئېلىپ، كېچىسى قىز بىلەن بىللە بوپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى ئەتىگەندە ھېلىقى چۈمۈلىلەر پادىشاسى بەرگەن تۈكنى كۆيدۈرگەن ئىكەن، چۈمۈلىلەر پادى-شاسى ئۇنىڭ ئالدىغا ھازىر بوپتۇ ۋە ئوغۇلنىڭ تاپشۇرۇقى بو-يىچە بارلىق لەشكەرلىرى بىلەن ئىشقا كىرىشىپ، يەتتە تاغار قوم بىلەن يەتتە تاغار تېرىقنى بىردەمدىلا ئايرىپ بېرىپتۇ. كەن-جى ئوغۇل تۆتىنچى كۈنى ئەتىگەندە پادىشانىڭ ئالدىغا كىرىپ ئىككىنچى شەرتنىمۇ ئورۇنلاپ بولغانلىقىنى بايان ئەيلەپتۇ ۋە پادىشانى كورۇپ بېقىشقا تەكلىپ قىپتۇ. پادىشا پاكىز ئايرىل-غان قوم بىلەن تېرىقنى كۆرۈپ تېخىمۇ ھەيران بوپتۇ ۋە ئۈ-چىنچى شەرتنىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ. ئەسلى ئۈچىنچى شەرتنى ئورۇنلاشقا يىگىرمە كۈن ۋاقىت بەلگىلەنگەن ئىكەن. پادىشا ۋا-قىتنى ئون كۈنگە قىسقارتىپ، ئوغۇلغا مۇشۇ ئون كۈن ئىچىدە دېڭىز ئۈستىگە ئۆزىنىڭ ئوردىسىغا ئوخشاش بىر ئوردا سېلىشنى ئەگەر بۇ شەرتنى ئورۇنلىيالمىسا بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلى-دىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

كەنجى ئوغۇل كەچتە قىز بىلەن كورۇشۇپتۇ. قىز ئۇنىڭغا بىر دانە خاسىيەتلىك ھاسا بېرىپتۇ. كەنجى ئوغۇل قىز بەرگەن ھاسىغا مىنىپ دادىسى بىلەن قېرىنداشلىرىنى تۇتۇپ تۇرغان دى-ۋىنىڭ ئالدىغا قاراپ ئۇچۇپتۇ.

كەنجى ئوغۇل دىۋىنىڭ تۇرار جايىغا بېرىپ دادىسى ۋە قېرىنداشلىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ كورۇشۇپتۇ، ئاندىن كېيىن دى-ۋىگە قاراپ:

— ئەي دىۋىلەر پادىشاسى! مەن ھېلىقى ئاي يۈزلۈك جانانىنى ئېلىپ كەلدىم، ئۇ ھازىر بىز تۇرغان مۇشۇ جايىدىن

قىرىق كۈنلۈك يېرىدا سېنىڭ بېرىپ ئېلىپ كېلىشىڭنى كۈتۈپ تۇرىدۇ، تېز بول، — دەپتۇ ۋە قىز بەرگەن ئۈزۈكنى دىۋىگە كۆرسىتىپتۇ. دىۋە قىزنىڭ ئۈزۈكنى كۆرۈپ كەنجى ئوغۇلنىڭ كېيىگە ئىشىنىپتۇ ۋە دەرھال يولغا راۋان بوپتۇ. كەنجى ئوغۇل قىزنىڭ دېگىنى بويىچە دىۋە ياتقان غارغا كىرىپ قەپەزدىكى كەپتەرنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ قوسىقىدىكى تۇخۇمنى ئاپتۇ. بۇ تۇ-خۇمغا ئاشۇ دىۋىنىڭ جېنى بەنت قىلىنغان بولۇپ، تۇخۇم مىجىل-ىلا دىۋە ئۆلىدىكەن، شۇڭا ئوغۇل تۇخۇمنى قولىغا ئېلىپ، ئەم-دى ئىسقاي دەپ تۇرۇشقا دىۋە ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭدىن جېنىنى تىلەپتۇ. كەنجى ئوغۇل دىۋىگە پادىشانىڭ ئۈ-چىنچى شەرتىنى ئورۇنلاشنى، ئاندىن ئۇزىنىڭ شەھىرىدىكى قۇر-غاقچىلىق ئاپىتىنى توگىتىشنى بۇيرۇپتۇ. دىۋە كەنجى ئوغۇلنى ئېلىپ، قىز بار شەھەرگە قاراپ يول ئاپتۇ، ئوغۇلنىڭ ئاتىسى ۋە باشقىلار ئۆز شەھىرىگە قايتىپتۇ.

دىۋە كەنجى باتۇرنى قىزنىڭ شەھىرىگە ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆزى دېڭىزدا ئوردا سېلىش ئۈچۈن كېتىپتۇ. كەنجى باتۇر كۈندۈزى ئۆز ھوجرىسىدا، كېچىسى قىزنىڭ قېشىدا تۇ-رۇپ ئۇن كۈننى ئۆتكۈزۈپتۇ. دىۋە دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىغا پا-دىشا دېگەندەك چىرايلىق قىلىپ ئوردىنى ياساپ پۈتكۈزۈپ بولۇپ، ئاندىن كەنجى باتۇرنىڭ شەھىرىدىكى قۇرغاقچىلىقنى يو-قىتىشقا ئاتلىنىپتۇ.

قىزنىڭ ئاتىسى كەنجى ئوغۇلغا تاپشۇرغان ئۈچىنچى شەرت-نىڭ قانداق بولغانلىقىنى بىلمەكچى بولۇپ باغدىكى راۋاقتا چىقىپ جاھاننامە ئەينىكىگە قارىغان ئىكەن، دىۋە سالغان ئوردى-نىڭ سېپىللىرىدىن ئالتۇن نۇر چېچىلىپ تۇرغانمىش. پادىشا بۇ ئىشلارغا ھەيران بولۇپ تۇرغاندا، كەنجى ئوغۇل پادىشانىڭ ئالدىغا كىرىپ ئۆلى ئۆزى سالغان ھەشەمەتلىك ئوردىنى كۆ-

...رۇپ كېلىشكە تەكلىپ قىپتۇ. پادىشا ئۆزىنىڭ ۋەزىر ۋە نوۋكەرلىرى بىلەن ئۇچار گىلەمگە چۈشۈپ، يېڭى ئوردىسىنى بىر كۈن تاماشا قىلغاندىن كېيىن، ئۆز ۋەدىسىدىن يانالماي، قىرىق كۈن توي - تاماشا قىلىپ، قىزىنى كەنجى ئوغۇلغا بېرىپتۇ.

كەنجى ئوغۇل دىۋىنىڭ جېنىنى بەنت قىلىنغان توخۇمىنى تومۇر تۇتنىغا سېلىپ خوتۇنى بىللە ئۆز شەھىرىگە قايتىپ كەپتۇ ۋە دىۋىنىڭ قۇرغاقچىلىق ئاپىتىنى يوقاتقانلىقىنى، شەھەرنىڭ خوشاللىققا چومگەنلىگىنى كورۇپتۇ. ئاندىن كېيىن ئۆزى ئېلىپ كەلگەن مەلىكىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە يەنە دىۋىنى چاقىرىپ، زالىم پادىشانى ئۆلتۈرۈپ ئاشۇ شەھەرنىڭ خەلقىنى ئازاپتىن قۇتقۇزۇشنى بۇيرۇپتۇ.

كەنجى ئوغۇلنىڭ دادىسى ئۇلارنىڭ ساق - سالامەت قايتىپ كەلگەنلىك شەرىپىگە يەتتىمىش كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ بېرىپتۇ ۋە كەنجى ئوغۇلنى ئۆز ئورنىغا پادىشا قىلىپ تىكلەپ، چوڭ ئوغلىنى زالىم پادىشانىڭ ئورنىغا پادىشا قىلىپ ئەۋەتىپتۇ. ئۇلار شۇندىن كېيىن بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.

## ئاچچىق ساۋاق

زامانىنىڭ زامانىسىدا ھىندى مەملىكىتىدىن ئۈچ نەپەر ھىندى
ئۆزگە تىل ئۆگىنىشكە ئىشتىياق باغلاپ ئۆز يۇرتىدىن سە-
پەر قىپتۇ. قارلىق تاغلار، پايانسىز ئوتلاقلارنى بېسىپ ئۆتۈپ،
بىر شەھەرگە كەپتۇ. ئۇلار بۇ شەھەردە مەلۇم ۋاقىت تۇرغان
بولسىمۇ، يەرلىك خەلق تىلىنى زادىلا ئۆگىنەلمەپتۇ. پەقەت بۇ-
لاردىن بىرسى "بىزلەر" سۆزىنىلا ئېسىدە قالدۇرۇپتۇ. بۇ يەردىن
زېرىككەن ھىندىلار يەنە بىر شەھەرگە قاراپ مېڭىپتۇ. بۇلار
ھەر كۈنى رەستە ئايلىنىش، ئادەملەر كوچۇم يەرلەرگە بېرىش
بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇلار ھېيتگار مەي-
دانىغا كەلگەندە، كىشلەرنىڭ توپلىشىپ قىلىشىۋاتقان ۋاراڭ-
چۇرۇڭلىرىغا دۇچ كەپتۇ. ھىندىلار "ھە، مانا بۇ تىل ئۆگىنىشنىڭ
ئوبدان پەيتى" دېيىشىپ بۇ غەۋغاغا قۇلاق سېلىپ تۇرغاندا،
بېشىغا سەللە ئورىۋالغان ئاق ساقال ئادەم جېدەل قىلىغانلارغا
قاراپ سۆزلەشكە باشلاپتۇ. ئۇنىڭ سۆزىدە "بىر پۇل ئۈچۈن"
دېگەن سۆز كۆپ تەكرارلىنىدىكەن. توپلاشقانلار ئاستا - ئاستا
تارقاشقا باشلاپتۇ. بۇنى كۆرگەن ھىندىلار بۇ خاسىيەتلىك سۆز
بولسا كېرەك دەپ، "بىر پۇل ئۈچۈن" دېگەن سۆزنى ئېسىدە
قالدۇرۇۋاپتۇ. بۇ شەھەردە خېلى ئۇزۇن تۇرغان ھىندىلار باشقا شە-
ھەردە سۆز ئۆگىنىپ قويىدىغان بىرەر كىشىنى تېپىش مەقسىدىدە
يەنە باشقا شەھەرگە كەپتۇ. لېكىن بۇ يەردىمۇ ئەھۋال ئۆزگەرمىگەن-
دەك. ھەر كۈنى كوچا ئايلىنىدىكەن. كۈن ئۆتۈپتۇ، ئاي ئۆتۈپ-
تۇ، بىرەر ئېغىزمۇ سۆز ئۆگىنەلمەپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇلار

ئىككى ئادەمنىڭ ئۇرۇشۇپ ياقا سىقىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇشقا بىر ئەمەلدار كېلىپ "ماڭ، خوتۇن تالاق" دەپتۇ. ئۇرۇشۇۋاتقانلار دەرھال ئاجرىشىپ، ھەرقايسىسى ئۆز يولىغا كېتىپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ھىندىنىڭ ئۈچىنچىسى بۇ سۆزمۇ بىرەر خاسىيەتلىك سۆز بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، بۇ سۆزنى يادلىۋاپتۇ. بۇ شەھەردىنمۇ سۆز ئۆگىنىش مەقسىدىگە يېتەلمىگەن ھىندىلار ئۆز يولىغا قايتماقچى بولۇپ يولغا چىقىپتۇ. بۇلار يولدا كېتىۋاتقاندا قىيما ـ چىيما قىلىنىپ، دەھشەتلىك ئۆلتۈرۈلگەن بىر جەسەتكە ئۇچراپتۇ. بۇ جەسەتكە قاراپ ھەيران بولغان ھىندىلار ئۆز ئارا پاراڭلىشىپ تۇرغىنىدا، بىرقانچە يايلارنى ئەگەشتۈرگەن پاششاپ بېگى كېلىپ جەسەت يېنىدا تۇرغان ناتونۇش ئۈچ ئادەمنى كۆرۈپتۇ.

— بۇ ئادەمنى كىم ئۆلتۈردى؟! — دەپ سوراپتۇ پاششاپ بېگى.

— بىزلەر، — دەپتۇ ئۆگىنىۋالغان سۆزىنى تەكرارلاپ ھىندىلارنىڭ بىرى.

— نېمىشقا ئۆلتۈرۈشتۈڭ؟! — دەپتۇ پاششاپ بېگى غەزەپ بىلەن.

— بىر پۇل ئۈچۈن، — دەپتۇ يەنە بىر ھىندى.

— بىر پۇل ئۈچۈنمۇ ئادەم ئۆلتۈرۈشەمسەن؟! — غەزەپلەنگەنلىكىدىن پاششاپ بېگىنىڭ كۆزلىرى ئۈرۈلۈپ، قوشۇملىرى تۈرۈلۈپ كېتىپتۇ.

پاششاپ بېگىنىڭ غەزەپلەنگەنلىكىنى كۆرگەن ھىندىلارنىڭ بىرى ئۆگىنىۋالغان سۆزىنى ئىشقا ساپتۇ:

— ماڭ، خوتۇن تالاق!

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ غەزەپلەنگەنلىكىدىن يېرىلغىدەك بولغان پاششاپ بېگى بۇ ئۈچ ھىندىنى باغلىتىپ، باش ـ كۆزىگە قامچىلىغىنىچە، جەسەت بىلەن يامۇلغا ئەكىلىپ ئامبالغا مەلۇم قىپتۇ. ئامبال بۇ ئۈچ ھىندىنى سوراق قىلىشقا باشلاپتۇ:

— بۇ ئادەمنى قايسىڭ ئۆلتۈردۈڭ؟!

ھېچنېمىنى چۈشەنمىگەن ھىندىلار كۆزلىرىنى پاقىراتقانچە تۇرۇپ قاپتۇ. ئامبالنىڭ سوئالى تەكرارلانغاندىن كېيىن ھىندىلاردىن بىرسى:

— بىزلەر، — دەپتۇ.

— نېمىشقا ئۆلتۈرۈشتۈڭ؟! — دەپ سوراپتۇ ئامبال.

— بىر پۇل ئۈچۈن، — دەپتۇ ھىندىلاردىن بىرى.

— بىر پۇل ئۈچۈنمۇ ئادەم ئۆلتۈرگەن بارمۇ؟! — دەپتۇ ئامبال غەزەپلىنىپ.

— ماڭ، خوتۇن تالاق!— دەپتۇ ھېچنېمىنى چۈشەنمىگەن يەنە بىر ھىندى.

غەزەپلەنگەن ئامبال بۇلارنى قىيناشقا بۇيرۇپتۇ. ھىندىلار قانچىلىك ئازاپلانمىسۇن، "بىزلەر"، "بىر پۇل ئۈچۈن"، "ماڭ، خوتۇن تالاق!" دىگەن سۆزدىن باشقا سۆز چىقماپتۇ. ئاخىر بۇلارنى ئىشكەل، تاقاق بىلەن مەخسۇس قاتىللار ياتىدىغان زىندانغا سېلىشنى بۇيرۇپتۇ، بۇلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىشنى تەلەپ قىلىپ، تەكشۈرۈش مەلۇماتىنى يۇقۇرىغا يوللاپتۇ.

ئارىدىن بىرقانچە كۈن ئۆتۈپتۇ. ھىندىستاندىن بىر سودا كارۋىنى ئامبالغا نۇرغۇن سوغاتلار بىلەن كەپتۇ. ئامبال سوغاتلارنى قوبۇل قىلىپ كارۋانلارغا زىياپەت بېرىپتۇ. ئامبال قارىسا بۇ كارۋانلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى بۇندىن ئىلگىرى تۇتۇلۇپ زىنداندا يېتىۋاتقان ئۈچ "قاتىل"غا ئوخشايدىكەن. ئامبال ھەيران بولۇپ، زىنداندىن ھىلىقى ئۈچ گۇناكارنى ئەكەلدۈرۈپتۇ. گۇناكارلار سودا كارۋانلىرىنى كورۇپ يىغلاشقان ھالدا بىشىدىن كەچۈرگەن سەرگۈزەشتىلىرىنى باشتىن - ئاياق سۆزلەشىپتۇ. ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان ئامبال بۇ ئۈچ ھىندىگە ئۇزرە خالىق ئېيتىپ، يۇرتىغا يولغا سېلىپ قويۇپتۇ. ھەممەيلەن بۇ ئىشتىن ئاچچىق ساۋاق ئاپتۇ.

# قويننى قايسى يېدى

بۇرۇن بىر تاغلىق يېزىدا بىر ئۇۋچى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆيىدە باققان قويىي تۇيۇقسىز يوقاپ كېتىپتۇ. ئىزلەپ ھېچ يەردىن تاپالماپتۇ. شۇڭا ئۇ غەزەپلىنىپ، جاڭگالدىكى بورە، تۈلكە ... قاتارلىق كاتتىلارغا: "قويۇم يوقاپ كەتتى، قايسىڭ يەپ كېتىشكەن بولۇشاڭ ئۆزلىرىڭنى مەلۇم قىلىش! بولمىسا نەسلىڭنى قۇرۇتىمەن!" دەپ جاكالاپتۇ.

بۇنى ئىشىتكەن بورە، تۈلكە ... قاتارلىقلار ئۇۋچىنىڭ غەزىۋىدىن قورقۇپ بىر ئورنىدا تۇرالماپتۇ ۋە بىر بىرى بىلەن ئۆزئارا كۇسۇلدىشىپتۇ. ئەتىسى تۈلكە ئۇيمۇ - ئۇي نايناقلاپ يۈرۈپ، جاڭگالدىكى بارلىق ھايۋانلارغا:

— ئەتە بورى بېگىمنىڭ ھوزۇرىغا يىغىلىڭلار! زورۇر گەپ بار! — دەپ ئۇقتۇرۇپتۇ.

دىگەندەك ئەتىسى پۈتۈن جاڭگال ئەھلى — تۈلكە، ياۋا مۈشۈكتىن تارتىپ چاشقانلارغىچە، ھەتتاكى قورقۇنچاق توشقانجانغىچە ... تولۇق يىغىلىشىپتۇ.

— ھەممىڭلارغا، — تۈلكە خوشامەتچىلىك بىلەن ھىجىيىپ ۋە ئىغا كىشىپ ئوتتۇرىغا چىقىپتۇ - دە، نايناقلىغان ھالدا دەپتۇ، — جانابى بورە بېگىمنىڭ مۇھىم ئۇقتۇرۇشى بار. دىققەت بىلەن ئاڭلاڭلار!

تۈلكە بورىگە ئېگىلىپ چوڭقۇر تازىم قىلىپ، ئۇنى سۆزگە تەكلىپ قىپتۇ. ئىككى كۆزى قانغا تولغان، ئاغزى - بۇرنى قان يۇقى، تەرى سورۇن بورە بەگ ھەيۋە بىلەن يوتىلىپ قويۇپ،

كىكىرتىكىنى قىرىپ، ئالدىن سالاپەت بىلەن ئاستا ئورنىدىن تۇ-
رۇپتۇ - دە، ئالدىدىكى جامائەتكە كىدەيىگەن ھالىدا شۇنداق
دەپتۇ:

— خالايىق! ئۇۋۇچى غوجامنىڭ بىر قويى يوقاپ كەتكەن
ئىكەن، بۇنى بىز جاڭگال ئەملىدىن كورۇۋاتىدۇ. كىملەر يىگەن
بولسا ۋە ياكى يىگەنلەرنى كورگەنلەر بولسا، كىم بولۇشىدىن
قەتئى نەزەر ئۇزىنى مەلۇم قىلىشى ياكى پاش قىلىشى كېرەك.
ئەگەر ئۇنىڭ قويىنى تېپىپ بەرمىسەك، ھەممىمىزنىڭ نىسلىنى
قۇرۇتماقچى، شۇڭا بىر قوي ئۇچۇن ھەممىمىز تۇگەشمەيلى، قېنى
بولايلى! ... — ئۇ، شۇنداق دەپ، ئارقىسىدىنلا چەكىچەيگەن
ۋەھشى كوزلىرىنى قەھرى بىلەن ھەممىگە بىر - بىرلەپ تىكىپ
چىقىپتۇ ۋە يالتۇيتىش ئېسىدىن چىقىپ قالغان تۇمشۇغىدىكى
قان يۇقىنى دەرھال يالتۇيتىپتۇ. ئارقىدىنلا:

— مەنمۇ ئۇ قويىنى يىمىدىم ھەم كورمىدىم. ئەگەر يىگەن
بولسام راستىمنى دەيتتىم. قېنى چاپسانىراق بولۇڭلار! نىمانچە
ئېزىلىپ ئولتۇرۇشۇپ كەتتىڭلار! — دەپ ئالدىرىتىپتۇ.

ئۇنىڭ ۋەھشى تۇرقىدىن ۋە ئاچىماق گەپلىرىدىن دىرىل-
دىشىپ، گەپنىڭ تېگىنى چۇشىنگەن ھايۋاناتلار قويىنى كىمنىڭ
يىپ كەتكەنلىكىنى بىلىشسىمۇ، لېكىن بېشىغا پالاكەت - ئاۋارى-
چىلىق چۇشۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرىشىپ ئۇنچۇقماي جىم
ئولتۇرۇۋاپتۇ.

— مەنمۇ، — دەپتۇ تۇلكىۋاي ھىلىگەرلىك بىلەن كۇلۇپ،
نايناقلاپ تۇرۇپ، — قويىنى يىمىدىم. ئەگەر يىگىنىمنى بىرەر
يەردە قايسىڭلار كورگەن بولساڭلار، يۇز - خاتىرە قىلماي
دەڭلار!

— مەنمۇ يىمىدىم، — دەپ ئوزىنى ئاقلاپتۇ ياۋا مۇشۇك.

— مەنمۇ يىمىدىم، — دەپتۇ سوسەر گورە.

شۇنداق قىلىپ بارلىق گۆش يېگۈچى ھايۋانلار ئۆزىنى
لاپ ياقىغا چىقىپتۇ. ئاندىن ئوت يېگۈچى ھايۋانلاردىن ئالدىدا
ى بار، يۈزلۈكرەكلىرى، ئارقىدىن قالغانلىرى ھەرخىل سەۋەپ
زنى تېپىشىپ سۆزلەپ، كۆرمىگەنگە چىقىرىپ ئۆزلىرىنى ياقىغا
لىشىپتۇ.

ئەڭ ئاخىرىدا قورقۇنچاق ئۇزۇن قۇلاق توشقانمۇ جانىلا
پتۇ. ئۇ بىچارە بۈگۈنكى مەجلىسنىڭ مەقسىتىنىمۇ تۈزۈكرەك
ۇشەنمەيدىكەن. ئىمىشقا دېسىڭىز، ئۇنىڭ پۈتۈن ئېسى - يادى:
بورە مېنى يەپ قويارمۇ؟" دېگەن جان قايغۇسى بىلەن تول
ان ئىكەن.

— ھە، ئۇزۇن قۇلاق! ھەممەيلەن ئۆز گېپىنى دەپ
بولدى. سەن ئىمىشقا شۈمشىيىپ، چەكچىيىپ بولۇڭغا كىرىپ
كەتتىڭ؟! — دەپ سوراپتۇ تۈلكە بىردىنلا قىستاپ.

توشقان بىچارە "مېنى يەۋەتمەيدىغان بولدى" — دەپ،
تېخىمۇ قورقۇپ تىلى كالۋالىشىپتۇ.

شۇ چاغ ئەقىللىق تىكەۋاينىڭ رەھمى كېلىپ، ساقاللىرىنى
ئاچچىق بىلەن سىلىكىپ، توشقاننىڭ قېشىغا كېلىپ، مۈگۈزى
بىلەن يېقىنىغا ئاستا تۈرتۈپتۇ - دە، قۇلىقىغا شىۋىرلاپ ئەقىل
ئۆگىتىپتۇ:

— ھەي نادان! ھەممىسى بىر سەۋەپ تېپىپ ئۆزىنى
ئاقلاپ بولدى. بۇنداق قورقۇپ جىم ئولتۇرساڭ، ئاخىرى بۇ
ىش ساڭا توقۇلۇپ قالىدۇ. ھەممىسى سېنىڭ گۆش يېمەيدىغان
لىقىڭنى بىلىدۇ. مۇشۇ سەۋەپ بىلەن ئۆزەڭنى ئاقلا! بۇنى
گۆش يېگۈچى ھايۋانلار يېگەندۇ، دېگىن!

بىچارە توشقان تىترەپ، ئەمدى ئېغىز ئاچاي دەپ
تۇرۇشىغا:

— ھەي ئۇزۇن قۇلاق! خۇدۇكسىنىپ، ئۇنچۇقمىسىڭىزغا

قارىغاندا، قوينى سەن يىگەن ئوخشىمامسەن؟ ئېيتە! — دىگەن بورىنىڭ دەھشەتلىك ئۈنى جاڭگال بويلاپ ياڭراپ كېتىپتۇ. توشقان ھوشىنى يوقىتىپ، تېخىمۇ مەڭدەپ كېتىپتۇ.

— راست، راست، — دىيىشىپتۇ كۆپلىگەن ھايۋانلار بورىنىڭ گېپىنى قۇۋۋەتلەپ ۋە ئۆز بېشىدىن پالاكەتنىڭ ئۆزاقلاۋاتقانلىقىنى ھىس قىلىپ، — قوينى چوقۇم توشقان يەپتۇ، بولمىسا يۈرەكلىك گەپ قىلغان بولاتتى.

— قېنى ئېيتە! — دەپتۇ بورە تېخىمۇ غالجىرلىق بىلەن قىستاپ - ۋاقىراپ.

— بولمامسەن گۆمۈش! — دەپتۇ تۈلكە ئالدىرىتىپ.

— ئەمدى ئىقرار قىلماي بولمىدى توشقانجان، دەۋەتكىن! سەن ئۈچۈن ھەممىمىز بالاغا قالمايلى! — دەپتۇ باشقىلار سالا - سۈلە قىلىشىپ.

بۇ ئادالەتسىزلىكتىن يۈرىكى ئېچىشىپ تۇرالماي قالغان تىكەۋاي شۇنچە جامائەتنىڭ توشقاننىڭ گۆش يىمەيدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ھەقىقەتكە كۆز يۇمۇپ، توشقاننى قۇربان قىلىپ بېرىشكىنىگە غەزەپلىنىپ كېتىپتۇ ۋە بۇ نادان - جاھالەتچىلىككە لەنەت ئوقۇپتۇ. ئۆزى ئوتتۇرىغا چىقىپ بۇ ھەقىقەتنى سۆزلەشنى نەچچە رەت ئويلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆيىدە خوتۇنى ئۇشكىخان يىگى تۇغۇتلۇق بولۇپ، ئىككى بوۋىغى يىغلاپ قالغان ئىكەن. دوڭغىيىپ چىقىپ قېلىپ، ئائىلىسىگە پالاكەت يېتىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، بىرەر نەرسە دىيەلمەي، تىت - تىت بولغىنىچە ئىلاجىسىز تۇرۇپ قاپتۇ.

شۇ چاغ توشقانمۇ جان ئۈمىدىدە، ھوشىغا كېلىپتۇ. غەيرەتلىنىپ ئۆزىنى ئاقلىماق بولۇپتۇ. لېكىن ئەمدىلا ئېغىز ئاچاي دەپ تۇرۇشىغا، كۆزى بورىنىڭ دەھشەت بىلەن ھومىيىپ، پارقىراپ تۇرغان كۆزىگە چۈشۈپ ۋۇجۇدى ئوتتا ئېرىگەندەك يۇمشاپ،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ۇشىدىن كېتىپتۇ. ئاغزىدىن بولسا دەمەكچى بولغان سوزىنىڭ
ەكسى چىقىپتۇ:

— قويىنى، ھ ... ھ ... مەن، يە ... يە ... يەدىم ...

شۇنداق قىلىپ بىچارە توشقان قورقۇنچاقلىقىنىڭ كاساپىتى
بىلەن ياۋۇز بورىنىڭ تۆھمىتىنىڭ ئېچىنىشلىق قۇربانى بوپتۇ.

# ئىگەرچىلىك ئوغۇللىرى

بۇرۇندىنمۇ بۇرۇندا، يا بولەك جايدا، ياكى مۇشۇ ئورۇندا، تەكلىماكاننىڭ بېشىدا، ئىلچىنىڭ سەل ئېقىشىدا بىر مەھەللە بولۇپتىكەن. بۇ مەھەللىنىڭ قوينى باغ، مېۋىلىرى ياغ، سۈيى تاتلىق، ئادەملىرى بولسا، گاھى پىيادە، گاھى ئاتلىق ئىكەن.

شۇ ئادەملەر ئارىسىدا داۋۇت ئاخۇن ئىسىملىك 80 ياشقا كىرگەن بىر ئىگەرچى ئۇستام بولۇپ، ئۇ ھۈنەردە كامالەتكە يەتكەن، داڭقى نە - نەدىلەرگە كەتكەن كىشى ئىكەن. ئۇنىڭ ئىككى خوتۇنى بولۇپ، چوڭ خوتۇنىدىن توققۇز، كىچىك خوتۇنىدىن بىر ئوغۇل پەرزەندىسى بار ئىكەن. ئىگەرچى بوۋاي ئون ئوغلىغا تەڭ كۆز بىلەن، خوتۇنلىرىغا بولسا كەڭ كۆز بىلەن قاراپ، بالىلىرىنى غەشلىككە، خوتۇنلىرىنى كۈندەشلىككە قويماي تىرىكچىلىك قىلىدىكەن. شۇغىنىسى چوڭ خوتۇنىدىن بولغان توققۇز ئوغلى ھورۇن، تېرىدىككەك، يېگىسلى ئامراق، ئىش دىسە بېشى ئاغرىيدىغان زېرىككەك؛ كىچىك خوتۇنىدىن بولغان كەنجى ئوغۇل زېرەك ھەم ئىشچان، كۆڭلى تۈز، ئوچۇق يۈز بولۇپ ئۆسكەن ئىكەن. شۇڭا، بوۋاي ئون ئوغلىغا ئۆز ھۈنىرىنى تەڭ ئۆگىتىپ، ھالال ياشاپ باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈشنى تەۋسىيە قىلغان بولسىمۇ، توققۇز چوڭ ئوغلى ئىگەرچىلىك ھۈنىرىگە بوش قىزىقىدىكەن، ھىلى قىلغان ئىشىدىن ھىلى ئېزىقىدىكەن. باشقىلارنىڭ ياخشى كۈن كۆرگىنىگە چىدىماي كۆز قىزارتىدىكەن، تەييارتاپ مىجەز بىلەن باشقىلارنىڭ ھالال رىسقىغا قول ئۇزارتىدىكەن.

ئەمما كىچىك ئوغۇل دادىسىنىڭ كەسپىگە ۋارىس، ھۈنەر-
گە ـ ھالاللىققا ھېرىس ئىكەن. شۇنداق بولغاچقا دادىسى بۇ
بالىغا بەكمۇ ئامراق ئىكەن.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ھەپتىلەر كېتىپتۇ. داۋۇت ئاخۇن ئىگەر-
چى قېرىپتۇ، ئۆمۈر ئېتى ھېرىپتۇ ......

بوۋاي ئۆلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى چوڭ خوتۇن بىلەن ئو-
نىڭ توققۇز بالىسى ئۆي ـ بىساتلىرىنى پوكىنىغا بېسىپ، كىچىك
خوتۇن بىلەن كەنجى ئوغۇلنى ھەر تەرەپتىن قىسىپ، خارلاپتۇ،
كوپ ئۇتمەي بولەك ئۆي ئايرىپ بىر كاتەككە پالاپتۇ.

چوڭ خوتۇن ۋە توققۇز ئوغۇل ئۆگچە قالغاندىن كېيىن،
ئىش قىلماي يېتىپ يەپ، يەر ـ زېمىنلىرىنى ئالغىنىغا سېتىپ
يەپ، يىلىغا قالماي ئۆزى ئاق يەردە، پەلىمگى داق يەردە
قاپتۇ.

كىچىك ئوغۇل ئاتىسىدىن ئىخلاس بىلەن ئۆگەنگەن ئىگەر-
چىلىك ھۈنىرىگە تايىنىپ جان بېقىپتۇ. توققۇز ھورۇن ھەپتىسىگە
ئاران بىر دانە ئىگەر ياسىسا، ئۇ، يالغۇز ئۆزى توققۇز ئىگەر
ياساپتۇ، شۇڭا ئىش كۈندىن ـ كۈنگە ئېقىش تېپىپ، تۇرمۇشى
تەدرىجى ياخشىلىنىپتۇ. كىچىك ئوغۇلنىڭ توققۇز ئىگىرى بازار-
دىن ئېشىپ قالماپتۇ، ئەمما چوڭ ئوغۇللارنىڭ قول ئۇچىدىلا
ياسىغان ئىگەرنى ھېچكىم ئالماپتۇ. بۇنىڭغا چىدىمىغان توققۇز
ھورۇن بار يامانلىقنى ئىنىسىدىن كورۇپ، نىمە قىلىشى ھەققىدە
يوشۇرۇن مەسلىھەت قىلىشىپتۇ. خۇدايىمدىن ئۆزلىرىگە ئامەت،
ئىنىسىگە پالاكەت تىلىشىپتۇ، ئاخىرى بولماي، يامان غەرەز بىلەن
چىشلىرىنى بىلىشىپتۇ. ئەتە بازار دىگەن كۈنى تۈن نىسپى
بىلەن ئىنىسى ياتقان ھويلىغا ئوغرىلىقچە كىرىپتۇ. تام تۈۋىگە
قاتار تىزىپ قويۇلغان بىر بىرىدىن چىرايلىق توققۇز ئىگەر-
نى بىر يەرگە يىغىپ ئوت يېقىپتۇ، "ئەمدى بىز ئىگىرىمىزنى

ساتالايمىز" دەپ ئويلاپ، خۇشلۇقتىن شولگەيلىرى ئېقىپتۇ.
ئەتىسى، ئىنىسى قارىغىدەك بولسا ئىسكەرلىرى يوقىمىش،
"بۇنى قىلغان چوقۇم ئاكىلىرىم" دەپ گۇمانلانغان بولسىمۇ، لې-
ۋىنى چىشلەپ گەپ قىلماپتۇ. ئۇيدىن بىر تاغار ئېلىپ چىقىپ،
كۆل ئىچىدىن كومۇرلەرنى خىللاپتۇ. كۆلنى تاغارغا قاچىلاپ،
ئىشەككە ئارتىپ، ئۈستىدىن ئاغامچا بىلەن چىڭ تارتىپ، با-
زارغا راۋان بولۇپتۇ.
شۇ شەھەردە پۇل دىسە جانىنى بېرىدىغان، بىر پۇلنى
"ئانام"، يەنە بىر پۇلنى "دادام" دەيدىغان ئاچكوز بىر باي
بار ئىكەن.
كەنجى ئوغۇل ئاشۇ باينىڭ ئىشىك ئالدىغا كەپتۇ، ئاۋا-
زىنى بولۇشىغا قويۇۋېتىپ: "كورسە كومۇر، كورمىسە ئالتۇن.
ئەرزان ساتىمەن، نەق ساتىمەن، پۇلىغا ئامراقلار بۇنى دەرھال
سېتىۋالسۇن! ..." دەپ توۋلاپتۇ.
كەم ئەقىل، ئاچكوز باي بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئۆيىدىن
سىرتقا چىققىچە نەچچە يىقىلىپ-قوپۇپ، "سۇبھانىللا"نى تالاي
قېتىم ئوقۇپ كەنجى ئوغۇلنىڭ يېنىغا كەپتۇ-دە، ئاستا پىچىر-
لاپ سوراپتۇ:
— تاغىرىڭدىكى نىمە؟
— دىدىمغۇ، كورسە كومۇر، كورمىسە ئالتۇن، بۇ تاغارغا
قاچىلانغىنى ئەسلى ئوتۇن، ھازىر كومۇردەك كورۇنىدۇ، ئەل
ئۇيقۇغا كەتكەندە ئاغزىنى ئاچساڭ بۇ كومۇر ئالتۇنغا ئايلىنىدۇ.
ئالاي دىسەڭ ساڭا مىڭ تىللاغا ساتىمەن، بولمىسا ئىشكىمنى
ھەيدەپ قايتىمەن، — دەپتۇ بالا.
بۇ گەپ كالتە پەم باينى قىزىقتۇرۇپتۇ. "ئالتۇن" دىگەن
گەپ ئەقلىدىن يەنىمۇ ئېزىقتۇرۇپتۇ. "باشقا بىر كىم ئېلىۋالمىغا-
ندى" دەپ ئەنسىرەپ توت تامغا بېقىپتۇ، ئاندىن كەنجى ئوغۇل-

نى ئىزرەگىلەپ، دولىسىغا قىقىپتۇ. ھەرقانچە پىخسىق، ئاچكوز بولسىمۇ بىر تاغار «ئالتۇن» نىڭ ئالدىدا مىڭ تىللا ھېچنىمە كورۇنمەپتۇ، شۇڭا باھاسىنى تالاشماي دىگىنىگە ئاپتۇ، كومۇر بايغا قاپتۇ. مىڭ تىللانى كەنجى ئوغۇل يانچۇغىغا ساپتۇ. ئۇ مال بازىرىدىن ياراملىق ئىككى خېچىر سېتىۋاپتۇ. ئاشلىق بازىرىدىن ئىككى تاغار بۇغداي، گوش بازىرىدىن يېرىم سان گوش ئاپتۇ. سودىلىغى تۈگىگەندىن كېيىن ئاخشىمىنى دوڭ قاتۇرۇپ مەھەللىسىگە قايتىپتۇ.

چوڭ خوتۇنىدىن بولغان توققۇز ئوغۇل قارىغىدەك بولسا، ئىنىسى ئىككى خېچىرغا مال يۈكلەپ، ئاخشىمىنى بولۇشىغا ئۇ- قۇپ كېلىۋاتقىدەك. بۇ ھالدىن گاڭگىرىغان پېتى بىر بىرىگە كوز قىسىپتۇ. ھەيرانلىقىنى مىڭ تەسلىكتە بېسىپتۇ. ئارىدىن بىرى، ئارقىدىن ھەممىسى چىقىپ يولنى توساپتۇ، يالغاندىن ئەھ- ۋال سوراپتۇ ۋە «بۇنچە نەرسىنى نەدىن تاپتىڭ؟» دەپ قىستاپتۇ.

كەنجى ئوغۇل بولغان ئەھۋالنى، قىلغان ئامالنى، تاپقان پۇل - مالنى ئاكىلىرىغا جايى - جايىدا بىلەن سوزلەپ بېرىپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇلارنىڭ قوسىغىغا جىن كىرىپتۇ. ئۇلار ئۆي- گە چىقىپ بىر ھەپتىدىن بۇيان ياسىغا توققۇز ئىگىرنى يىقىپ ئوت قويۇپتۇ. كويۇپ لاخشى بولغاندا ئۈستىگە ماتال سۇ قويۇپ- تۇ. چوغ كومۇرگە ئايلىنىپتۇ. كومۇر - تاغارغا جايلىنىپتۇ. توق- قۇز ھورۇن بازارغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار بازارنى چوگى- لەپ، ۋاقىراپ - جاقىراپ ھالىدىن كېتىپتۇ، بىر چاغدا قەدىمى ھىلىقى كومۇرنى «ئالتۇن» دەپ سېتىۋالغان كەم ئەقىل، ئاچكوز باينىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا يېتىپتۇ.

بۇ چاغدا باي ئالدانغىنىدىن غەمگە چومۇپ، مىڭ تىللا- نىڭ دەردىدە تىنماي ياش توكۇپ، پۇتى كويگەن توخۇدەك

يىقىراپ، پىچاق تەگكەن توپاقتەك ۋاقىراپ يۈرگەن ئىكەن. "كورسە كومۇر، كورمىسە ئالتۇن، ئەرزان ساتىمەن، نەق ساتىمەن" دەپ ۋاقىراشقان ئاۋازنى ئاڭلىغان باي ئۆيىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ، بۇلارنى ئۇرۇپ - سورەپ قازىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپتۇ. قازى ئەھۋالنى ئۇقۇپ، توقسۇز ئوغۇلنى قىرىقتىن دەررە ئۇرغۇزۇپ-تۇ. ئاندىن يانچۇقلىرىنى ئوك - تەتۈر قىلىپ بار - يوقىنى بايغا تاپشۇرۇپتۇ. ھەتتا مىنىپ بارغان ئېشەكلىرىنىمۇ ئېلىۋاپتۇ.

تاياق دەستىدىن ئۇستىخانلىرى ئۆزىنىڭ ئەمەستەك، مال - بىساتىدىن ئايرىلغانىنىڭ ئىچ پۇشۇغىدا مەس - ئەلەستەك بولۇپ قالغان توققۇز ئوغۇل دەرت - ئەلەمگە پايلىماي، قىلىۋاتقان ئىشىنىڭ ئالدى - كەينىنىمۇ ئويلىماي مەھەللىسىگە چىقىپتۇ. كەنجى ئوغۇلنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ئۇنى ئىزلەپ ئۇيان - بۇيانغا بېقىپتۇ. ئۇنى تاپالماي جىلى بولغىنىدىن كەنجى ئوغۇلنىڭ ئىنتىقامىنى ئانىسىدىن ئاپتۇ — بىچارىنىڭ گېلىنى غىققىدە سىقىپتۇ.

بىر چاغدا، كەنجى ئوغۇل تۈگمەندىن قايتىپ كېلىپ ئۆيگە كىرگەندەك بولسا، ئانىسى ئۆلۈك ياتقىدەك. ئوغلىنىڭ كۆز-لىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلۈپتۇ. بۇ ئىشنى ئاكىلىرىنىڭ قىلغىنىنى بىلىپ، چىشلىرى گەز - گەز بولۇپ، مۇشتلىرى تۈگۈلۈپ-تۇ. لېكىن "قازاغا رىزا، بالاغا سەۋرى" قىلىپ ئاچچىقىدىن يېنىپتۇ. بىر ھازا ئويلىغاندىن كېيىن، ئەپچىل بىر چارە ئويلاپ تېپىپتۇ...

ئەتىسى ئەتىگەندە مەرھۇمنىڭ ئۇستىۋېشىنى يەڭگۈش-لەپ، پاختىنى ياغاچقا پەلكۈشلەپ، ئوسمىغا مىسلەپ، ئانىسىغا كېلىشتۇرۇپ پەداز قىپتۇ. ئاندىن كېيىن خېچىرغا ئاۋاي-لاپ مىندۇرۇپ، يىقىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن قولتۇغىنى ئىككى ئاچىغا ئىلدۇرۇپ، سەھرا تەرەپكە قاراپ يولغا چىقىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
www.uyghurkitap.com

بۇ سەھرادا ناھايىتى پىخسىق، گەپلىرى سېسىق، كۆزلىرى قىسىق، ئاچچىقى يامان بىر باي ئالتە مولۇق يەرگە خامان ياساپ بۇل بۇغدايلىرىنى يېيىپ تۇرغان ئىكەن. كەنجى ئوغۇل ئانىسىنى مىندۈرگەن خېچىرنى باينىڭ خامىنىغا ھەيدەپ قويۇپتۇ. ئۆزى بولسا سەل يىراقتىكى بىر كالتە تامنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ تاماشىگە ئولتۇرۇپتۇ. خېچىر بۇغداينى كۆرسىلا دەسسەپ يېگىلى تۇرۇپتۇ. پىخسىق باي بۇ ھالنى كۆرۈپ ئەرۋايى قىرىق گەز ئۆرلەپ، ئاغزىنى بۇزۇپ تىل سالغىنىچە يۈگۈرۈپتۇ ۋە قولىدىكى تۆمۈر ئارا بىلەن خېچىر ئۈستىدىكى مەرھۇمنى بىرنەچچىنى ئۇرۇپتۇ. مەرھۇم يەرگە يىقىلىپ چۈشۈپتۇ.

شۇ چاغدا كەنجى ئوغۇل كالتە تامنىڭ ئارقىسىدىن تامبىلنى كۆتەرگەن پېتى يۈگۈرۈپ چىقىپ، ئانىسىنىڭ مەگزىگە - مەگزىنى يېقىپ "ۋاي ئانام" دەپ يىغلاشقا باشلاپتۇ.

باي نېمە قىلارىنى بىلەلمەي، ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قاپتۇ، كەنجى ئوغۇل "ئانامنى تۆلە!" دەپ باينىڭ ياقىسىدىن ئاپتۇ. خۇن دەۋاسى قىلىمەن دەپ قازى قېشىغا سۆرەپ، بولۇشىغا داۋراڭ ساپتۇ.

باي كەنجى ئوغۇلغا بىر ھازا يالۋۇرۇپتۇ. ئاندىن ئىككىسى سۆزلىشىپ، باينى قازىنىڭ قېشىغا سۆرىمەيدىغان، كەنجى ئوغۇلمۇ بۇ ئىشنى بىركىمگە دېمەيدىغان، باي 20 تاغار بۇغداي، 20 ئېشەك، 2 مىڭ تىللا نەق پۇل بېرىدىغان، جەسەتنى كەنجى ئوغۇل ئاستىلا ئاپىرىپ كۆمىدىغانغا كېلىشىپتۇ.

ئەتىسى، توققۇز ئوغۇل قارىغۇدەك بولسا كەنجى ئوغۇلنىڭ ھويلىسى ئاش بىلەن ئېشەككە، يانچۇقى پۇل - پىچەككە تولۇپ كەتكەنمىش. ئۇلار كەنجى ئوغۇلنىڭ ھويلىسىغا كەپتۇ:

— ئەسسالام ئىنىم، بۇنچە مال - دۇنيانى نەدىن تاپتىڭ؟ — دەپتۇ.

كەنجى ئوغۇل چاندۇرماي كورۇشۇپتۇ ۋە مۇنداق دەپتۇ:

— كىچىدىن ئۆيگە ئوغرى كىرىپتىكەن، ئانام ئەمستى تۇيۇپ قېلىپ جەڭلىشىپتۇ، ئايالىلىقىغا باقماي ئېلىشىپتۇ - بەللىشىپتۇ. ئوغرى ئانامنىڭ كېلىدىن بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. تۇگمەندىن كەلسەم بىچارە ئانام ئۆلۈك پېتى يېتىپتۇ. ئانامنى خېچىرغا ئارتىپ ئاغامچا بىلەن چېگىپ، مەھكەم تارتىپ بازارغا باردىم. "ئانا گوشى ئالامدۇ؟" دەپ ۋاقىرىدىم. نەق پۇلى بارلار تىللاغا، پۇلى يوقلار ئىشەك ۋە ئاش - تاغارغا تالىشىپ سېتىۋالدى. بۇ مال - دۇنيا "ئانا گوشى" ساتقان پۇلغا كەلگەن.

توققۇز ئوغۇل بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىشىنىپتۇ، ئەخمەقلىقىدىن يالغاننى راست دەپ ئىشىنىپتۇ. تۈزۈك بىر مەسلىھەت قىلىشا - قىلىشمايلا ئۆيگە بېرىپ ئانىسىنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈشۈپتۇ.

كەنجى ئوغۇلنىڭ ئېيتقىنى بويىچە، ئانىسىنىڭ ئۆلۈكىنى ئىشەككە تېڭىپ، سەھەرلەپ مېڭىپ بازارغا بېرىپ "ئانا گوشى سانىمىز" دەپ ۋاقىراپ - جاقىراپتۇ، ئۈنلىرى پۈتۈپتۇ، دەرمانى كېتىپتۇ، ۋاقىت كەچ پېشىندىن ئۆتۈپتۇ. ئەمما ھېچكىم "ئانا گوشى" سېتىۋالماپتۇ، ئەكسىچە، بۇلارنى "ساراڭ" ئىكەن دەپ چوڭ - كىچىك، ئۇلۇغ - ئۇششاق ھەممىسى مەسخىرە قىلىپتۇ. چالما - كېسەك ئېتىپ، لاي چېچىپ بازاردىن قوغلىۋېتىپتۇ.

توققۇز ئوغۇل دەردىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي غالجىرلىشىپتۇ. كەچتە مەلىسىگە كېلىپلا ئىنىسىنى تۇتۇپ تاغارغا سولاپ، ئىشەككە ئارتىپ دەرياغا تاشلىۋەتمەك ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ.

ماڭا - ماڭا بىر يەرگە بارغاندا، ماغدۇرى كېتىپ راسا ھارغاندا، ئىشەكنى ئوتلاققا قويۇۋېتىپ، ئۆزلىرى سەل يىراقتىكى ئېرىق بويىغا بېرىپ قاتتىق - قۇرۇق نانلىرىنى ئېرىقتىكى سۇغا چىلاپ يېگىلى تۇرۇپتۇ.

كەنجى ئوغۇل تاغارنىڭ ئىچىدە يا ياتالماي، يا قوپالماي

www.uyghurkitap.com

قىينىلىپ، تەقدىرگە تەن بېرىپ تۇرغاندا يېقىنلا بىر يەردىن قوڭغۇراقلارنىڭ مەرەشكەن، ئىككى ئادەمنىڭ گەپلەشكەن ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپتۇ. ھايال ئۆتمەي بۇ ئاۋازلار ئېشەكنىڭ يېنىدا پەيدا بوپتۇ.

— كىمنىڭ ئېشىكىدۇ بۇ، ئۈستىدە يۈكمۇ بار ئىكەن، — دەپتۇ بىرسى.

— خۇدانىڭ بەرگىنى شۇ - دە، ھەيدە ئېشەكنى، — دەپتۇ يەنە بىرسى.

بۇلارنىڭ سۆز - پاراڭلىرىدىن تاغار ئىچىدىكى كەنجى بۇ ئىككى ئادەمنىڭ بىرسىنىڭ باي، يەنە بىرسىنىڭ قويچى — مالاي ئىكەنلىكىنى پەم قىپتۇ. كەنجى ئوغۇل بىر پەس ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن كاللىسىغا بىر ئەقىل كەپتۇ. پۇرسەتنىڭ بارىدا بىردەم بەس قىلىپ باقماقچى بولۇپ يوتىلىپ «ئەھە - ئەھە» دەپتۇ.

يوتەل ئاۋازىدىن چوچۇگەن باي:

— كىم سەن؟ تاغارنىڭ ئىچىدە نىمە قىلىپ يۈرىسەن؟ — دەپ توۋلاپتۇ.

كەنجى ئوغۇل:

— كىم بولاتتىم، ھاكىم بولمايمەن دەپ مەنسەپتىن قېچىپ تاغارغا كىرىۋالغان ئادەممەن!... — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان باي:

— شۈكرى، ئۇزاقتىن بېرى مەنسەپ تاما قىلىپ ئاللاغا قىلغان يىغا - زارىم ئىشقا ئاشىدىغان چاغ كەپتۇ، — دەپتۇ-دە، تاغارنى ئېشەكتىن چۈشۈرۈپتۇ، كەنجى ئوغۇلنى تاغاردىن چىقىرىپتۇ.

— سۆزلە، — دەپتۇ باي، — كىم سېنى ھاكىم بول دەپ قىستىدى؟ تاغارغا كىم سولىدى؟ قانداق قىلىپ ھاكىم بولغۇلۇق؟

كەنجى ئوغۇل:

— تۈنۈگۈن ئۆيدە ئولتۇرسام، بىر توپ ياساۋۇللار كې-لىپ، "سىزنى شەھەرنىڭ ھاكىمى قىلماقچى، مەيسگە چىقىڭ" دەپ كەپتۇ، مەن "تېچقىنا تىرىكچىلىكىمنى قىلاي، مەنسەپ تۇتۇشنى بىلمەيمەن" دەپ بىر كۈن يالۋۇردۇم. ئۇلار "پادىشانىڭ بۇيرۇغى" دەپ زادى ئۇنىمىدى، ئاخىرى تاغارغا سولاپ ئېلىپ ماڭدى. ياساۋۇللار مۇشۇ يېقىندا ئارام ئېلىۋاتىدۇ، — دەپتۇ.

باي ناھايىتى مەنسەپپەرەس، تاماخور ئادەم ئىكەن، ئۇنىڭ ئۇزاقتىن بېرى بىرەر مەنسەپنىڭ چوققىسىغا مىنگۈسى بولسىمۇ ھېچ يولىنى قىلالماي يۈرۈپتىكەن. كەنجى ئوغۇلنىڭ سۆزى ئۇ-نىڭ مەنسەپ تاماسىنى — ئارزۇ تەقەززاسىنى ھەسسىلەپ ئاشۇ-رۇپتۇ. شۇڭا:

— ئەي ئەخمەق، مانا، ئالدىڭدا تۇرغان ئىككى يۈز قوي، ئەنە مالچى، مەن ھاكىم بولۇشقا رازى، ئىككىمىز مالنى مەنسەپكە، مەنسەپنى مالغا تېگىشەيلى، بولامدۇ؟ — دەپتۇ.

كەنجى ئوغۇل بىلەن مالچى ھىلىقى باينى ئەپلەپ، ئۇنى تاغارغا كەپلەپ، ئاغزىنى چېگىپ، ئىشەككە بۇرۇنقىدەك ئارتىپ قويۇپ، مالنى ھەيدەپ يولىغا راۋان بوپتۇ.

قويچى مالاي مەنسەپپەرەس، ئاچكۆز بايدىن قۇتۇلغىنىغا، كەنجى ئوغۇل 200 قويلۇق بولغىنىغا خوش بولۇپ، خوشلىشىپ ئايرىلىپتۇ.

ئەتىسى توققۇز ئوغۇل ئورنىدىن ۋاقىتچە تۇرۇپ، كەنجى ئوغۇلدىن قۇتۇلدۇق دەپ مەيدىسىگە ئۇرۇپ تالاغا چىققۇدەك بولسا ئەتراپنى بىر پادا قوي لىق ئاپتۇ. ئۇلار كەنجى ئوغۇل-نى يەنىلا ھايات ھالىتىدە كۆرۈپ "ئالىلا - توۋا!" دەپ دات سېپتۇ.

— ئولمىدىڭمۇ؟ بۇ قويلارنى نەدىن ھەيدەپ كەلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ ئاكىلىرى.

— ياق، ئولمىدىم، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ كەنجى ئوغۇل، — بۇ قويلارنى سىلەر مېنى تاشلىۋەتكەن دەريانىڭ تېگىدىكى ياپلاقتىن ھەيدەپ كەلدىم.

— ئاران مۇشۇ قويلارلا بارمىكەن، ياكى ...

ئاكىلىرىنىڭ ئاچكوزلۇكى، بەدنىيەتلىكىدىن تويغان كەنجى ئوغۇل كوڭلىگە بىر پىلاننى پۇكۇپ، چاندۇرماي مۇنداق دەپتۇ:

— ۋاي ئاكىلىرىم، ئۇ يەردە پادا - پادا قويلار، قوتان - قوتان ئۇيلار، ئىشقىلىپ ھەممە نەرسە بار ئىكەن، مەن ئوزەمگە چۇشلۇق ھەيدەپ كەلدىم. قالغانلىرى "بىزنىمۇ يوروق ئالەمگە ھەيدىگەچ كەت" دەپ مەرىشىپ، ھوكىرىشىپ قالدى ...

— جىنىم ئۇكام، — دەپتۇ ئۇلار، — بىزگە شۇ يەرنى كورسىتىپ قويغان بولساڭ، سىنىڭ سايەڭدە بىزمۇ مال - چارۋىلىق بوپقالغان بولساق؟ ...

— ماقۇل، — دەپتۇ كەنجى ئوغۇل، — يۇرۇڭلار، مەن سىلەرگە قوي بار يەرنى كورسىتىپ قوياي.

توققۇز ئوغۇل كەنجى ئوغۇلغا ئەگىشىپ يولغا چىقىپتۇ. بىر چاغدا دەريانىڭ چوڭقۇر يېرىگە بېرىپ، ئىگىزدىن توۋەنگە بېقىپتۇ. ئۇلار كورۇپتىكى، سۇنىڭ ئاستىدا بىر تالاي قوي - قوزىلار مەرىشىپ تۇرغىدەك. بۇ ئەسلى كەنجى ئوغۇل ھەيدەپ كەلگەن قويلارنىڭ سۇدىكى سايىسى ئىكەن.

— ئەنە، — دەپتۇ كەنجى ئوغۇل، — قويلار مۇشۇ يەردە.

توققۇز ئوغۇل بىر - بىرسىدىن قىزغىنىپ، بۇرۇنراق سۇغا چۇشۇپ كوپرەك قوي ھەيدەپ چىقىشنىڭ غېمىدە ئارقا - ئارقى-

دىن دەرياغا سەكرەپتۇ ـ دە، سۇغا غەرق بولۇپ ئۆلۈپتۇ.

كەنجى ئوغۇل خاتىرجەم ھالدا مەھەللىسىگە قايتىپ كېلىپ، دادىسىنىڭ ئىگەرچىلىك ھۈنىرىنى يېڭىۋاشتىن قولىغا ئېلىپ، ئۆي ـ ئوچاقلىق بولۇپ، بالا ـ چاقا تېپىپ ئۆز تىرىكچىلىكىنى قىلىپتۇ.

# مەلىكە دىلسۆز

بۇرۇن بۇرنىكەن، سوقا تۇرنىكەن، سېغىزخان جىدىكەن، قۇيرۇ-
غى يەردىكەن، پاقا راۋاپچىكەن، سالما غەجەكچىكەن، بۆرگە ئۇسۇلچى،
پاشا غەزەلچىكەن. شۇل زاماندا بىر پادىشا ئۆتكەن ئىكەن. ئۇنىڭ مى-
لىكە دىلسۆز دېگەن بىرلا قىزى بارئىكەن، بۇ قىز ناھايىتى
ساھىبجامال بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدا ئاي ۋە كۈنمۇ خىجىل بولى-
دىكەن. قىز چوڭ بولۇپ تۇرمۇش يېشىغا يېتىپتۇ. بۇ قىزغا نۇر-
غۇن پادىشالاردىن كېلىن قىلىۋېلىش ئۈچۈن ئەلچىلەر كەپتۇ.
پادىشانىڭ دۇنيالىقتا بىرلا پەرزەنتى بولغاچقا "قىزىم كىچىك"
دەپ جاۋاپ بېرىدىكەن. پادىشانىڭ شەھىرىدە بىر ئاشىق بار
ئىكەن، بۇ ئاشىق چىلىمنىڭ سەيخانىسىغا تاماكىسىنى پوتەيدەك
قۇيۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تىزەك چوغىنى قويۇپ چېكىدىكەن. بىر
كۈنى پادىشا تاھارەت ئېلىپ ئۆز ھوجرىسىدىن چىقىۋاتسا ئا-
شىق پادىشانىڭ ئالدىغا كېلىپ: "ھەق شىدىدىللا" دەپ نوۋلاپتۇ.
پادىشا: "ئەجەپمۇ بۇ ئاشىق سەھەردە كېلىپ قالدى، دەرھال
سەدىقە بېرىشىم كېرەك" دەپ كەينىگە كىرىپ غەزنىدىن بىر لى-
گەندە تىللا ئېلىپ چىقىپ ئاشىققا تەگلەپتۇ. ئاشىق تىللانى ئال-
ماپتۇ. پادىشا:

— ئەي ئاشىق، تىللانى ئالمىساڭ نىمە تىلەيسەن؟ — دەپتۇ.

— سىز بېرەي دەڭ، ئاندىن مەن تىلەيدىغان نەرسىنى
دەيمەن، — دەپتۇ ئاشىق.

— نىمە تىلىسەڭ شۇنى بېرىمەن، تىلەيدىغان نەرسىنى
دىگىن، — دەپتۇ پادىشا.

— ئىككىنچى قېتىم بېرەي دەڭ، — دەپتۇ ئاشىق.

— تىلىگىنىڭنى بېرىمەن، — دەپتۇ پادىشا. شۇنداق قىلىپ پادىشانىڭ ۋەدىسىنى ئالغاندىن كېيىن ئاشىق:

— سىزنىڭ قىزىڭىز مەلىكە دىلسۇزنى خۇدا يولىدا تىلەيمەن، — دەپتۇ.

پادىشا بۇ سوزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تۇرۇپ قېلىپ:

— يامان يەردىن تۇتتۇڭ، دۇنيادا يالغۇزلا بىر قىز ئىدى. خەير، مەن جاۋابىمنى بەردىم. بىر پەرزەنت ئەر بىلەن ئايالنىڭ بولىدۇ، مەن ئايالىمدىن سوراپ چىقاي، — دەپ ئۆيگە كىرىپ كېتىپتۇ.

پادىشا ئۆيگە كىرىپ ئايالىغا بولغان ۋەقەنى تولۇق بايان قىلىپتۇ، ئاخىرىدا:

— ۋەدە قىلغانلىغىم ئۈچۈن مەن ئۆزەمگە تېگىشلىك قىسمىنى بەردىم، سەن نىمە دەيسەن؟ — دەپتۇ.

پادىشانىڭ ئايىلىمۇ سېخى ئايال ئىكەن، پادىشانى سىناماق بولۇپ:

— دۇنيادا بىرلا پەرزەنتىمىز تۇرسا — بەردىڭىزمۇ؟ — دىگەن ئىكەن، پادىشا:

— ئۇنداق بولسا سەن بەرمىسەڭ مېنىڭ تېگىشلىگىمنى بەردىم، — دەپ قولىغا قىلىچنى ئاپتۇ. مەلىكە دىلسۇز ئۇخلاۋاتقان ئىكەن، شۇڭا پادىشا:

— خوتۇن، مەن لەۋزىمدىن يانالمايمەن. قىزىمنى قىلىچتا ئىككى پارچە قىلىمەن. بىرى ئۆزەڭگە قالىدۇ. بىرىنى ئاشىققا بېرىمەن، — دەپتۇ. پادىشانىڭ خوتۇنى:

— ھېلىغۇ بىر قىز ئىكەن، ئەگەر سىز خۇدا يولىدا بەرگەن بولسىڭىز مىڭ قىز بولسىمۇ بەردىم، — دەپتۇ. پادىشا خوتۇنىغا قىزنى ئويغىتىپ چىقىشنى بۇيرۇپتۇ، پادىشانىڭ خوتۇنى قىزنى ئويغىتىپتۇ. قىز:

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

— ئانا، نېمە ئىش؟ — دەپتۇ قىزنىڭ ئانىسى:
— قىزىم، دادىڭىز باياتىن تاھارەت ئالغىلى چىقىپ بىر ئاشقىقا ئۇچراپتۇ، — دەپ دادىسى بىلەن ئاشىق ئوتتۇرىسىدا بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.
— دادام مېنى ئاشىققا بەرگەن بولسا سىز نېمە دەيدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ قىز.
— مەنمۇ دادىڭىزنىڭ پىكرىگە قوشۇلدۇم، — دەپتۇ ئانىسى:
— سىلەر مېنى خۇدا يولىدا ئاشىققا بەرگەن بولساڭلار مەنمۇ ئۆزەمنى خۇدا يولىدا ئاشىققا تەقدىم قىلدىم، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ قىز.
شۇنىڭ بىلەن قىز بىر خالتىدا ئۇن، چاي قاينىتىدىغان بىر دانە چوگۈن، بىر چوچەك، بىر سىقىم تىللانى يانچۇغىغا سېلىپ چىقىپتۇ. پادشا ۋە خوتۇنى قىزىنى ئاشىققا قوشۇپ يولغا سالىپتۇ. ئاشىق مەلىكە دىلسوزىنى كەينىگە سېلىپ يولغا راۋان بوپتۇ. ئاشىق مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، يول يۈرۈپتۇ مول يۈرۈپتۇ. مەلىكە:
— ئۆيىڭىز قەيەردە؟ — دەپ سورىغان ئىكەن، ئاشىق:
— توغراق مازار دىگەن يەردە بىر تېمى بار، ئۈچ تېمى يوق بىر ئۆيۈم بار، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. نەتىجىدە ئۇزۇن يول يۈرۈپ بىر توغراقلىق قەۋرىستانلىققا بېرىپ، بىر پۇچۇق گۈمبەزگە كىرىپتۇ. قارىسا، دىگەنەك بىرتېمى بار، ئۈچ تېمى يوق ئىكەن، مەلىكە ئاشىققا قاراپ:
— ئەي ئاشىق، ئۆيىڭىزنىڭ ئۈچ تېمى يوق، ئۈستىمۇ پۇچۇق ئىكەن. قار، يامغۇر، بوران بولىدۇ. بۇ مازارلىقتىكى دەرەخلەر بىزدەك ئاشىقلارنىڭ. سىز ئاشۇ كورۇنگەن يۇرتقا بېرىپ، بىر تامچى، بىر ياغاچچى چاقىرىپ كەلسىڭىز، تامچى ئۈچ تامنى ئېتىپ بەرسە، ياغاچچى ئۈستىنى يېپىپ بەرسە، ئاندىن خاتىرجەم

ئۇلتۇرساق، — دەپتۇ. ئاشىق مەلىكىگە قاراپ:

— ياغاچچى بىلەن تامچىغا پۇل بەرمىسەك بۇ ئىشلارنى قىلىپ بەرمەيدۇ. مەندە ئۇلارغا بەرگىدەك ھېچنەرسە يوق، — دەپتۇ. مەلىكە يانچۇقىدىن 2 تىللانى ئېلىپ:

— تىللانى ئايرىپ بىرىنى تامچىغا، بىرىنى ياغاچچىغا بېرىپ چاقىرىپ كېلىڭ، — دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاشىق يۇرتقا بېرىپ بىر تامچى بىلەن بىر ياغاچچىنى چاقىرىپ كېلىپ ئۆينى رېمونت قىلدۇرۇپتۇ، بارنى يېتىپ يەپتۇ. يەيدىغان نەرسىلەر تۈگەپتۇ، مەلىكە:

— ئەي ئاشىق، يەيدىغان نەرسىلەر تۈگىدى. ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ يېگۈلۈك تېپىپ كېلىڭ، — دەپتۇ. ئاشىق بولسا:

— مەلىكەم، سىز بولسىڭىز بولدى، — دەپ يېتىۋېرىپتۇ. مەلىكە يەنە:

— يەيدىغان نەرسە پۈتۈنلەي تۈگىدى، سىز دەرھال يېيدىغان نەرسە تېپىپ كېلىڭ، — دەپتۇ. ئاشىق:

— ئۇنداق بولسا ماۋۇ خالتىنى سىز كۆتىرىڭ، مەن ئارقىڭىزدىن ماڭاي، شۇنداق قىلىپ بىرەر يېگۈلۈك نەرسە تېپىپ كېلەيلى، — دەپتۇ. مەلىكە ئاشىقنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپتۇ ۋە:

— بۈگۈن بازار كۈنى. ماۋۇ ئون تىللانى ئېلىپ بازارغا بېرىپ سەككىز تىللاغا بىر پارچە رەخت ھەم ھەر خىل رەڭلىك يىپ ئالىسىز. قالغان ئىككى تىللاغا ئۇن، سەي-كۆكتات، ياغ قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىڭ، — دەپ ئەۋەتىپتۇ.

ئاشىق پۇلغا دىگەن سودىلىقنى قىلىپ كەپتۇ. مەلىكە بازاردىن ئالغان ھەرخىل يىپ ۋە رەختتىن يەنە بىر بازارغىچە بىر دانە ياغلىق تىكىپتۇ. بۇ ياغلىق ناھايىتى كۆركەم ئىكەن. بازار كۈنى ئاشىقنى بۇ ياغلىقنى بازارغا ئاپىرىپ مىڭ تىللاغا سېتىپ، يەنە ھەر خىل يىپ ۋە رەخت سېتىۋېلىپ باشقا سودىلىقنىمۇ قىلىپ كېلىشنى، لېكىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ياغلىقنى مىڭ تىللاغىلا سېتىشنى، بىرى كەم مىڭ تىللا بولسا ساتماسلىقنى تاپىلاپتۇ ۋە:

— سىز ياغلىقنى بىر چېقىر كۆز، بوز ئاتلىق يىگىتكە ساتماڭ. ئەگەر سېتىپ قالسىڭىز مەندىن قۇرۇق قالىسىز، — دەپتۇ.

ئاشىق ياغلىقنى بازارغا ئاپىرىپتۇ. ياغلىقنى كۆرگەن خېرىدارلار 999 تىللا قىلىشىپتۇ. لېكىن مىڭ تىللاغا ئالىدىغان كىشى چىقماپتۇ. شۇ ئارىدا مەلىكە دېگەن ھېلىقى يىگىت كېلىپ ياغلىققا كۆزى چۈشۈپتۇ. ئاشىقنىڭ ئېسىدىن مەلىكىنىڭ بۇ يىگىتكە ساتماسلىق توغرىسىدىكى تاپىلىغان سۆزلىرى چىقىپ قاپتۇ.

— ياغلىقنى ساتامسەن؟ — دەپ سوراپتۇ يىگىت ئاشىقتىن.

— ھەئە، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ئاشىق.

— نەرقى قانچە؟

— مىڭ تىللا.

شۇنداق قىلىپ يىگىت مىڭ تىللانى بېرىپ ياغلىقنى سېتىپ ئاپتۇ. دەل شۇ چاغدا مەلىكىنىڭ سۆزى ئېسىگە چۈشۈپ قالغان ئاشىق:

— مەلىكەم ساتماڭ دېگەن، — دەپ يىگىتنىڭ قولىدىن ياغلىقنى تارتىۋېلىپ، پۇلىنى بېرىپتۇ. ئاشىق ياغلىقنى ئېلىپ باشقا كوچىغا مېڭىپتۇ. يىگىت ئاشىقنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ مېڭىپتۇ. بىر ئوتۇنچى 2 ئېشەككە ئارتىلغان ئوتۇننى ھەيدەپ ئۇچراپتۇ. يىگىت:

— ئوتۇنۇڭ نەچچە پۇل؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بىر تەڭگىدىن ئىككىسى — ئىككى تەڭگە، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ئوتۇنچى.

— ئۇنداق بولسا ئوتۇنۇڭ بىر تىللادىن ئىككى تىللا

بولسۇن، سەن كىيىمىڭنى ماڭا سېلىپ بېرىپ مېنىڭ كىيىمىمنى كىيىپ ئېتىمنى تۇتۇپ تۇرغىن. ئازراق ئىشىم بار. ئىشىمنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئىككى تىللانى ئۆزەڭ ئال، ئوتۇنىڭنىمۇ ئۆزەڭ ئال، — دەپتۇ.

— ماقۇل، — دەپتۇ ئوتۇنچى، كىيىمىنى سېلىپ بېرىپ، يىگىتنىڭ كىيىمىنى كىيىپ، يىگىتنىڭ ئېتىنى تۇتۇپ تۇرۇپتۇ. يىگىت ئوتۇنچىنىڭ كىيىمىنى كىيىپ ئوتۇنىنى ھەيدەپ ئاشىقنىڭ كەينىدىن مېڭىپتۇ ۋە ئاشىققا يېتىشىۋېلىپ:

— ئەي ئاشىق، ياغلىقنى ساتامسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بۇ ياغلىق، سېنىڭ ئىككى ئىشەك ئوتۇنۇڭنىڭ پۇلىغا كەلمەيدۇ، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ئاشىق.

— ياغلىقنىڭ نەرقى قانچە پۇل؟ — دەپ سوراپتۇ يىگىت.

— مىڭ تىللا، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ئاشىق.

— ئال، مانا مىڭ تىللا، — دەپ پۇلنى بېرىپتۇ ئوتۇنچى سىياقىدىكى يىگىت.

ئاشىق "ياغلىقنى ئوتۇنچىغا ساتتىم" دەپ خاتىرجەم بولۇپ بازارغا ئۆز سودىلىغىنى قىلغىلى مېڭىپتۇ. يىگىت ياغلىقنى ئېلىپ ئەسلىدىكى ئوتۇنچىنىڭ قېشىغا بېرىپ، كىيىم-كېچەكلىرى بىلەن ئاتنى ئېلىپ ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ. ئەمدى سۆزنى يىگىتتىن ئاڭلايلى:

بۇ يىگىت ئەسلىدە باشقا بىر شەھەر پادىشاسىنىڭ ئوغلى بولۇپ مەلىكىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ دىدارىنى كۆرمەستىن ئاشىقى بىقارار بولغان ئىكەن. يىگىتنىڭ دادىسى مەلىكىگە ئەلچى ئەۋەتكەندە مەلىكىنىڭ ئاتىسى "قىزىم كىچىك" دەپ بەرمىگەن ئىكەن. مەلىكە بۇ يىگىتنىڭ ئۆزىگە ئاشىق بولغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھىلقىدەك چىرايلىق ياغلىقتىن بىرنى تىكىپ: "مېھرىتىنى ئۈزسۇن" دەپ چىقارتىپ بەرگەن ئىكەن.

يىگىت قىزنىڭ ئوت ـ پىراقىدا يۈرۈپ شەھەرگە كىرىپ
ئوزىدىكى ياغلىقتا ئوخشاش ياغلىقتىن بىرىنى ئا-
شىقنىڭ قولىدا كورۇپ: "مەلىكىنى ئاشىققا بېرىپتۇ، ئاشىق دې-
گەننىڭ ئويى مازارلاردا بولىدۇ. مەن بۇنى چوقۇم تېپىشىم كېرەك"
دەپ ياغلىقنى ئېلىپ مەلىكىنى ئىزلەپ مېڭىپتۇ. ئەتراپتىكى مازار-
لارنى ئىزلەپتۇ. لېكىن ھېچيەردىن مەلىكىنىڭ ئۇچۇرىنى ئالال-
ماپتۇ. كۈن كەچ بوپتۇ. ئىزلەپ كېتىپ بارسا يىراق بىر جايدا
چىراق يورۇغى كورۇنۇپتۇ. يىگىت ئېتىنى ئۇدۇل چىراق يورۇغى
چىققان تەرەپكە چاپتۇرۇپ بېرىپ قارىسا بىر مازارلىقتىكى گوم-
بەز ئىچىدە چىراق كويۇۋاتقان ئىكەن. گومبەز ئالدىغا كېلىپ ئى-
چىگە قارىسا دېگەندەك مەلىكە ئولتۇرغان ئىكەن. يىگىت ئاتتىن
چۈشمەي: "قوپ ئوزلۇگىڭدىن، ئاتقا مىن، ئەگەر رازى بولمى-
ساڭ ئولتۇرىمەن" دەپتۇ. مەلىكە بىر قاراپلا ئاشىقنىڭ ياغلىقىنى
ساتماق دېگەن كىشىگە ساتقانلىقىنى بىلىپتۇ. يىگىتكە قارشىلىق
قىلسا ئوزىگە خەۋپ يېتىدىغانلىقىنى سېزىپ ئورنىدىن تۇرۇپ
بىر كوپىسىنى ئاتنىڭ كەينىگە ساپتۇ. بىر خالتىدا ئۇن، ياغاچ
چوچەك، تۇنىكە چوگۇننى ئېلىپ ئاتنىڭ كەينىگە مىنىپتۇ.
يىگىت مەلىكىنى ئېلىپ مېڭىپتۇ.

بولار يول مېڭىۋەرسۇن. ئەمدى گەپنى ئاشىقتىن ئاڭلايمىز:
ئاشىق بازاردىن ئالىدىغان نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئېلىپ ئوينىڭ
ئالدىغا كەلسە چىراق ئوچكەن، مەلىكىنى توۋلاپتۇ. ئاۋاز چىق-
ماپتۇ. ئوي ئىچىگە كىرسە ئادەم يوق. دەرھال سىرتقا چىقىپ
قارىسا گومبەز ئالدىدا ئاتنىڭ ئىزى تۇرغان. بۇنى كورگەن
ئاشىق ياغلىق ئالغۇچىنىڭ مەلىكە "ساتماق" دېگەن ۋە سېتىپ قاي-
تۇرۇۋالغان ئوتتۇنچى قىياپىتىدىكى يىگىت ئىكەنلىگىنى سېزىپ
ئاتنىڭ ئىزىغا ئوزىنى تاشلاپ ھوشىدىن كېتىپتۇ. بىر ۋاقىتتىن

كېيىن ھوشىغا كېلىپ كېچىدە ئاتنىڭ ئىزىنى ئىزلەپ مەلىكىنىڭ كەينىدىن مېڭىپتۇ.

ئەمدى سوزنى مەلىكىدىن ئاڭلايلى:

يىگىت مەلىكىنى ئاتقا مىندۇرۇپ بىر كېچە يول يۈرۈپ تاڭ ئاتقاندا 2 ئاچال يولغا كەپتۇ. مەلىكە دەرھال يىگىتتىن سوراپتۇ:

— سىزنىڭ شەھىرىڭىزگە قايسى يول بىلەن بارىمىز؟

— جەنۇپ تەرەپ بىلەن، — دەپتۇ يىگىت.

— ئاتنى توختاتسىڭىز، — دەپتۇ قىز، — سىزمۇ ھاردىڭىز، مەنمۇ ھاردىم. بىر دەم ئارام ئېلىپ تۇرسىڭىز، بىر پىيالە چاي تەييارلاي، ئىككىمىز ئىچىپ ئاندىن يۈرۈپ كەتسەك.

— ماقۇل، — دەپتۇ يىگىت ۋە ئاتتىن چۈشۈپ ئولتۇرۇپتۇ. مەلىكە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يىگىتنىڭ شەھىرىگە بارىدىغان يول تەرەپتە چاي قاينىتىپتۇ. خېمىر يۇغۇرۇپ ئوتىقا كومەچ قىلىپ كومۇپ، ئىچىگە قولىدىكى ئۈزۈكنى سېلىپ، ئوچاقتا ئوتۇننى كۆپرەك سېلىپ قويۇپ يىگىتنى ئويغىتىپ چاي ئىچىشىپ يولغا چىقىشىپتۇ.

ئاشىق كېچىچە ئاتنىڭ ئىزىنى بويلاپ كېلىپ قارىسا يول ئىككىگە بولۇنگەن. مەلىكىنىڭ قايسى يولغا كەتكەنلىكىنى بىلەمەي تۇرۇپ خۇمارى تۇتۇپتۇ. قارىسا جەنۇپ تەرەپتىكى يولدا تۇتۇن چىقىۋاتقان، ئاشىق شۇ يەرگە بېرىپ چىلىمنى ئېلىپ تاماكا سېلىپ چېكىپ، ئاندىن بىر يولغا ماڭماقچى بولۇپ چىلىمغا چوغدىن بىر تال ئالاي دەپ ئوتنى كوچىلىسا بىر دانە كومەچ چىقىپتۇ. ئاشىق: "خودا ئەتىگەندە ماڭا بىر رىسقى بەردى، يەپ ئاندىن چىلىمنى چېكەي" دەپ، كومەچنى 2 پارچە قىلىشى بىلەن كومەچنىڭ ئىچىدىن مەلىكە دىلسوزنىڭ ئۈزۈكى چىقىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۈزۈكنى تونۇپ مەلىكىنىڭ مۇشۇ يولغا كەتكەنلى-

كىنى جەزم قىلىپ يولغا راۋان بوپتۇ.
ئەسلىدە قىز: "ئاشىق ئۆيگە قايتىپ كەلگەنىدىن كېيىن مېنىڭ يوقلىغىنىمنى بىلىپ ئىزلەپ كېلىدۇ. دەل مۇشۇ يەرگە كەلگەندە 2 يولنىڭ قايسىسىغا مېڭىشىنى بىلەلمەي خۇمارى بولىدۇ ۋە چىلىم چېكىشكە ئۇرت ئىزلەيدۇ. بۇ ئوتىنى كولاپ كومەچ ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئۈزۈكنى كورۇپ مېنىڭ قايسى تەرەپكە كەتكەنلىكىمنى بىلىۋالىدۇ" دەپ شۇنداق قىلغان ئىكەن. يىگىت مەلىكىنى ئۆز شەھرىگە ئېلىپ بېرىپتۇ.

ئاشىق بىر ئايدەك يول يۈرۈپتۇ. چاچ - ساقاللىرى ئۆسۈپتۇ، تويغىدەك رىيازەت چېكىپتۇ. ئاخىرى بىر شەھەرگە يېقىنلاشقاندا ھاردۇق ئالماقچى بولۇپ، ئىشىكى ئالدىدا يىپ ئېگىرىپ ئولتۇرغان مومايىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپتۇ.

— ئاشىق، قەيەردىن كەلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ موماي.

ئاشىق ئايالغا ئۆزىنىڭ كەلگەن يېرىنى ۋە كېلىشتىكى مەقسەدىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. ئايال مۇنداق دەپتۇ:

— ئوغلۇم، سېنىڭ مەلىكەڭنى ئېلىپ كەلگەن پادىشانىڭ شەھرى مۇشۇ. سېنى مەلىكەڭ تاپمىسا سەن مەلىكەڭنى تاپالمايسەن. ساڭا مەسلىھەت بېرەي، ئون تىللا پۇل دەسمى قىلىپ، ئۈپا، ئەڭلىك، تاغاق، سۈزگۈچ، گۈگگۈت، تاماكا ئېلىپ شەھەرگە كىرىپ پادىشانىڭ ئوردىسى ئالدىدا توۋلايسەن. كۈندۈزى مال ساتىسەن، ئەھۋال ئۇقۇسەن. كەچقۇرۇن مېنىڭ ئۆيۈمگە كېلىپ قونىسەن، مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن ئاندىن مەلىكەڭنى تاپىسەن، — دەپتۇ. ئاشىق بۇ ئايالنىڭ گېپىگە ماقۇل بولۇپ، دېگەن نەرسىنى ئاپتۇ. كۈندۈزى شەھەرگە كىرىپ پادىشانىڭ ئوردىسى ئالدىغا بېرىپ: "ئۈپا - ئەڭلىك، تاغاق - سۈزگۈچ" دەپ توۋلاپتۇ. شۇنداق قىلىپ 5 كۈن ئۆتۈپتۇ، دەسلەپكى كۈنى بىر دانە چالا نانغا سودا قىپتۇ. 2-، 3-، 4-، 5-كۈنىگىچە بىر تىيىنغىمۇ

سودا قىلالماپتۇ. 5 - كۈنى كەچتە ئاشىق ئايالىغا مۇنداق دەپتۇ:

— ئەي ئانا! مېنىڭ مەلىكەم بۇ شەھەردە يوقكەن. بەش كۈندىن بېرى ئۇچۇرى بولمىدى. ئون تىللا پۇل سەرپ قىلىپ مال ئېلىپ بىر تىيىنگە ساتماي، ئاران بىر چالا نانغا سودا قىلدىم. ئەمدى مەن باشقا شەھەرنى ئىزلەپ باقاي" — دەپتۇ.

موماي:

— ئوغلۇم، ئەتە بىر كۈن تۇرغىن، ئەگەر يەنە ئۇچۇرى بولمىسا ئاندىن قايسى تەرەپكە ماڭساڭ يولغا سېلىپ قوياي، — دەپتۇ. ئاشىق ماقۇل بولۇپ ئەتىسى يەنە شەھەرگە كىرىپتۇ. بۈگۈنمۇ يەنە بىر چالا نانغا سودا قىپتۇ، قايتىپ كېلىپ باشقا جايغا ماڭماقچى بوپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە ھېلىقى موماي:

— ئالتە كۈن شەھەرگە كىرىپ سودا قىلغان ئالتە نېنىڭنى پارچىلاپ تۇرغىن، مەن ئوتتۇن تەييارلاي، شۇنىڭدا سۇ قايناق ئېتىپ بېرەي، ئىچىپ ئاندىن يولۇڭغا ماڭغىن، — دەپ ئوتتۇنغا چىقىپ كېتىپتۇ، ئاشىق بىر ناننى پارچىلىسا بىر زىخچا ئالتۇن چىقىپتۇ، 2 - 3 - 4 - 5 - نان ئىچىدىن 5 زىخچا ئالتۇن چىقىپتۇ، ئاخىرقى ناننى بىر پارچىلىسا بىر پارچە خەت چىقىپتۇ. ئاشىق خەت ئوقۇشنى بىلمەيدىكەن. ئۆي ئىگىسى ئايال مەھەللىدىن بىرىنى چاقىرىپ كېلىپ پۇل بېرىپ خەتنى ئوقۇتۇپتۇ:

سۆيۈملۈك ئاشىقىم!

شۇنى جىددى مەلۇم قىلىمەنكى، سىز مەن "ياغلىقنى ساتماڭ" دېگەن يىگىتكە ياغلىقنى ساتقانلىقىڭىز ئۈچۈن، شۇ يىگىت مېنى قايتۇرۇپ كەلدى. ھازىر 39 كۈن بولدى. كەلگەن ۋاقتىدا تەلەپ قويدى. مەن: "ھەركىم مېنى ئۆز ئەرىگە ئالماقچى بولسا قىرىق كۈن توي قىلىشى شەرت. ئەگەر شۇ شەرتكە ئۇنىمىسا ياكى شۇ كىشىنى ئۆلتۈرىمەن ياكى ئۆزەم ئۆلىمەن" دەپ شەرت قويغان.

ئۇ بۇ شەرتنى قوبۇل كوردى. بۈگۈن 39 كۈن بولدى، توي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولۇۋاتىدۇ. مەن ئەركەك چۈنكىمىز كورۈنمەي 40 دانە مەلىكە بېلەن راۋاقتا تۇرىمەن. ئەتە 40 كۈن بولىدۇ. نىكا ئوقۇلغاندىن كېيىن سىزنى مەن، مېنى سىز تاپالمايسىز. ۋاقت جىددى. 5 زىخچا ئالتۇن چىقارتىمەن. ئۇچىدىغان ئاتتىن ئىككىنى ئېلىپ تەييارلاپ، بىر دانە خۇرجۇن ئېلىپ، بىر كېچىنى 3 ھەسسە قىلىپ، 2 ھەسسە ئوتۇپ بىر ھەسسە قالغاندا راۋاقنىڭ قېشىغا كېلىپ تۇرىسىز. بوخچانى تاشلايمەن، خۇرجۇنغا سالىسىز، سەكرەپ چۈشىمەن. بىر ئاتقا سىز مىنىسىز، يەنە بىر ئاتقا مەن مىنىمەن، ئىككىمىز بىرلىكتە قاچىمىز.

مەلىكىڭىز: دىلئۇز

ئاشىق خەتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن شەھەرگە كىرىپ دەرھال ئىككى ئات تەييارلاپ، ئاخشامدىلا راۋاقنىڭ تۈۋىگە كېلىپ ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قاپتۇ. بىر چاغدا بىر جىسەكچى راۋاقنىڭ ئەتراپىغا كېلىپ قاپتۇ. قارىسا ئات تۇرغان، بىر ئادەم ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قالغان. جىسەكچى "بۇ يەردە بىر گەپ بار" دەپ يوشۇرۇنۇپ تۇرسا، راۋاقتىن بىر نەرسە چۈشۈپتۇ. قارىسا بوخچا ئىكەن. جىسەكچى بوخچىنى ئېلىپ خۇرجۇنغا ساپتۇ. كەينىدىن بىر كىشى سەكرەپ چۈشۈپتۇ ۋە ھۇم دەپلا بىر ئاتقا مىنىپ مېڭىپتۇ، جىسەكچى يەنە بىر ئاتقا مىنىپ مەلىكىنىڭ كەينىدىن مېڭىپتۇ. تاڭ ئېتىپتۇ. مەلىكە كەينىگە قارىماي "ئاشىق كەينىمدە بار" دەپ مېڭىۋېرىپتۇ، بىر سايلىقتا چىقىپ كەينىگە قارىسا ئاشىق يوق. بىر ناتونۇش ئادەم ئات بىلەن كەينىدىن كېلىۋاتقان.

مەلىكە دەرھال ئاتنى توختىتىپ:

— سەن نىمە ئادەم؟ — دەپ سوراپتۇ. جىسەكچى:

— كېچىسى جىسەكچىلىك قىلىدىغان ئادەممەن، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

— يا ھەزرەت، — دەپتۇ مەلىكە، — سېنىڭ ئىشقىڭدا

ئالتە ئاي بولدى دەرت تارتقىلى، ھەر كېچىسى "تاڭ - تاڭ" قىلساڭ ئاۋازىڭنى ئاڭلاپ ئىشقى پىراقىڭدا قىينالدىم. بۈگۈن خۇدا مۇرادىمنى بېرىپتۇ.

بۇ سوزدىن جىسەكچى خوشال بوپتۇ.

— مەلىكە، — دەپتۇ جىسەكچى، — مۇشۇ يەردە بىردەم ئارام ئېلىپ ماڭايلى.

جىسەكچىنىڭ غەرىزىنى چۈشەنگەن مەلىكە:

— بولىدۇ. ئاتتىن چۈشۈڭ، مەنمۇ سىزنى دەپ كورمىگەن ئازابلارنى تارتتىم. لېكىن مېنىڭ بىر شەرتىم بار. ئۇ بولسىمۇ مەن: "ئەر كىشىگە ئۇزەمنى قوبۇل قىلىشتىن ئىلگىرى مېنى قوبۇل قىلىدىغان كىشىنىڭ قولىنى كەينىگە قىلىپ باغلىسام ئۇ كىشى يالدىمدىن بىر، ئىككى، ئۈچ، توت دەپ بىر مەرتىۋە ئوتسە ئاندىن ئۇزەمنى ئۇ كىشىگە قوبۇل قىلىمەن" دەپ شەرت قىلغان. شۇڭا مۇشۇ شەرتىمنى ئادا قىلسىڭىز، ئاندىن مۇرات - مەقسىدىمىزگە يەتسەك دەپتۇ. جىسەكچى ماقۇل بوپتۇ ۋە "قېنى باغلىسىلا" دەپتۇ. مەلىكە بىر ئاغامچىدا 2 ئاتنى باغلاپ قويۇپ بىر ئاغامچىدا جىسەكچىنى باغلاپ: "قېنى مېڭىڭ" دەپتۇ. جىسەكچى "بىر، ئىككى، ئۈچ، توت" دىگۈچىلىك مەلىكە قولىغا يوغان تاشتىن بىرنى ئېلىپ جىسەكچىنىڭ قۇلاق تۈۋىگە ئۇرغان ئىكەن، جىسەكچى دەرھال ئولۇپتۇ. مەلىكە جىسەكچى ئولگەندىن كېيىن قولىدىكى ئاغامچىنى يېشىپ، بىر ئاتقا مىنىپ بىرنى يېتىلەپ كېتىپ بارغان يولىغا قاراپ مېڭىپتۇ.

ئەمدى سوزنى ئاشىقتىن ئاڭلايمىز:

ئاشىق ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ قويسا كۈن چۈش بولۇپ قالغان، ئات يوق. بېشىغا بىرنى ئۇرۇپ، "ئوغرىدىن قۇتۇلۇپ قاراقچىغا ئۇچرىدىم دىگەن ئىش بولدى. مەلىكەمنى يەنە بىرى ئېلىپ قېچىپتۇ" دەپ ئاتنىڭ ئىزىنى بويلاپ مېڭىپتۇ. كەچتە

ھېلىقى جەسەكچى ئۆلگەن جايغا يېتىپ بېرىپتۇ. قارىسا بىر كىشىنىڭ ئۆلۈكى تۇرغان. "ھە! مەلىكىنى ئېلىپ قاچقان ئوغرى سەن ئىكەنسەن. سەنمۇ ئەدىۋىڭنى يەپسەن" دەپ، يەنە ئاتنىڭ ئىزى بىلەن مېڭىپتۇ.

مەلىكىگە كەلسەك، ئۇ مېڭىپ بىر جايغا بارسا، كارۋان ماڭىدىغان چوڭ بىر يول ئۇچراپتۇ. مەلىكە شۇ يول بىلەن مېڭىپتۇ. يولدا كارۋانلارنىڭ ئۆلۈكلىرىدىن بىرقانچىسى ئۇچراپتۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئون ياش ئەتراپىدا بىر ئوغۇل بالا سوغاقتا تىترەپ ياتقۇدەك. مەلىكە: "قاراقچىلار بۇلارنىڭ مال - مۈلكىنى بۇلاپ، بالىنىڭ ئاتىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ كەتكەن ئىكەن" دەپ ئويلاپتۇ.

مەلىكە دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ، ئوت قالاپ، ھېلىقى بالىنى ئىسسىتىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈپتۇ. ئۆزى بىر ئاتقا، بالىنى بىر ئاتقا مىندۈرۈپ يولغا راۋان بوپتۇ.

ئاشىق يولدىكى ۋەقەلەرنى كۆرۈپ، ئاتنىڭ ئىزىنى بويلاپ مېڭىۋېرىپتۇ. مەلىكە بىلەن ھېلىقى بالا يول يۈرۈپ، كەچتە بىر دەريانىڭ قېشىغا كەپتۇ. دەريا چوڭ بولغاچقا، ئۇنىڭدىن كېمە بىلەن ئۆتمىسە ئۆتۈش مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. مەلىكە ئاتتىن چۈشۈپ، قاشقا چىقىپ قارىسا دەريانىڭ بىر يېرىدە بىر كېمە تۇرغان ئىكەن. ئۇنىڭ قېشىدا كېمىچىنىڭ ئۆيى كۆرۈنۈپتۇ. مەلىكە بالىغا:

— سەن ئاۋۇ كۆرۈنگەن ئۆيگە بېرىپ كېمىچىگە، "ئاچام بىزنى ئۆتكۈزۈپ قويسۇن" دەيدۇ، دېمەي، "ئاكام بىزنى كېمىدە دەريادىن ئۆتكۈزۈپ قويسۇن" دەيدۇ، دەپ چاقىرىپ كەلگىن، — دەپتۇ. بالا كېمىچىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ:

— ئاچام "بىزنى دەريادىن ئۆتكۈزۈپ قويسۇن" دەيدۇ، — دەپتۇ. تۇت كېمىچى چىقىپ قارىسا چىرايلىق بىر مەلىكە تۇر-

غان. بۇنى كورگەن كېمىچىلەر "خۇدا بىزگە بىر پەرىزاتنى بې-
رىپتۇ" دېيىشىپ مەلىكىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا:
— ھازىر كەچ بولۇپ قالدى ھەم شامال چىقىۋاتىدۇ. بۈ-
گۈن ماڭغىلى بولمايدۇ. بۈگۈن كېچە بىزدە مېھمان بولسىلا، تاڭ
ئاتقاندا ئوتكۈزۈپ قويايلى، — دەپتۇ ۋە مەلىكىنى قونۇپ قې-
لىشقا دەۋەت قىپتۇ. مەلىكە بۇلارنىڭ غەرىزىنىمۇ چۈشىنىپتۇ.
— ناھايىتى ياخشى، — دەپتۇ مەلىكە، — مەن سىلەر-
نى دەپ ئالتە ئايدىن بېرى چولىلەرنى كېزىپ، ئوت يەپ،
يامغۇر سۈيى ئىچىپ يۈرۈپ، بۈگۈن سىلەرنى تاپتىم، مۇرادىم
ھاسىل بولىدىغان بولدى. ئەمسە ئۆيۈڭلارنى باشلاڭلار، — دەپ-
تۇ. كېمىچىلەر خوشال بولۇشۇپ، ئۆيگە باشلاپ مېڭىپتۇ. مەلىكە
ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن كېمىچىلەرگە:
— مەن ئالتە ئاي بولدى، سىلەرنى دەپ چوللەرنى كې-
زىپ ھاردىم، ئاچتىم. سىلەرنى كورۈپ ھاردۇغۇم چىقتى. مەن
ئەسلىدە گۈرۈچ تامىقىغا ئامراق ئىدىم. بۈگۈن تويىمىز بولىدۇ،
مۇرادىمىزغا يېتىمىز. سىلەر توت كىشى ئىكەنسىلەر، بىرىڭلار
توت جىڭ گۈرۈچ تېپىڭلار؛ بىرىڭلار توت جىڭ سەۋزە تېپىڭ-
لار؛ بىرىڭلار ئىككى جىڭ ياغ تېپىڭلار؛ بىرىڭلار بىر باغلام
ئوتۇن تەييارلاپ كېلىڭلار. مەن ئۆز قولۇم بىلەن بىر ئاش ئې-
تەي، بىللە يەيلى، ئاندىن باشقا ئىشلىرىمىزنى قىلايلى، —
دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ.
كېمىچىلەر خوشال بولۇشۇپ، ھەرقايسىسى ئۆزىنىڭ ۋەزىپە-
سىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن چىقىپ كېتىپتۇ. مەلىكە پۇرسەتتىن پاي-
دىلىنىپ ئات بىلەن بالىنى شۇ جايغا تاشلاپ، بوخچىسىنى ئې-
لىپ، باغلاغلىق كېمىنى يېشىپ دەريانىڭ ئاياق تەرىپىگە قاراپ
مېڭىپتۇ. توت كېمىچى لازىملىق نەرسىلەرنى ئېلىپ قايتىپ كەل-
سە بالا بىلەن ئات تۇرغان، لېكىن مەلىكە يوق. ئەتراپنى ئىز-

www.uyghurkitap.com

لەپتۇ. كېمىسىنىمۇ ئىزلەپ تاپالماپتۇ. كېمىچىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئالدانغىنىنى بىلىشىپ، ئۆزلىرىنى كاچاتلىشىپتۇ. "مەلىكە بىزنى گوللاپتۇ، بۈگۈن قوغلايلى دېسەك كەچ بولۇپ قالدى، كېمە بىر يەرگە بېرىپ لايغا پېتىپ قالدۇ. تاڭ ئاتقاندا ئاندىن قوغلايلى" دېيىشىپ يېتىپ قېلىشىپتۇ. ئەتىسى تۆت كېمىچى ئەت-راپتىكى قومۇشلۇقتىن بەش باغ قومۇشنى ئوراپ باغلاپ، ئۇنىڭ-غا مىنىپ كېمىنى ئىزلەيلى دەپ تۇرغاندا ئاشىق كېلىپ قاپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ ئىككى ئېتىنى كۆرۈپ كېمىچىدىن سوراپتۇ:

— سىلەر قەيەرگە بارىسىلەر؟

— بىر مەلىكە بىزنىڭ كېمىمىزنى ئېلىپ قېچىپ كەتتى، بىز شۇ كېمىمىزنى قايتۇرۇپ كەلگىلى بارىمىز. سەن قەيەرگە بارىسەن؟ — دەپتۇ كېمىچىلەر.

— بىر مەلىكە مېنىڭ بوخچامنى ئېلىپ قېچىپ كەتكەن، ئۇنداق بولسا مەنمۇ سىلەر بىلەن بىللە بېرىپ مەلىكىنى تېپىپ بوخچامنى قايتۇرۇپ كېلەي، — دەپ ئۇلارغا قوشۇلۇپتۇ ئاشىق. ئالتە كىشى يولغا چىقىپتۇ.

ئۇلار بىر باغدىن قومۇشقا مىنىپ دەرياغا چۈشۈپتۇ.

ئەمدى سۆزنى مەلىكىدىن ئىشىتىمىز:

مەلىكە كېمە بىلەن دەريانىڭ ئېقىشىغا قاراپ بىر كېچە يول يۈرۈپتۇ. ئەتىسى چۈش ۋاقتى بولغاندا دەريانىڭ ئاياق تەرىپىدە نۇرغۇن ئەسكەرلەرنىڭ دەريا قېشىدا تۇرغانلىقىنى كۆ-رۈپتۇ. كېمە ئەسكەرلەرگە يېقىنلىشىپتۇ. ئەسكەرلەر كېمىنى كۆر-گەندىن كېيىن دەرياغا سالغۇ تاشلاپ كېمىنى تۇتۇشقا تەييار-لىنىپتۇ. بۇنى كۆرگەن مەلىكە هامان تۇتۇلۇپ قالىدىغانلىقىنى بىلىپ ئىچىدە "سىلەرنىمۇ ئوبدان بىر ئەپلەي" دەپ ئويلاپ كېمىنى ئۇدۇل ئەسكەرلەر توپلاشقان قاشنىڭ تۈۋىگە ئەكېلىپ:

— ئەي ئەسكەرلەر، كېمىنى باغلاڭلار، — دەپتۇ. ئەس-

كەرلەر كېمىنى باغلىشىپتۇ. ئەسلىدە بۇ شەھەرنىڭ پادىشاسى قاراخان 40 مىڭ ئەسكىرى بىلەن دەريا بويىغا شىكارغا چىققان ئىكەن. مەلىكە ئۇلاردىن:

— سىلەر نىمە ئادەملەر؟ — دەپ سوراپتۇ. پادىشا:

— مېنىڭ ئىسمىم قاراخان، مۇشۇ شەھەرنىڭ پادىشاسى مەن، — دەپ ئۆزىنى ناھايىتى ماختاپتۇ. ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى بىلگەن مەلىكە:

— مەن بۇندىن ئالتە ئاي بۇرۇن چۈشۈمدە سىزنى كۆرۈپ غايىبانە ئاشىق بولغان ئىدىم. سىزنى ئىزلەپ نۇرغۇن چۆللەرنى كېزىپ، ئوت يىلتىزنى ئوزۇق، يامغۇر سۈيىنى ئۇسسۇلۇق قىلىپ، بۈگۈن سىزنىڭ دىدارىڭىزنى كۆرۈشكە نېسىپ بوپتۇ، — دەپتۇ.

— قېنى مەلىكەم، — دەپتۇ پادىشا خوشال بولۇپ، — شەھىرىمىزگە قەدەم تەشرىپ قىلىسىلا، — دەپتۇ پادىشا. مەلىكە:

— سىزنىڭ يېنىڭىزدا تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ئەركەكشى ئىكەن، بۇلار بىلەن بىللە ماڭسام نامەرەم بولىدۇ. شۇڭا سىزنىڭ مەلىكىلىرىڭىزنى يېنىمغا چىقارتىڭ، ئۇلار چىقىپ ئىززەت - ئىكرام بىلەن مېنى ئېلىپ كىرىپ كەتسۇن، — دەپتۇ. پادىشا ماقۇل بولۇپ پۈتۈن ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ شەھەرگە بېرىپ مەلىكىلىرىنى چاقىرتىپ:

— ئەي مەلىكىلەر، بۈگۈن خۇدايىم ماڭا بىر مەلىكە ئاتا قىلدى، سىلەر دەريا بويىغا چىقىپ ئۇنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن شەھەرگە ئېلىپ كىرىڭلار، — دەپ بۇيرۇپتۇ. بۇ مەلىكىلەر ئەڭ ئىسىل كىيىملىرىنى كىيىشىپ، ئۇپا - ئەڭلىكلىرىنى سۈرتۈشۈپ دەريا بويىغا چىقسا راست دېگەندەك ناھايىتى ساھىبجامال بىر مەلىكە تۇرغان، بۇلار مەلىكە بىلەن كۆرۈشۈپ، ئەھ-

ۋال سورىشىپ، مەلىكىنى شەھەرگە تەكلىپ قىپتۇ. مەلىكىمۇ ما-
قۇللۇغىنى بىلدۈرۈپتۇ.

— سىلەر بۇرۇن كېمىگە چىقىپ باققانمۇ؟ — دەپ سو-
راپتۇ مەلىكە ئۇلاردىن.

— چىقمىغان، — دەپ جاۋاپ بېرىشىپتۇ ئۇلار.

— ئۇنداق بولسا، خوتۇن خەقنىڭ كېمىگە چىقىشى بى-
بى پاتىمەنىڭ سۈننىتى، كېمىگە چىقىشسىلا، دەريانىڭ ئۇ قې-
تىغا ئۆتۈپ ساياھەت قىلىپ ئاندىن شەھەرگە كىرەيلى، —
دەپ تەكلىپ بېرىپتۇ مەلىكە.

— ماقۇل، — دېيىشىپتۇ ئۇلار ۋە كېمىگە چىقىشىپتۇ.

مەلىكە كېمىنى سۇنىڭ ئېقىشىغا قاراپ قويۇپ بېرىپتۇ.
قالغانلار بۇنى كۆرۈپ غەۋغا قىلىشقان ئىكەن، مەلىكە:

— پاراڭ سالماڭلار، ئەگەر يەنە پاراڭ سېلىپ غەۋغا
قىلىشىدىكەنسىلەر، ھەممىڭلارنىڭ كاللىسىنى ئالىمەن، — دەپ
قورقۇتۇپتۇ. مەلىكىلەر قورقۇپ جىم بولۇشۇپتۇ.

ئەمدى قاراخان پادىشاسىدىن ئىككى كەلىمە سۆز ئىشى-
تەيلى:

پادىشانىڭ شەھىرى بىلەن دەريانىڭ ئارىلىغى 25 چاقىرىم-
لىق يول ئىكەن. پادىشا مەلىكىنى ئۇزۇن كۈتۈپتۇ. بىر يەردە
ساياھەت قىلىۋاتقان بولسا كېلەر دەپ ئويلاپتۇ. كەچتە بىر ۋە-
زىرىنى بۇيرۇپتۇ. ۋەزىر دەريا بويىغا بارسا ھېچكىشى يوق. ئۇ
قايتىپ كېلىپ ئەھۋالنى پادىشاغا مەلۇم قىپتۇ. پادىشا دەرغە-
زەپ بولۇپ، ئېتىغا مىنىپ دەريا بويىغا بېرىپ قارىسا مەلىكە ۋە
كېمە يوق. پادىشا پېشانىسىگە بىرنى ئۇرۇپ، "بىر مەلىكىنى
دەپ نەچچە ئون مەلىكىدىن قۇرۇق قاپتىمەن" دەپ پۇشايمان
قىلىپ دەرياغا قاراپ ئولتۇرۇپتۇ. قارىسا دەريانىڭ باش تەرى-
پىدىن ئالتە ئادەمنىڭ بىر باغدىن قومۇشقا مىنىپ لەيلەپ كې-

لىشۋاتقىنىنى كورۇپتۇ ۋە "بەلكى شۇ مەلىكىنىڭ ئادەملىرى بولۇشى مۇمكىن، ئەگەر شۇنداق بولىدىكەن، ئاۋال بۇلارنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، ئاندىن مەلىكىنى ئىزلەپ تاپىمەن" دەپ تۇرۇشىغا ئاشىق، توت كېمىچى ۋە مەلىكە يولدا تېپىشۋالغان بالا كەپتۇ.

— سىلەر نىمە ئادەم؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشا ئۇلاردىن.

— بىر مەلىكە كېمىمىزنى قايتۇرۇپ كەلگەن ئىكەن. شۇ كېمىمىزنى ئىزلەپ كېتىپ بارىمىز، — دەپتۇ توت كېمىچى.

— مېنىڭ بوخچامنى بىر مەلىكە ئېلىپ كەتكەن ئىدى، شۇنى ئىزلەپ كەلگەن ئىدىم، يولدا بۇلارغا ئۇچراپ قوشۇلۇپ كەلدىم، ئۆزىڭىزچۇ؟ — دەپتۇ ئاشىق پادىشاغا قاراپ.

— مەن، — دەپتۇ پادىشا، — بىر شەھەرنىڭ پادىشاسى ئىدىم ...، — دەپ ئۆتكەن ۋەقەنى ئېيتىپتۇ، — مەنمۇ سىلەرگە قوشۇلۇپ مەلىكىنى ئىزلەيمەن، — دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ يەتتە كىشى يولغا چىقىپتۇ.

ئەمدى مەلىكىدىن گەپ ئاڭلايمىز:

مەلىكە قاراخان پادىشانىڭ مەلىكىلىرىنى كېمىگە سېلىپ، بىر كېچە يول يۈرۈپ، دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر ئارالغا كەپتۇ. قارىسا ئارالدا 40 نەپەر ئادەم تۇرغان ئىكەن. مەلىكە بۇلارنىڭ قاراقچى ئىكەنلىكىنى پەملەپتۇ.

— مەلىكىلەر، — دەپتۇ مەلىكە دىلسوز، — بىز قاراقچىلارغا ئۇچراپ قالدۇق. بۇلاردىن ئاسان قۇتۇلۇپ كېتەلمەيمىز. شۇڭا سىلەر مەن نىمە دىسەم شۇ بويىچە ئىش قىلىڭلار، — دەپتۇ. مەلىكىلەر ماقۇل بولۇشۇپتۇ. قاراقچىلار كېمىنى كورۇپ دەرياغا سال تاشلاپتۇ. مەلىكە كېمىنى قاراقچىلار بار جايغا ھەيدەپ بېرىپ:

— كېمىنى باغلاڭلار، — دەپ بۇيرۇپتۇ. قاراقچىلار كېمىنى باغلىشىپتۇ. مەلىكە كېمىدىن چۈشمەي تۇرۇپ:

— نېمە ئادەم سىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ.
— بىز قاراقچى. بۇلاڭچىلىق بىلەن كۈن كەچۈرىمىز، — دەپتۇ قاراقچىلار.
— بىزنىڭ مەقسىدىمىز ئەمدى ھەل بوپتۇ، — دەپتۇ مەلىكە دىلسوز ئۇلارغا، — بىز — بۇ قىرىق مەلىكىمۇ قاراقچىلىق قىلاتتۇق. بۇندىن ئالتە ئاي ئىلگىرى بىر كېچە سىلەرنى چۈشىمىزدە كورۇپ، سىلەرگە غايىبانە ئاشىق بولۇپ قالغان ئىدۇق. سىلەرنى ئىزلەپ بارمىغان تاغ، دەريا، چوللەر قالمىدى. ئىرتىپىراقىمىز كۈندىن - كۈنگە ئۇلغايدى. بۇگۈن ئاخىرى سىلەرنى تاپتۇق. مەقسىدىمىزگە ئەمدى يېتىدىغان بولدۇق. سىلەرنىڭ باشلىقىڭلار كىم؟
— مانا مەن، — دەپتۇ بىر قاراقچى خوشال بولۇپ،— ئىسمىم ئابدۇراخمان.
— ئۇنداق بولسا مەن سىزگە ئۇزەمنى قوبۇل قىلدىم. قالغىنىڭلار مۇنۇ 39 مەلىكىنى تاللاپ ئېلىڭلار، — دەپتۇ مەلىكە دىلسوز.
قاراقچىلارنىڭ ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپتۇ. ئۇلار قاراقچىلارنىڭ ئۇيىگە يىغىلىپتۇ.
— بۇگۈن بىز كىشى مۇرادىمىزغا يېتىمىز، — دەپتۇ مەلىكە دىلسوز، — توي قىلىمىز. توي دىگەننىڭ نەغمە - ناۋاسى بولىدۇ. ھاراق - شاراپ بولىدۇ. ئەنە شۇلارغا تەييارلىق قىلىڭلار.
— بولىدۇ، — دىيىشىپتۇ قاراقچىلار ۋە دەرھال ئىككى تۇڭ ھاراق كەلتۇرۇشۇپتۇ. كەچتە ھاراق ئىچىش ۋە نەغمە - ناۋا باشلىنىپتۇ.
— سىلەر، — دەپتۇ مەلىكە قالغان مەلىكىلەرگە، — قاراقچىلارغا ھاراقنى تولدۇرۇپ تۇتۇڭلار ۋە ئۇلار تۇگىمىسىپ

بولمىغىچە تازىمىدىن يانماڭلار. سىلەرگە تۇتسا چاندۇرماستىن يېڭىڭلارغا توكۇڭلار.

شۇ بويىچە پۈتۈن هاراقنى قاراقچىلارغا ئىچكۈزۈپ، ئۇلارنى مەس قىلىۋېتىپ، كېيىملىرىنى سالدۇرۇپ يالىڭاچ قىلىپ، بىرىنىڭ ئارقىسىغا يەنە بىرىنىڭ ئارقىسىنى قىلىپ ياتقۇزۇپ قويۇپ، كېيىملەرنى قىرىق مەلىكە كېيىشىپ بارلىق نەرسىلەرنى كېمىگە سېلىپ مېڭىپ كېتىپتۇ. ئەتىسى چۈش بىلەن قاراقچىلار مەستلىكتىن ئويغىنىپ بىر بىرىگە تاپا - تەنە قىلىشىپ غەزەپلىنىپ تۇرسا كېمىچىلەر باشلىق يەتتە كىشى يېتىپ كەپتۇ. ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ ئەھۋالنى ئۇقۇشۇپتۇ. ئۇلار 47 كىشى بولۇپ مەلىكىنى قوغلاپ مېڭىپتۇ.

ئەمدى گەپنى مەلىكىدىن ئاڭلايمىز:

مەلىكە 39 ئايال بىلەن قوشۇلۇپ ئەرەنچى ياسىنىپ كېمىنى ھەيدەپ دەريانىڭ سۇ ئايرىلغان جايىغا كەلگەندە يېقىن ئەتراپتا بىر شەھەر كۆرۈنۈپتۇ. ئۇلار كېمىنى شۇ جايغا باغلاپ قويۇپ، شەھەرگە كىرىپتۇ. شەھەردە چوڭ ئادەملەر يوق، ئۇششاق بالىلار ئويناپ يۈرگەن ئىكەن. بۇ شەھەردە چوڭ ئادەملەرنىڭ يوقلۇغىدىن ھەيران بولغان مەلىكە:

— بۇ شەھەرنىڭ چوڭ ئادەملىرى قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ بالىلاردىن.

— شەھرىمىزنىڭ پادىشاسى ئۆلگەن، — دەپتۇ بالىلار، — پادىشانىڭ ۋارىسى يوق، بىر دانە دۆلەت قۇشى بار ئىدى. شۇ قۇشنى بۈگۈن ئۇچۇرىدۇ. قۇش كىمنىڭ بېشىغا قونسا شۇ كىشى پادىشا بولىدۇ. شۇڭا چوڭلارنىڭ ھەممىسى قولىغا بىر پارچىدىن گۆش ئېلىپ، قۇشنىڭ ئۆز بېشىغا قونۇشىنى كۈتۈپ سايغا چىقىپ كېتىشتى. لېكىن قۇش ھېچ كىشىنىڭ بېشىغا قونماي ئۇچۇپ يۈرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

مەلىكە باشلىق ئاياللارمۇ: "بىزمۇ شۇ يەرگە بېرىپ تاماشا قىلىپ كېلەيلى" دەپ سايغا بېرىپتۇ. دەل شۇ چاغدا قۇش ئەگىپ كېلىپ، مەلىكە دىلسوزنىڭ بېشىغا قونۇپتۇ. مەلىكە قۇشنى ئۇچۇرۇۋېتىپتۇ. قۇش يەنە قايتىپ كېلىپ ئۇنىڭ ئوڭ قولىغا قونۇپتۇ. جامائەت مەلىكىنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي، قىرىق ئايالنى گىلەمگە ئولتۇرغۇزۇپ، شەھەرگە ئېلىپ كىرىپتۇ. مەلىكە دىلسوز پادىشالىق كىيىملىرىنى كىيىپ، تاجىنى تاقاپ تەختتە ئولتۇرۇپتۇ. مەلىكە ۋەزىرىگە بىر نەپەر رەسسامچى چاقىرىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. رەسسامچى قىرىق ئايالنىڭ رەسىمىنى تارتىپتۇ. مەلىكە بۇ رەسىملەرنى شەھەرنىڭ تۆت دەرۋازىسىغا ئاستۇرۇپ، رەسىمگە قاراشقا مەخسۇس ئادەم بەلگىلەپتۇ. "كىمكى رەسىمگە قاراپ بىر نەرسە دېسە، دەرھال ئېلىپ كېلىڭلار" دەپ تاپلاپتۇ.

ئەمدى ئاشىق، كېمىچى، پادىشا، 40 قاراقچىغا كېلەيلى: بۇلار مەلىكىنى ئىزلەپ كېلىپ دەريا ئاچىلىدا تۇرغان قۇرۇق كېمىنى كورۇپتۇ. "بەلكىم شەھەرگە كىرىپ كەتكەن بولۇشى كېرەك، بىزمۇ شەھەرگە كىرىپ باقايلى" دېيىشىپتۇ. ئۇلار دەريادىن چىقىپ شەھەرگە قاراپ مېڭىپتۇ. شەھەرنىڭ دەرۋازىسىغا كەلگەندە، ھېلىقى 40 ئايالنىڭ سۈرىتى ئېسىقلىق تۇرغانلىقىنى كورۇپتۇ. بۇنى كورگەن قاراقچىلار "بىزنىڭ نەرسىلىرىمىزنى ئېلىپ قاچقان يامان ئاياللارنىڭ سۈرىتى ئىكەن" دەپ چۇقان كوتىرىشكەن ئىكەن، ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئادەملەر دەرھال بۇلارنى يالاپ پادىشانىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىرىپتۇ. ئۇلار پادىشادىن قورقۇپ يەرنى سۆيۈپ تازىم قىلىشىپتۇ. مەلىكە ھەممە ئىشنى بىلگەچكە غەزەپ بىلەن: "جاللات!" — دەپ ۋاقىراپتۇ. پادىشانىڭ ئالدىغا دەرھال جاللاتلار ھازىر بوپتۇ.

— ماۋۇ 40 قاراقچىنىڭ كاللىسى ئېلىنسۇن! — دەپ بۇيرۇپتۇ پادىشا.

جاللاتلار "خوپ" دېيىشىپ، بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىشىپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كورگەن ئاشىق، پادىشا ۋە كېمىچىنىڭ قورققىنىدىن چىرايلىرى سارغىيىپ، تىترىشىپ كېتىشىپتۇ. چۈنكى بۇلار قاراقچىلارنىڭ قانداق يامان ئادەملەر ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنلىكىدىن: "بىزمۇ ئولۇمگە بۇيرۇلىدىغان بولدۇق" دەپ قورقۇشۇپتۇ. مەلىكە پادىشا قاراقچىلارنى بىر تەرەپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلاردىن سوئال سوراشقا باشلاپتۇ:

— سەن نىمە ئادەم؟ قەيەردىن كەلدىڭ؟ نىمە سەۋەپتىن بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭ؟

— مەن بىر شەھەرنىڭ پادىشاسى ئىدىم، — دەپتۇ ئۇ ئادەم، — بىر مەلىكە مېنىڭ 39 مەلىكەمنى ئېلىپ قاچقان ئىدى. شۇنى ئىزلەپ كېلىپ قالدىم.

— سەن بىر پادىشا بولۇپ تۇرۇقلۇق ئۇز شەھرىڭنى تاشلاپ خوتۇن ئىزلەپ كەلدىڭمۇ؟ سەن ئەخمەق پادىشا ئىكەنسەن، قايتىپ كېتىپ شەھرىڭنى ياخشى باشقۇرۇپ، خەلقىڭگە زۇلۇم سالمىغىن. باشقىلارغا خوتۇن ئىزلەپ ياقا يۇرتقا باردىم، دىمە، ئۇزەڭگە ئاھانەت بولىدۇ. سەن بىزنىڭ شەھرىمىزگە كېلىپ قاپسەن. ئەگەر باشقا سەۋەپ بىلەن كەلگەن بولساڭ كاللاڭنى ئالاتتىم. مېھمانلىق ھورمىتىڭ ئۇچۇن ساڭا 39 ئەسكەر قوشۇپ بېرىمەن. ئۇلار سېنى مۇھاپىزەت قىلىپ ئاپىرىپ قويىدۇ، — دەپتۇ.

مەلىكە پادىشا 39 مەلىكىنى ھەربىچە ياساپ، 40 خېچىرغا يىمەكلىك ئارتىپ، 40 ئاتنى مىنىشكە تەييارلاپتۇ. خوتۇنلارغا: "ئوز شەھرىڭلارغا بارغاندا تونۇشۇۋېلىڭلار" دەپ يولغا سالپتۇ. ئاندىن كېمىچىنى چاقىرىپ نىمە ئۇچۇن كەلگەنلىكىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سورىغان ئىكەن، ئۇلارمۇ بىر مەلىكىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ كېمىسىنى ئېلىپ قاچقانلىقىنى ۋە شۇ كېمىسىنى ئىزلەپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ.

— سىلەر ئۆز كېمەڭلارنى ئىزلەپ كەلگەن بولساڭلار غەزىنىچى تىللا بەرسۇن، قايتىپ بېرىپ كېمەڭلارنى ياسىتىۋېلىڭلار، — دەپتۇ ۋە غەزىنىچىدىن ئون تىللا ئېلىپ بېرىپتۇ. بۇلارمۇ پادىشانىڭ غەزىنىگە قالماي ئامان - ئېسەن قايتقانلىقى ئۈچۈن خوشال بولۇشۇپتۇ.

ئەمما مەلىكە ئاشىقنى دەرھال قاماپ قويۇشنى بۇيرۇپتۇ. كەچتە پادىشا ۋەزىرگە سالامەتلىكىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى ئېيتىپتۇ ۋە پۇت - قوللىرىنى تۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئاشىق تېپىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. ۋەزىر كوچىغا چىقىپ ئۇيان ئىزلەپ، بۇيان ئىزلەپ بىرمۇ ئاشىق تاپالماپتۇ - دە، پادىشاغا:

— پادىشا ئالىيلىرى، بۈگۈن كەچ بولۇپ قالغاچقا ئاشىق تاپالمىدىم. ئەتە تاڭ ئاتقاندا تېپىپ كىرىشىمگە ئىجازەت بەرسىلە! — دەپتۇ.

— ياق، پۇتلىرىم كويۇشۇپ كېتىۋاتىدۇ، — دەپتۇ پادىشا، — قاماقخانىدىكى ئاشىقنى بولسىمۇ چاقىرىپ كىرگىن. شۇ بۈگۈنچە پۇتۇمنى تۇتۇپ قويسۇن.

ۋەزىر پادىشانىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئاشىقنى كەلتۈرۈپتۇ. ئاشىق پادىشانىڭ ھوزۇرىغا كىرىپ: "بۈگۈن ئەجىلىم يەتكەن ئوخشايدۇ" دەپ ئويلاپتۇ ۋە قورقۇپ كېتىپتۇ. پادىشا ۋەزىرنى قايتىشقا بۇيرۇپ، ئاشىق بىلەن ئۆز خانىسىدا يالغۇز قاپتۇ. ۋەزىر چىقىپ كەتكەندىن كېيىن مەلىكە پادىشا ئاشىقنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىنى، نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى سوراپتۇ.

— پادىشا ئالىيلىرى، — دەپتۇ ئاشىق، سىلىنىڭ شەھەرلىرىگە رىسقىم چۈشۈپ كېلىپ قالدىم.

— سىنىڭ شەھىرىڭدە كىشىلەر ئاشىققا نان بەرەمدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشا.

— بېرىدۇ. لېكىن رىسقىم چۈشكەنلىكى ئۈچۈنلا كەلدىم، — دەپلا تۇرۇۋاپتۇ ئاشىق. پادىشا قايتا-قايتا سورىسىمۇ شۇ گېپىدە چىڭ تۇرۇۋاپتۇ. پادىشا ئاشقىنى يەنە ئۆز ئورنىغا سولاپ قويۇشنى بۇيرۇپتۇ.

تاڭ ئېتىش بىلەن ۋەزىر پادىشادىن ئەھۋال سوراشقا كىرىپتۇ.

— ياخشى بولۇپ قالدىم، ھېلىقى ئاشقىنىڭ قولى يەڭگىل ئىكەن. ئەمما كىيىم-كېچەكلىرى سېسىق پۇرايدىكەن. بۈگۈن ئاشقىنى يۇيۇندۇرۇپ، باشلىرىنى چۈشۈرۈپ، كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇڭلار، — دەپتۇ.

كەچتە پادىشا يەنە ئاشقىنى چاقىرتىپتۇ. مەلىكە يېتىپ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ پۇت-قوللىرىنى تۇتۇشقا بۇيرۇپتۇ. يەنە بۇرۇنقىدەك ئەھۋال سوراپتۇ. ئاشىق يەنە بۇرۇنقىدەكلا جاۋاپ بېرىپتۇ ۋە پادىشانىڭ پۇت-قوللىرىنى يۇمشاق تۇتۇپتۇ. مەلىكە ئاشقىنىڭ قولىنى ئاستا ئۆزىنىڭ كوكسىگە ئاپىرىپتۇ. ئاشىق ئەندىكىپ كېتىپتۇ. چۈنكى پادىشانىڭ كوكسىنى تۇتۇپ تاشلاپتۇ-دە، دەرھال قولىنى تارتىۋاپتۇ. مەلىكە پادىشا ئۆزىنىڭ سىرتقى كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ، ئاياللچە كىيىملىرىنى كىيىپ ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپتۇ. ئاشىق ئۆز كوزىگە ئىشىنەلمەي قاپتۇ. ئۆز مەلىكىسىنىڭ پادىشا بولغاندىمۇ ئۆزىنى ئۇنتۇماي ئىزلەپ تاپقانلىقىدىن چەكسىز خوشال بوپتۇ.

مەلىكە ئاشىق بىلەن بولغاندىن كېيىن يەنە ئۆزىنى ئاشكارىلىماپتۇ. پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە قىرىق كۈن زىياپەت بېرىپ ئاخىرىدا مۇنداق جاكالاپتۇ:

— خالايىقلار! مەن ئەسلىدە ئايال. مېنىڭ ئېرىم بىر پا-

دىشانىڭ شاھزادىسى ئىدى. ئۈچ يىل بولدى، توت يۈز خىچىر بىلەن سودىگەرلىككە كەتكەن ئىدى. مانا بۈگۈن قايتىپ كەلدى. ئەگەر ئىختىيار قىلساڭلار، بىزگە رۇخسەت قىلساڭلار، بىز قايتىپ كەتسەك. ئەگەر ئىختىيار قىلمىساڭلار مېنىڭ ئورنۇمغا مۇشۇ شاھزادە پادىشا بولسۇن، — دەپتۇ. خالايىق: "ئۆزلىرىمۇ پادىشاھىمىز، ئەرلىرىمۇ پادىشاھىمىز بولسۇن" دېيىشىپتۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئامان - ئېسەن يۈز كۆرۈشكەنلىكىنى تەبرىكلىشىپتۇ. بۇ ئىككىيلەن پادىشا بولۇپ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە يۇرتىنى ئادىللىق بىلەن سوراپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

# غايىپ ئىنكا

بار ئىكەن - يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەن - توق ئىكەن، قەدىمقى زاماندا چىن ماچىن شاھىرىدە بىر پادىشا ئۆتۈپتىكەن. بۇ پادىشانىڭ ئۈچ ئوغلى بولۇپ، ئۇسۇپ يىگىت بولۇپ ۋايىغا يېتىپتۇ. ئويلەپ قوياي دىسە ئوغۇللىرىنىڭ كوڭلىدە دادىسى تاللىغان قىزلار زادى ياقماپتۇ. پادىشا ئوغۇللىرىنىڭ ئىختىيارىغا قويسا ئوغۇللىرى ئوزلىرىگە لايىق تېپىشالماپتۇ. پادىشا ئاخىرى شەيخۇل ئىسلام جاناپلىرىنىڭ "ئىنكا غايىپ" دىگەن پەتىۋاسىغا رىئايە قىلماق بوپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئوغۇللىرىنى راۋاق ئۈستىگە ئېلىپ چىقىپ ھەر بىرىنىڭ قولىغا ئوقيا تۇتقۇزۇپ.

— قېنى ئوغۇللىرىم! سىلەر ئوقنى كوڭلۈڭلار تارتقان تەرەپكە ئېتىڭلار، كىمنىڭ ئوقى كىمنىڭ ئوگزىسىگە چۈشسە، شۇنىڭ قىزىنى ئېلىپ بېرىمەن، — دەپتۇ.

چوڭ ئوغلى ئوقنى ئۇلۇشكۈن كېچە ئۇزىنى ئويىدە راسا مېھمان قىلغان زەرگەر كوچىسىدىكى چوڭ سەرراپنىڭ ئوگزىسىگە قارىتىپ ئېتىپتۇ. ئوتتۇرانچى ئوغلى بىر ھازا تۇرۇپ كېتىپتۇ. دادىسى ھەدەپ قىستاۋەرگەندىن كېيىن، ئاۋغان كوچىسىدىكى بىر سودىگەرنىڭ چىرايلىق بالىخانىسى تەرەپكە تەۋەككۇل قىلىپ ئېتىپتۇ. كىچىك ئوغلى بولسا كوزىنى يۇمۇپ تۇرۇپ، ئوقنى ئاسمانغا قارىتىپ ئېتىپتۇ. كوزىنى ئېچىپ قارىسا ئاسمانغا ئورلەپ كېتىۋاتقان ئوق بىردىنلا ئوردا شەھىرىنىڭ شىمال تەرىپىگە بۇرۇلۇپ كوزدىن غايىپ بوپتۇ. پادىشا ھەم ئوردا ئەھلى ياقىلىرىنى چىشلىشىپ "سۇبھانئاللا" دەپ قاپتۇ. پادىشا ئوغ-

لمىغا ئۆزىچە تەسەللى بەرگەندەك قىلىپ:

— كوزۇگىنى يۇمىماي تۇرۇپ يەنە بىر ئات! — دەپ بۇيرۇپتۇ. كىچىك ئوغلى:

— ئاتا، ئۇزلىرى «ئىككا غايىپ» دىگەن ئىدىسىلە. ئاتقان ئوقۇم غايىپ بولدى، ئەمدى مەن ئۇنى تاپمىسام بولماس؟ — دەپتۇ.

پادىشا ئوغلىنىڭ سوزىنى ئورۇنلۇق دەپ بىلىپ، ئوقنى ئىزلەشكە ئىجازەت بىرىپتۇ. پادىشانىڭ كىچىك ئوغلى شەھەرلەرنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، يۇرت - مەھەللىلەرنى ئارىلاپ، چوڭ دەريانى بويلاپ ئۇزۇن يول يۇرۇپتۇ، يول يۇرسىمۇ مول يۇرۇپتۇ. مىنگەن ئىتى ھالىدىن كىتىپ يىقىلغاندا بىر تاغ باغرىغا كىلىپ قاپتۇ. قارىسا بىر كوكۇش توشقان ئوقنى غاجىلاپ ئويناپ تۇرغىدەك. يىگىت توشقانغا قاراپ ماڭغان ئىكەن، توشقان ئوقنى چىشلىگەن پىتى قىچىپتۇ. يىگىت ھەيران بولغان ھالدا توشقاننىڭ كەينىدىن قوغلاپتۇ، توشقان يىگىتنىڭ ئالدىدا يۇگۇرۇپ بىرىپ تاغدىكى بىر كامارغا كىرىپ كىتىپتۇ. يىگىت ھىلىقى كامارغا ئىگىشىپ قارىغاندەك بوپتۇ - يۇ، قانداقلارچە ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ قالغىنىنى تۇيماي قاپتۇ. ھىچقانداق بىر يىرى ھىچ يەرگىمۇ تاقاشماپتۇ. ئۇ ئالدىغا قاراپ خېلى ماڭغاندىن كىيىن، ئويلىمىغان يەردىن ئاجايىپ يوپ - يورۇق، گۈزەل، كاتتا باققا كىرىپ قاپتۇ. باغنىڭ ئىچىدىكى ئېرىقلاردا سۈپ - سۈزۈك كۈمۈش سۇلار شاقىراپ ئېقىپ تۇرغان، تۈمەن خىل گۈللەر خۇش پۇراق تارقىتىپ تۇرغان، مىۋە - چىۋىلەر شاخلىرىنى كوتىرەلمەي مەي باغلاپ پىشىۋاتقان، ھەر خىل رەڭدىكى قۇشلار، بۇلبۇللار خۇش ئاۋازدا سايرىشىۋاتقان ئىكەن. يىگىت ھەيران قىلىپ، ئەتراپقا قاراپتۇ. ھىچكىم يوقمىش. بەك ئۇسساپ كەتكەنلىكتىن، ئېرىققا قولىنى سالغان ئىكەن، سۇغا قولى يەت-

## غايىپ ئىنكا

بار ئىكەنۇ - يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەنۇ — توق ئىكەن، قەدىمقى زاماندا چىن ماچىن شاھىرىدە بىر پادىشا ئۆتۈپتىكەن. بۇ پادىشانىڭ ئۈچ ئوغلى بولۇپ، ئۇسۇپ يىگىت بولۇپ ۋايىغا يېتىپتۇ. ئۇيلەپ قوياي دىسە ئوغۇللىرىنىڭ كۆڭلىدە دادىسى تاللىغان قىزلار زادى ياقماپتۇ. پادىشا ئوغۇللىرىنىڭ ئىختىيارىغا قويسا ئوغۇللىرى ئۆزلىرىگە لايىق تېپىشالماپتۇ. پادىشا ئاخىرى شەيخۇل ئىسلام جاناپلىرىنىڭ "ئىنكا غايىپ" دىگەن پەتىۋاسىغا رىئايە قىلماق بوپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئوغۇللىرىمنى راۋاق ئۈستىگە ئېلىپ چىقىپ ھەر بىرىنىڭ قولىغا ئوقيا تۇتقۇزۇپ:

— قېنى ئوغۇللىرىم! سىلەر ئوقنى كۆكلۈكلار تارتقان تەرەپكە ئېتىڭلار، كىمنىڭ ئۆگزىسىگە چۈشسە، شۇنىڭ قىزىنى ئېلىپ بېرىمەن، — دەپتۇ.

چوڭ ئوغلى ئوقنى ئۈلۈشكۈن كېچە ئۆزىنى ئۆيىدە راسا مېھمان قىلغان زەرگەر كوچىسىدىكى چوڭ سەرراپنىڭ ئۆگزىسىگە قارىتىپ ئېتىپتۇ. ئوتتۇرانچى ئوغلى بىر ھازا تۇرۇپ كېتىپتۇ. دادىسى ھەدەپ قىستاۋەرگەندىن كېيىن، ئاۋغان كوچىسىدىكى بىر سودىگەرنىڭ چىرايلىق بالىخانىسى تەرەپكە تەۋەككۈل قىلىپ ئېتىپتۇ. كىچىك ئوغلى بولسا كۆزىنى يۇمۇپ تۇرۇپ، ئوقنى ئاسمانغا قارىتىپ ئېتىپتۇ. كۆزىنى ئېچىپ قارىسا ئاسمانغا ئۆرلەپ كېتىۋاتقان ئوق بىردىنلا ئوردا شەھىرىنىڭ شىمال تەرىپىگە بۇرۇلۇپ كۆزدىن غايىپ بوپتۇ. پادىشا ھەم ئوردا ئەھلى ياقىلىرىنى چىشلىشىپ "سۇبھانئاللا" دەپ قاپتۇ. پادىشا ئوغ-

لىغا ئوزىچە تەسەللى بەرگەندەك قىلىپ:

— كوزۇكىنى يەممەي تۇرۇپ يەنە بىر ئات! — دەپ بۇيرۇپتۇ. كىچىك ئوغلى:

— ئاتا، ئۆزلىرى "نىكا غايىپ" دېگەن ئىدىلە. ئاتقان ئوقۇم غايىپ بولدى، ئەمدى مەن ئۇنى تاپمىسام بولماس؟ — دەپتۇ.

پادىشا ئوغلىنىڭ سۆزىنى ئورۇنلۇق دەپ بىلىپ، ئوقنى ئىزلەشكە ئىجازەت بېرىپتۇ. پادىشانىڭ كىچىك ئوغلى شەھەر-لەرنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، يۇرت - مەھەللىلەرنى ئارىلاپ، چوڭ دەريانى بويلاپ ئۆرۈن يول يۈرۈپتۇ، يول يۈرسىمۇ مول يۈ-رۈپتۇ. مىنگەن ئېتى ھالىدىن كېتىپ يىقىلغاندا بىر تاغ باغرى-غا كېلىپ قاپتۇ. قارىسا بىر كوكۇش توشقان ئوقنى غاجىلاپ ئويناپ تۇرغىدەك. يىگىت توشقانغا قاراپ ماڭغان ئىكەن، توش-قان ئوقنى چىشلىگەن پېتى قېچىپتۇ. يىگىت ھەيران بولغان ھال-دا توشقاننىڭ كەينىدىن قوغلاپتۇ، توشقان يىگىتنىڭ ئالدىدا يۈگۈرۈپ بېرىپ تاغدىكى بىر كامارغا كىرىپ كېتىپتۇ. يىگىت ھېلىقى كامارغا ئەگىشىپ قارىغاندەك بوپتۇ - يۇ، قانداقلارچە ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ قالغىنىنى تۇيماي قاپتۇ. ھېچقانداق بىر يېرى ھېچ يەرگىمۇ تاقاشماپتۇ. ئۇ ئالدىغا قاراپ خېلى ماڭغاندىن كېيىن، ئويلىمىغان يەردىن ئاجايىپ يوپ - يورۇق، گۈزەل، كاتتا باققا كىرىپ قاپتۇ. باغنىڭ ئىچىدىكى ئېرىقلاردا سۈپ - سۈزۈك كۈمۈش سۇلار شاقىراپ ئېقىپ تۇرغان، تۈمەن خىل گۈللەر خۇش پۇراق تارقىتىپ تۇرغان، مېۋە - چېۋىلەر شاخلىرىنى كوتىرەلمەي مەي باغلاپ پىشۋاتقان، ھەر خىل رەڭدىكى قۇش-لار، بۇلبۇللار خۇش ئاۋازدا سايرىشىۋاتقان ئىكەن. يىگىت ھەي-ران قېلىپ، ئەتراپقا قاراپتۇ. ھېچكىم يوقمىش. بەك ئۇسساپ كەتكەنلىكتىن، ئېرىقتا قولىنى سالغان ئىكەن، سۇغا قولى يەت-

مەپتۇ. تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، سۇغا ئېگىشىپ ئىچمەكچى بولغان
ئىكەن، ھەر قانچە قىلىپمۇ يەنە سۇ ئىچەلمەپتۇ. يىگىت ئورنىدىن
تۇرۇپ، مەي باغلاپ پىشقان ئالمىلارغا قول سۇنغان ئىكەن،
ئىلگىرى يەرگە تېگەي دەپ قالغان ئالمىلار مۇككىدە ئېگىز كو-
تىرىلىۋاپتۇ-دە، قولى يەتمەپتۇ. ھەتتا بۇلبۇللارمۇ خۇش ئاۋازدا
سايرىمايدىغان بوپتۇ. يىگىت باغ يوللىرىنى ئارىلاپقىنا ماڭغان
ئىكەن، بىر ھەشەمەتلىك ئالتۇن دەرۋازىدىن ئوتكەندىن كېيىن،
ئالدىنقى باغدىنمۇ ھەيۋەتلىك ھەم گۈزەل بىر باققا دۇچ كې-
لىپتۇ. گۈللۈكنىڭ ئوتتۇرىسىدا خىلمۇ - خىل نۇرلار بىلەن
تاۋلىنىپ تۇرغان ئالتۇن، مەرۋايىت، قاشتېشى، گوھەرلەر بىلەن
بېزەلگەن بىر راۋاقنى كورۇپتۇ. يىگىت يېقىن بېرىپ شۇنداق قا-
رىشى بىلەنلا تۇرغان يېرىدە قېتىپلا تۇرۇپ قاپتۇ. كوزلىرىنى
قايتا - قايتا ئۇۋۇلاپتۇ، چۈنكى راۋاق ئۈستىدە شۇنداق بىر
گۈزەل قىز يېتىپتۇكى، ئۇ، نۇر ھەم رەڭدىن يارالغاندەكلا ئى-
كەن. قاپ - قارا سۇمبۇل چاچلىرى ئۇنىڭ ئەۋرىشىم بويلىرىغا
يوگىشىكەن، يۇمران لەۋلىرىنىڭ ئەمدىلا ئېچىلىۋاتقان ئەتىر گۈل-
دىن پەرقى يوق ئىكەن. يىگىتنىڭ كوزى ئىككىنچى قېتىم قىز-
نىڭ بىر كوتىرىلىپ - بىر پەسىيىپ تۇرۇۋاتقان سىرلىق كوك-
سىگە چۈشۈش بىلەنلا ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپ چۈشۈشكە ئاران-
ئاران قاپتۇ. قىزغا ئۈچىنچى قېتىم شۇنداق نەزەر سالغۇدەك
بولسا، ئۇزى ئاتقان ئوق قىزنىڭ يۇمران قولىدا تۇرغانلىقىنى
كورۇپتۇ. يىگىت بۇنىڭغا ھەيران بوپتۇ. بۇ ئارىدا قىز ئويغىنىپ:

— سىز كىم بولىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

يىگىت ئەھۋالنى بايان قىپتۇ. قىز يىگىتنىڭ سوزىنى
ئاڭلاپ:

— سىز ئوقنى نىمە ئۈچۈن كوزىڭىزنى يۇمۇپلا ئاسمانغا
ئاتقان ئىدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— چۈنكى، — دەپتۇ يىگىت، — مەن لايىق مەسلىسەبە كۆڭلۈمنى زادىلا توختىتالمىغان ئىدىم. شۇڭا ئوقنى تەۋەككۈل دەپ كۆزۈمنى يۇمۇپ ئاسمانغا قويۇۋەتكەن.

قىز كۈلۈمسىرەپ ئوقنى يىگىتكە بېرىپتۇ. يىگىت بولسا كۆزلىرىنى قىزنىڭ نۇر يېغىپ تۇرغان ئوتتلۇق كۆزلىرىدىن زادى ئۈزەلمەپتۇ. قىز بىر چاۋاك چالغان ئىكەن، بىر-بىرىدىن گۈزەل قىزلار نازۇ-نېمەتلەرنى كۆتۈرۈشۈپ كىرىپتۇ. قىز قولىدىكى ئۈزۈكنى ئېلىپ، يىگىتنىڭ بارمىقىغا سېلىپ قويۇپتۇ. يىگىت ئۆيىردە ھېچقاچان كۆرۈپ باقمىغان داغدۇغىلىق شېرىن زىياپەتكە مۇيەسسەر بوپتۇ. يىگىت زۇمرەت قەدەھلەردىكى قىزىل شەپەقتەك تاۋلىنىپ تۇرغان مەيلەرگە ھەۋەس بىلەن بېقىپتۇ. لېكىن بۇنى ئىچسەم، بەلكى يەنە ئاغزىمغا چىقماسلىقى مۇمكىن" دەپ ئويلىنىپ قاپتۇ. قىز غىزاغا تەكلىپ قىپتۇ. يىگىت سۇ ئىچەلمىگەن، ئالما ئۈزەلمىگەن ئەھۋالىنى قىزغا بايان ئېتىپتۇ. قىز كۈلۈپ:

— سىز ئەسلىدە بۇ جاينىڭ ئادىمى بولمىغانلىقىڭىز ئۈچۈن، سۇلار سىزنى ئىچكۈزمىگەن، ئالمىلار سىزنى ئۈزگۈزمىگەن، بۇلبۇللارمۇ سايراپ بەرمىگەن، مانا ئەمدى قولىڭىزغا ئۈزۈك سېلىپ قويدۇم، ئەمدى سىز بىزگە رەسمىي مېھمان، — دەپتۇ.

يىگىت بىلەن قىز چۈشتىن تارتىپ كۈن پاتقىچە، ئاخشامدىن تارتىپ تاڭ ئاتقىچە زىياپەتتە ئولتۇرۇپ نەغمە-ناۋا ئاڭلاپ، شېرىن سۆھبەتلەرنى قىلىپتۇ، يىگىت سۆز ئارىسىدا ئوقنىڭ قانداق قىلىپ قىزنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى سوراپتۇ. قىز:

— مېنىڭ ئاتام دېۋە، ئانام بولسا ئىران شاھىنىڭ قىزى، مەن ئاتام بىلەن ئانامنىڭ بىردىن-بىر پەرزەنتى. سىز ئوقنى ئاتقان كۈنى مەن قىزلار بىلەن كۆئېنلۇن تېغىدىكى چوڭ ئانامنىڭ ئوردىسىدىن قايتىپ كېلىۋاتاتتىم، قارىسام ئوق



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دەل مېنىڭ ئالدىمغىچە ئۇرلەپ چىقتى. سىزنى كوردۇم، كوڭلۇم سۆيۈندى. شۇنىڭ بىلەن ئوقنى بۇ ئوردىغا ئېلىپ كېلىپ، سىزنى كۈتكەن ئىدىم، — دەپتۇ.

— ئاتا - ئانىڭىز قەيەردە؟ — دەپ سوراپتۇ يىگىت.

— سىز مېنى توغلاپ كەلگەن تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدە، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ قىز. بۇ ئىككى ئاشىق - مەشۇق كۆڭلەرنىڭ قانداق ئۆتكەنلىگىنى بىلەلمەپتۇ، شېرىن سوزلىرى تۈگىمەپتۇ، بىر بىرسىگە بولغان مېھرى - مۇھەببىتى خۇددى قاينار بۇلاققا ئوخشاش ئۇرغۇپ كۆچىيىپتۇ. بىر كۈنى يىگىت مەلىكىگە:

— ئەي مەلىكەم! يۇرتۇمدىن چىققىنىمغا يېرىم يىل بولاي دەپ قاپتۇ، ئەزىز ئاتام، مېھرىۋان ئانامنىڭ ھالى نىچۇك، بىر كورۇپ كەلسەك، — دەپتۇ. قىز بۇنىڭغا ماقۇل بوپتۇ، لېكىن:

— مەن ھازىرچە ئايال جەمەتلىرىدىن باشقىلارغا مۇشۇ بويىچە كورۈنۈش قىلمەن، باشقىلارنىغا مايمۇن سۇرىتىدە كورۇنىمەن، — دەپتۇ. يىگىت:

— تويىدىمۇ مايمۇن سۇرەتتە بولامسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ياق، — دەپتۇ قىز، — ئۇ چاغدا ئاتا - ئانامنىڭ رازىلىغىنى ئالساق ئۇنداق قىلىش ھاجەتسىز.

يىگىت قىزنىڭ شەرتىگە كونۇپتۇ.

ئىككىسى يولغا چىقىپتۇ. تاڭ سەھەردىلا چىن ماچىن ئوردا شەھىرىنىڭ دەرۋازىسىغا يېتىپ كەپتۇ، پادىشانىڭ كەنجى ئوغلىنى بىلىدىغانلار يىگىتنىڭ بۇ ھالدا سەپەردىن يېنىشىغا ھەيران قاپتۇ. ئايغاقچىلار دەررۇ پادىشاغا خەۋەر قىپتۇ، پادىشا ھەم ئوردا ئەھلى يدنە بىر قېتىم ‹‹سۇبھانئاللا›› دەپ ياقىلىرىنى چىشلەپ كوزلىرىنى پاقىرىتىشىپ قاراپ قاپتۇ.

پادىشا ئوغلىنى ئايرىم چاقىرىپ:

— ئوغلۇم ساق - سالامەت كەپسەن. مۇبارەك بولسۇن!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لېكىن سەن ئالىدىغان خوتۇن قېنى؟ كۆرۈنمەيدىغۇ؟ — دەپتۇ.

— ئالىدىغان خوتۇنۇم ھېلىقى مايمۇن، ئاتا، — دەپتۇ يىگىت.

پادىشانىڭ كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كېتىشكە تاس قاپتۇ. شۇ چاغدا يىگىت:

— ئۇلۇغ ئاتا، بۇنىڭغا ئانام بىر نېمە دېسۇن، — دەپتۇ. پادىشا ئايالىنى چاقىرتقان ئىكەن، ئايالى:

— شاھ ھەزرەتلىرى سۆيۈنچە بېرىڭ! سۆيۈنچە بېرىڭ! — دەپ كىرىپتۇ، پادىشا ھەيران بولۇپ:

— نېمىگە سۆيۈنچە؟ — دەپ سوراپتۇ.

— پادىشا ھەزرەتلىرى، — دەپتۇ ئايالى، — ئوغلىڭىزنىڭ ئېلىپ كەلگىنى مايمۇن سۈرىتىدىكى پەرىزات ئىكەن. ماڭا كۆرۈنۈش قىلدى.

پادىشا بۇنى ئاڭلاپ دەرھال بولغۇسى كېلىنىنى كۆرمەكچى بولغان ئىكەن، ئايالى قىزنىڭ شەرتىنى ئېيتىپ، سەۋرى قىلىپ تۇرۇشىنى ئۆتۈنۈپتۇ. پادىشا ماقۇل بوپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي يۇرت ئىچىدە "پادىشانىڭ ئوغلى ئاجايىپ گۈزەل بىر پەرىزاتقا ئۆيلىنىدىغان بوپتۇ" دېگەن خەۋەر پۇر كېتىپتۇ، چوڭ مەنسەپدارلارنىڭ ئاياللىرى، قىزچاقلىرى پەرىزاتنى كۆرۈش ئۈچۈن توپ-توپ بولۇشۇپ، ئەڭ ئېسىل دۇنيالىرىنى سوغا قىلىپ، مۇبارەكلەپ كېلىشكە باشلاپتۇ. لېكىن قىز پەقەت يىگىتنىڭ ئايال جەمەتلىرىگىلا كۆرۈنۈش قىلىپ، باشقىلارغا مايمۇن سۈرىتىدە كۆرۈنىدىكەن. نەتىجىدە، كەلگەنلەرنىڭ بەزىلىرى مايمۇننىڭ ئەسلى پەرىزات ئىكەنلىكىگە ئىشەنسە، بەزىلىرى شەك كەلتۈرۈپتۇ. يىگىتنىڭ ئانىسى بۇنى ئاڭلاپ بەك خاپا بوپتۇ. بىر ئامال قىلىپ مەشھۇر پەرىزات كېلىنىنى دوست-دۈشمەنگە بىر كۆرسىتىپ، ئۆزىنى بىر تونۇتۇپ قويغىسى كەپتۇ، بىراق ھەر قانچە

قىلسىمۇ قىز بۇنىڭغا زادى كۆنمەپتۇ. يىگىتمۇ ئانىسىدىن شىدىتىنى بوزماسلىقنى شۇنچە يالۋۇرۇپ سوراپتۇ. ئانا ئاغزىدا "ماقۇل" دەپ قويغان بولسىمۇ، لېكىن كۆڭلىدە: "قېنى، ئەپلىك بىر پەيت كەلسۇنچۇ، نېمە قىلىشىمنى ئۆزەم بىلىمەن" دەپ ئويلاپ يۈرۈپتۇ.

بىر كۈنى پەرىزات ئۆزىنىڭ مايمۇن نىقاۋىنى سىرتىمىكى ئۆيگە سېلىپ قويۇپ ئىچكىرىكى ئۆيدە يۇيۇنۇۋاتقان ئىكەن، پۇرسەتنى غەنىمەت بىلگەن ئانا قىزىنىڭ نىقاۋىنى ئوچاقتا گۈ-كىرەپ كۆيۈۋاتقان ئوتقا تاشلىۋېتىپتۇ. بۇ چاغدا ھېلىقى نى-قاپتىن چىققان ئىس - تۈتەك ئالەمنى قاپ - قاراڭغۇچىلىققا توشقۇزۇۋېتىپتۇ.

پەرىزات قىز ئىچكىرىكى ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ قارىغى-دەك بولسا نىقاۋى ئاللىقاچان بىر سىقىم كۈلگە ئايلىنىپ بول-غان ئىكەن.

— ئاھ، — دەپتۇ پەرىزات، — يامان قىلدىڭلا ئانىكا، مېنىڭ مايمۇن سۈرەتلىك نىقاۋىمنىڭ ئىس - تۈتەكلىرى ئاتا - ئانامنىڭ دىمىغىغا يېتىپ بارغان ھامان، ئۇلار مېنى ئىزلەپ كېلىدۇ. كۆردىلىمۇ، ئەنە ئۇلارنىڭ غاقىراپ ئۇچۇۋاتقان ئاۋازى قۇلىقىمغا ئاڭلىنىۋاتىدۇ. ئۇلار بۇ يەرگە كەلسە ئوقۇشماسلىق تۇ-پەيلىدىن ھەر قايسىلىرىغا خېيىم - خەتەر يەتكۈزۈپ قېلىشى مۇمكىن، شۇڭا مەن ئاتا - ئانىلىرىمنىڭ ئالدىغا تېزرەك باراي. ئوغۇللىرىغا ئېيتىپ قويارلا، ئۇنىڭ ماڭا بولغان مۇھەببىتى راست بولسا ئارقامدىن ئىزلەپ بارغاي، خەير ...

پەرىزات قىز شۇنداق دەپتۇ - دە، بىر يۇمۇلىنىپ كۆك كەپتەرنىڭ سۈرىتىگە كىرىپتۇ، ئاندىن ئۆيىنىڭ تۈڭلۈكىدىن "پۇر" قىلىپلا ئۇچۇپ چىقىپ كۆزدىن غايىپ بوپتۇ.

يىگىت دەم ئۆتمەيلا پەيدا بولۇپ ئۆيگە كىرىپ قارىسا

پەرىزات كۆرۈنمەپتۇ. ئۇ ئانىسىنىڭ قېشىغا كىرىپ "پەرىزات قېنى؟" دەپ سوراپتىكەن، ئانىسى كاللىسۇۋاشلىرىغا ئۆرۈپ يىغلىغان پېتى ئەھۋالنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

يىگىت ئايرىلىش ئازاۋىدىن بىر ئاھ ئۇرغان ئىكەن، ئۇنىڭ ئاھى يەتتە قات ئاسماننى، يەتتە قات زېمىننى تىترىتىپتۇ. يىگىت شۇندىن باشلاپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىسىدە، كۆز كېچىسىنىڭ بىر ئايدىڭ ئاخشىمىدا، يىگىت تۇساتتىن قىزنىڭ يىغا ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بوپتۇ ـ دە، ئىختىيارسىز ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە مېڭىۋېرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۆردىدىن چىقىپ، قەلئەدىنمۇ چىقىپ دەريا بويىلاپ كېتىۋېرىپتۇ، دەريا ئارقىسىدا قاپتۇ. پايانسىز قۇملۇق ئىچىگە كىرىپ قاپتۇ. يىگىت ئۇسسۇزلۇقتا ھالسىزلىنىشقا باشلاپتۇ. قارىغۇدەك بولسا بىر دۆڭنىڭ ئارقىسىدىن ئىس كۆتۈرۈلۈپتۇ، شۇنىڭغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئىشىكىمۇ يوق ۋەيرانە، سۇرلۇك بىر ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپتۇ. ئۆينىڭ ئىچىدىن پىشانىسىدە پەقەتلا بىر كۆزى بولغان ئالامەت قورقۇنچلۇق بىر بەتبەشرى چىقىپ، يىگىتكە:

— ياخشى يىگىت! ئۆز ئايىغىڭ بىلەن كەپسەن، مەرھەمەت قىلىپ ئىچكىرى كىرگىن، — دەپتۇ. يىگىت ھېلىقى بىر كوزلۇكنىڭ ئارقىسىدىن ئۆيگە كىرىپ قارىسا، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا گۈلخان يېقىلغان بولۇپ، بىر تەرىپىدە ئادەمنىڭ باش سۆڭەكلىرى دۆۋىلىنىپ تۇرغىدەك.

— نېمىگە چەكچىيىپ كەتتىڭ قۇرۇق مۇردا، — دەپتۇ ھېلىقى بىر كوزلۇك، — سېنى بېقىپ سەمرىتىشكە توغرا كېلىدۇ، مە، سۇ ئىچكىن!

بىر كوزلۇك بىر كومزەك سۇنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. ئۆزى بىر كىيىكنى سويۇشقا باشلاپتۇ. سويۇپ بولۇپ ھەممى-

نى دىگۈدەك ئىككى تىللىق زىخقا سانجىپ چوغنىڭ ئۈستىگە قويۇپتۇ. گوشنى پىشۇرغاندىن كېيىن، يىگىتكە بىر پارچە بې-رىپ، قالغىنىنى ئۆزى يەپ بوپتۇ. سوڭەكلىرىنى ئېلىپ قازناققا كىرىپ كېتىپتۇ. قازناقتىن كىشىلەرنىڭ نالە - زارى ئاڭلىنىپتۇ. بىر كوزلۇك قازناقتىن يېنىپ چىققاندىن كېيىن يىگىتكە:

— سېنىڭ ئۇن جىنىڭنىڭ بىرسى قالغاندا بۇ يەرگە كەپ-سەن، قازناققا ئەكىرىپ قويسام ئۆلۈپ قېلىشىڭ تۇرغان گەپ، بۇگۈنچە مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇر! — دەپتۇ.

بىر كوزلۇك يانپاشلاپ يېتىپ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. يىگىت بۇ يەكچەشمىدىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسىنى ئويلاپتۇ. كوزى ئىختىيار-سىز توم، ئىككى تىللىق زىختا چۈشۈپتۇ - دە، زىخنى ئاستاغىنا ئوتنىڭ ئارىسىغا تىقىپ قويۇپتۇ، زىخ قىپ - قىزىل بولغاندا زىخنىڭ بىر تىلىنى يەكچەشمىنىڭ كوزىگە، يەنە بىر تىلىنى يۈرىكىگە چەنلەپ تۇرۇپ، بار كۈچى بىلەن بىر باسقان ئىكەن، زىخنىڭ تىللىرى ئاپپاق ئىس چىقىرىپ بىر كوزلۇكنىڭ تېنىگە كىرىپ كېتىپتۇ. شۇنداقتىمۇ يەكچەشمە ئورنىدىن مۇدۇرەپ تۇ-رۇپ كېتىپ، زىخنى ئۆزىدىن سۇغۇرۇپ تاشلاپتۇ - دە، ئالدىغا قوللىرىنى سوزۇپ، بىرنەچچە قەدەم مېڭىپ، گۈلخانغا چۈشۈپ، يۇمۇلىنىپ، جان تالىشىپتۇ. يىگىت: قازناقنىڭ ئىشىگىنى بۇ-زۇپ، ئىچىدىكىلەرگە:

— چاققان چىقىڭلار! بىر كوزلۇك ئۆلۈش ئالدىدا، — دەپتۇ. قازناقنىڭ ئىچىدىن ئونىچە ئادەم ئېتىلىپ چىقىپ بىر كوزلۇكنى گۈلخان ئىچىدىن سىرتقا چىقىلى قويماي كويدۇ-رۇپ ئۆلتۈرۈپتۇ.

— خۇدا مۇرادىڭنى بەرسۇن ياخشى يىگىت، — دەپتۇ ئۇلار، — ئەگەر سەن كەلمىگەن بولساڭ بۇ كاساپەت بىزنى يەپ كېتەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

بىر كوزلۇكنىڭ سېپىز قويلىرىنى ئولتۇرۇپ يەپ، سۇ ئىچىپ كىشىلەرگە تېخىمۇ جان كىرىپتۇ. قۇتۇلغان كىشىلەر:

— ياخشى يىگىت، خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن بىزگە سېنى ھەزرىتى شاھى مەردان ئەۋەتتى. ئەمدى بىز سېنىڭ قۇلۇڭ بولىمىز. سەن نەگە بارساڭ شۇ يەرگە بارىمىز، نىمىنى بۇيرۇساڭ شۇنى بىجا كەلتۈرگەيمىز! — دەپتۇ.

يىگىت ئۇلارغا تەشەككۈر ئېيتىپ خوشلىشىپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇزۇن يول يۈرۈپ بىر چاتقاللىققا كىرىپ كېتىپتۇ. چاتقاللىقنىڭ ئىچىدە كېتىۋاتسا بىر كىيىكنىڭ ياتقىنىنى كورۇپتۇ. يېقىنلاپ كەلسىمۇ ئۇ كىيىك زادى مىدىرلىماپتۇ. يىگىت يېقىن بېرىپ قارىسا، ئۇ باسماققا چۈشۈپ قالغان كىيىك ئىكەن. يىگىت كىيىكنى باسماقتىن ئاجرىتىپ، پۇتىنىڭ زەخىملىرىنى ئۆزىنىڭ كوينىگىنىڭ يېڭى بىلەن تېڭىپ قويۇپتۇ. شۇ چاغدا كىيىك تۇساتتىن زۇۋانغا كىرىپ ئادەمدەك سوزلەشكە باشلاپتۇ:

— ئەي مېھرىۋان كىشى، سەن ئۆزەڭنىڭ ئاچ نەپسىڭدىن كېچىپ مېنى قويۇۋەتكەنىڭ ئۈستىگە يەنە باسماقتىن ئاجرىتىپ زەخىملىرىمنى تېڭىپ قويدۇڭ، مەن خۇددى ھەزرىتى سۇلايماننى كورگەندەك بولدۇم. ئېيتقىن، سەن زادى قانداق ئادەم، بۇ ئادەم ئايىغى يەتمەيدىغان جاڭگالدا نىمە قىلىپ يۈرىسەن؟...

يىگىت كىيىكنىڭ زۇۋانغا كەلگەنلىكىدىن ھەيران بوپتۇ. ئاندىن:

— مەن ئادەتتىكى ئادەم نەسلىدىن، يار ھىجرى بىلەن يۈرىكىم زەخىملەنگەن كىشى. ئاشۇ يارىمنىڭ ۋىسالىنى ئىزلەپ يۈرۈپتىمەن، — دەپ ھەممە كەچمىشلىرىنى سوزلەپ بېرىپتۇ.

كىيىك يىگىتنىڭ سوزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— سەن ئىزلىگەن پەرىزات مۇشۇ چاتقاللىقنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى تاغدا. لېكىن پەرىزات ھازىر يەتتە قات تىلسىمات بىلەن نەزەربەنت قىلىنغىلىق. سەن ئاشۇ تاققا بارالىساڭمۇ تىلسىماتقا كۈچۈڭ يەتمەيدۇ، يارىڭنىمۇ كورەلمەيسەن، — دەپتۇ.

كىيىكنىڭ مۇنچىۋالا سىرلاردىن خەۋەردار ئىكەنلىكىدىن ئېخىمۇ ھەيران بولغان يىگىت، ئۇنىڭغا:

— ئەي كىيىك، يارىمدىن خەۋەر بەرگىنىڭ ئۈچۈن يۈزمىڭ رەھمەت، شۇنى بىلىپ قويغىنكى، بىزدە "جاندىن كەچمىگۈنچە جانانغا يەتكىلى بولمايدۇ" دىگەن بىر سوز بار. مەن ئۇ تىلسىملىق تاققا بارىمەن، تىلسىمنى ئاچالىسام تېخى ياخشى، ناۋادا ئاچالماي، شۇ يولدا قازا قىلسامۇ ئوكۇنۇشۇم يوق. چۈنكى مەن يار ئۈچۈن بار - يوقۇمىنى ئاتاپ قويغانمەن. ھېچبولمىسا يارىم بار تاغنىڭ توپا - تاشلىرىنى باغاشلاپ كوز يۇمالىسامۇ، ئۇزەمنى بەختلىك ھېس قىلىمەن! — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

— بارىكاللا يىگىت، — دەپتۇ كىيىك، — ئەقدە دىمەك — جان دىمەكتۇر، بۇنداق ئەقدە ئاز بىر قىسىم ئىنسانلارغىلا نېسىپ بولىدۇ. خۇدايىم مۇرادىڭنى بەرگەي. مەن — ئاشۇ ۋىسالغا يەتمەكچى بولغان پەرىزاتنىڭ كېنىزىگى بولىمەن، شۇ قېتىم پەرىزاتنىڭ مايمۇن لىباسى كىيدۇرۇلگەن چاغدا، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىلىرى دەرغەزەپتە قىزىنى ئىزلەپ بارغان ئىدى. ئاتا - بالا يول ئۈستىدە ئۇچراشتى. ماكانىمىز بولغان تاققا قايتىپ كېلىپلا ئۇنى يەتتە قات تىلسىمغا نەزەربەنت قىلدى. ئىگەم بەنتكە چۈشۈشتىن سەل بۇرۇن مېنى سېنىڭ ئالدىڭغا يولغا سالغان، مانا، ئۇنىڭ ساڭا ئەۋەتكەن سوغىسى...

كىيىك بىر يۇمۇلىنىپلا گۈزەل قىز سىياقىغا كىلىپتۇ ۋە يېنىدىن بىر دانە ھاسا ئېلىپ يىگىتكە تەڭلەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

— بۇ ھاسا، — دەپتۇ قىز سوزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — سۇلايمان پەيغەمبەر شاھلىق قىلىۋاتقاندا ئىشلەتكەن ھاسا. بۇ ھاسىنىڭ خاسىيىتى بىلەن ھەرقانچە قاتتىق تىلسىملانغان تاغ بولسىمۇ ئېچىۋەتكىلى بولىدۇ. پەرىزات: "سەن ماچىن شەھىرىدەكى مەھبۇبەڭنى تاپ ۋە ئۇنىڭ ماڭا بولغان ئەقدە - ئىخلاسىنى ئۇبدان سىناپ كورگەندىن كېيىن، مېنىڭ بېشىمغا چۈشكەن سەۋدالارنى بايان قىلغىن. ئۇ مۇشۇ ھاسا بىلەن تاققا ئۈچ قېتىم قاتتىق ئۇرسۇن، شۇ چاغدا تاغ چوكۇشكە باشلايدۇ. تەختى - بەختىدىن ئەندىشە قىلغان ئاتام ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ كەچۈرۈم سورايدۇ، قالغىنىنى ئوزى بىلىپ بىر تەرەپ قىلسۇن" دىگەن.

كېنىزەك سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ ھاسىسىنى يىگىتكە بېرىپ كوزدىن غايىپ بوپتۇ. يىگىت ئىنتايىن خۇرسەن بولۇپ، ھاسىنى چىڭ تۇتقىنىچە يولغا ئاتلىنىپتۇ. نەچچە كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپتۇ، قانچە مەنزىللەرنى ئارقىسىدا قالدۇرۇپتۇ. يول ئۈستىدە ئېيىق، يولۋاس، شىر، بورى... دىگەندەك خىلمۇ - خىل ياۋايى ھايۋانلار ئۇچرىغان بولسىمۇ، ھىلقى ھاسىنىڭ خاسىيىتى تۈپەيلىدىن خىرىس قىلماق ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ماڭغانلىرى توختاپ، توختىغانلىرى بېشىنى پەسكە ئېگىپ ياكى يەرگە سوزۇلۇپ يېتىپ خۇددى سۇلايمان پەيغەمبەرگە قىلغان ئىززەت - ھورمىتىنىڭ ھەممىسىنى يىگىتكە بىجا كەلتۈرۈشۈپتۇ.

ئۇزاق يول ماڭغاندىن كېيىن يىگىت ھىلقى دىۋىلەر ماكانى، تىلسىملىق تاققا يېتىپ كېلىپتۇ. ئۇ، بۇ ھەيۋەت ۋە سۇرلۇك تاغ ئالدىدا ھەرگىزمۇ تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالماپتۇ. ئالدى بىلەن بۇ تاغنىڭ ھەر بىر تاش، ھەر بىر چىمدىم تۇپىسىنى يۈز - كوزلىرىگە سۈرتۈپتۇ، ئاندىن ھەر بىر گۈل، ھەر بىر تال گىياسىنى پۇراپ - ھىدلاپتۇ. خۇددى يارى پەرىزاتنى كورگەن-

دەك، ئۆزىنى بوسە قىلىپ كۆچ مادار تاپقاندەك بوپتۇ.

ئاندىن كېيىن سۈرەتلىك كېنىزەك بەرگەن ھاسىنى قولىغا ئېلىپ، سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ مۇبارەك نامىنى زىكىر قىلىپ تۇرۇپ، ھاسا بىلەن ئاققا بىر ئۇرغان ئىكەن، تاغ گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز چىقىپ، يەر-جاھاننى زىلزىلىگە سېلىپ، ئەتراپ-تەرەپتىن چاڭ كېتىپ، ئاستا-ئاستا يەرگە چوكۈشكە باشلاپتۇ. شۇ چاغدا، توساتتىن ئارقا تەرەپتىن:

— ھەي ھۆرمەتلىك يىگىت! — دېگەن غەلىتە، يىغلامسىرىغان ئاۋاز ئاڭلانغاندەك بوپتۇ. يىگىت كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىسا، ئالامەت يوغان بەدھەيۋەت يەتمىش يەتتە دىۋە يىگىتكە سەجدە قىلىپ، يەر سۈيۈپ ياتقۇدەك.

— ھەي سۇلايمان پەيغەمبىرىمىزنىڭ نايىبى! ئالدىڭىزدا گۇناكارمىز، كەچۈرگەيسەن! — دەپتۇ ھەممىسىنىڭ ئالدىدا سەجدە قىلىپ تۇرغان دىۋە، — "نىمە ھاجىتىڭ بار" دېيىشكە تىلىمىز بارمايدۇ، قېنى ئېيت! بىز ھەرقانداق خىزمىتىڭگە تەييارمىز! ئۆتۈنىمىزكى، ماكانىمىزنى ۋەيران قىلمىساڭ!...

يىگىت قاتتىق ئاۋازدا:

— تىلسىماتنى بىكار قىلىپ پەرىزات بىلەن مېنى دىدار كۆرۈشتۈرگەيسەن، بولمىسا بۇ تاغنى يەر قەھرىگە چوكتۇرۇۋېتىمەن! — دەپتۇ.

— ھەي يىگىت، — دەپتۇ ھىلىقى دىۋە، — مەرھەمەت، مۇرادىڭغا يەتكىن.

دىۋىلەردىن يەتمىش ئالتىسى ئىككى قاتار بولۇپ، سەجدە قىلىپ تۇرۇپتۇ. ئالدىنقى قاتاردا تۇرغان دىۋە يىگىتكە ياندىشىپ مېڭىپتۇ.

يوللار ئېچىلىپ بىر دەمدىلا ھىلىقى سېھىرلىك باققا كىرىپ قاپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پەرىزات قىز كېنىزەكلىرى بىلەن باغ يولىدا يىگىتنى كۈتۈپ تۇرغان ئىكەن، ھەر ئىككىسى دىدار كۆرۈشۈپ، خوشاللىق خۇن - جىگەرلىرىدىن جۇش ئۇرۇپ، چەكسىز ھوزۇرلىنىپتۇ. دىۋىلەر پايىپېتەك بولۇشۇپ، ھۆرمەت ۋە تەكەللۇپلارنى زىيادە قىلىشىپ، يىگىتنىڭ نەزىرىدىن ئۆتۈشكە جان - دىلى بىلەن ئۇرۇنۇپتۇ. زىيابەت ئاخىرلاشقاندا يىگىت ئۆزىنىڭ پەرىزات بىلەن ئوي - ئوچاقلىق بولۇشنى خالايدىغانلىقىنى، بۇ ئىشقا رۇخسەت تىلەيدىغانلىقىنى ئىزھار قىپتۇ. دىۋىلەر ئۆز ئارا مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، يىگىتكە رازىلىق بىلدۈرۈپتۇ - دە، ئۆزلىرىنىڭ رەسىميىتى بويىچە نەچچە كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ پەرىزات بىلەن يىگىتنىڭ بېشىنى چېتىپ قويۇپتۇ. زىيابەتلەر، شىرىن سوھبەتلەر، ئەقىل ھەيران قالغۇدەك كۆڭۈل ئېچىشلارنىڭ تەنتەنە ھوزۇرىدىن نەچچە كۈنلەرنىڭ كېچىگە، نەچچە كېچىلەرنىڭ كۈندۈزگە ئالماشقىنىنى يىگىت سەزمەي قاپتۇ.

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتتى دېگەندە، يىگىت قايتماقچى بوپتۇ. خوشلىشىش ئالدىدا قېيىناتا - قېيىنانىسى ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ خاسىيەتلىك ئەڭگۈشتەر ئۈزۈكىنى تەقدىم قىپتۇ. ئۇ ئۈزۈك كىمدە بولسا دىلى تارتقىنى ئالدىدا ھازىر بولىدىكەن، مۇھتاجلىقتىن خالاس بولىدىكەن. يىگىتمۇ پەرىزاتنىڭ ئىلتىماسى بويىچە، كېيىك قىز بەرگەن سۇلايماننىڭ ھاسىسىنى دىۋىلەرگە قايتۇرۇپ بېرىپتۇ.

دىۋىلەر كاتتا سوغا - سالاملارنى تۇتۇپ، ئىسىل تەختىراۋانىغا ئولتۇرغۇزۇپ بۇ ئىككىسىنى يولغا ساپتۇ. قىز يىگىتكە:

— قولۇمنى چىڭ تۇتۇپ، كۆزىڭىزنى مەھكەم يۇمۇڭ، — دەپتۇ.

بىر چاغدا يىگىت كۆزىنى ئېچىپ، ئۆزىنى چىن ماچىن ئوردا شەھىرىنىڭ ھەشەمەتلىك دەرۋازىسى ئالدىدا كۆرۈپتۇ. ئىك-

كىسى ئۇردىسىغا كىرگەن ئىكەن، ھىچ يەردىن ئىز - دېرىكىنى تاپالمىغان يىگىتنىڭ مانا ئەمدى نۇر بىلەن يۇغۇرۇلغاندەك، ئا- جايىپ ساھىپجامال بىر قىز بىلەن كىرىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆر- گەن ئۇردا ئەھلىنىڭ بىر قىسمى ئۇزۇن تونلىرىنىڭ پەشلىرىگە پۇتلىشىپ يىقىلىپتۇ، نەچچىسىنىڭ ئاغزى ئېچىلغانچە يۇمۇلماپتۇ، نەچچىسىنىڭ ئىچىنى ھەسەت زەھىرى ئۆرتەپتۇ. پادىشا بەكمۇ خوشال بولۇپ ئۆز ئوغلىنىڭ تويىنى باشلاشقا پەرمان چۈشۈرۈپ- تۇ. قىرىق كېچە - كۈندۈز داغدۇغىلىق توي بولۇپ، يىگىت - قىزلار مۇرات - مەقسەتلىرىگە يېتىپتۇ، ئەنە شۇ چاغدىن باشلاپ چىن ماچىندا "ئاشىق بولماق ئاسان ئەمەس، شىرىن جاندىن كەچمىگۈنچە" دىگەن غەزەل پەيدا بولغان دىيىشىدۇ.

## ۋاپادارلىق

بۇرۇنسىدا بىر تۇل خوتۇن ئۆتكەن ئىكەن. ئۇنىڭ ئون ئىككى ياشلىق بىر ئوغلى بولۇپ، ئىسمى ياسىن ئىكەن. ئانا ھەر كۈنى باينىڭ ئۆيىدە كىر يۇيۇپ، نان يېقىپ، ئىران ئىككى يارماق تاپىدىكەن ۋە ئۇ يارماقلارنى شۇ كۈنى كەچقۇرۇن ئوغلىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويىدىكەن. ئەتىسى ئەتىگەندە، ئوغۇل ئانىسى بىلەن بىللە ئۆيدىن چىقىپ كېتىدىكەن – دە، ئۇ پۇلغا ھەم ئۇن، ھەم ئوتياش – چۆنەك سېتىۋالىدىكەن، ئاندىن ئۇلارنى پىشۇرۇش ئۈچۈن، لىق بىر سېۋەت چاۋار تېرىدىكەن، ئانىسى قايتىپ كېلىپ ئەتكەن ئاشنى يەپ، ئانىسىنىڭ تىزىغا بېشىنى قويۇپلا ئۇخلاپ قالىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ياسىن پۇلنى سىقىمداپ ئۆيدىن چىقىپ، ئۇن سېتىۋېلىش ئۈچۈن رەۋەندىنىڭ دۇكىنىغا كېتىۋاتسا، بىر ئادەمنىڭ ئۇزۇن بىر تال تاياق بىلەن يەرنى ئۇرۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ – دە، ھەيران بولۇپ، ئۇنىڭغا يېقىنلاپ بېرىپتۇ. قارىسا، يەردە كىچىككىنە بىر يىلان بالىسى ئومسىلەپ قېچىپ كېلىۋاتقىدەك، ھېلىقى ئادەم بولسا، ھەدەپ ئۇنى ئۇرۇۋاتقىدەك. ياسىن نېمە قىلىشىنى بىلمەي، ئۇلارغا قارىغىنىچە قېتىپ قاپتۇ. بىر چاغدا، يىلان بالىسى قانداقتۇ بىر كوچىنىڭ ياردىمى بىلەن بىرلا ئۇچۇپ، ياسىننىڭ پۇتلىرى ئارىسىغا كىرىۋاپتۇ ھەم كۆز – ياشلىرىنى ئېقىتىپ تۇرۇپ، ئادەمگە ئوخشاش زۇۋان بىلەن:

— ھەي ئوبدان بالا، — دەپتۇ ياسىنغا يالۋۇرۇپ، —

ئەگەر مېنى ئۇنىڭدىن قۇتقۇزۇۋالساڭ، ئۆمۈرۋايەت ساڭا ياخشى-
لىق قىلىمەن. دۆلىتىڭنى زىيادە قىلىپ، مەڭگۈ خار قىلمايمەن.

يىلاننىڭ گېپىنى ئاڭلىغان ياسىننىڭ يۈرىكى شۇرۇردە ئې-
رىپ، ئۇنىڭغا بەكمۇ رەھمى كەپتۇ. ئۇ، يىلاننى دەرھال پۇت-
لىرى ئارىسىغا يوشۇرۇپتۇ ـ دە، ھىلىقى ئادەمدىن سوراپتۇ:

— ھەي ئاكا، بۇ يىلاننى نېمىشقا بۇنچىۋالا ئۇرىسىز؟
ئۇنىڭدىن سىزگە، نېمە يامانلىق كەلدى؟

— بۇ يىلان مېنىڭ بىردىن ـ بىر ئارزۇلۇق ئوغلۇمنىڭ
قولىنى چېقىۋېلىپ ناكا قىلدى، — دەپتۇ ھىلىقى كىشى، — شۇ-
ڭا ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، ئاچچىقىمنى چىقارماقچىمەن.

ئۇ گەپنى ئاڭلىغان ياسىن بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— ماڭا سېتىپ بەرسىڭىز بولامدۇ؟ — دەپتۇ ھەم ئانىسى ئو-
زۇق ـ تۈلۈك سېتىۋېلىشقا بەرگەن ئىككى يارماقنى كۆرسىتىپتۇ.

ھىلىقى كىشى دەسلەپ پۇلنى ئاز كۆرۈپ، يىلاننى سات-
قۇسى كەلمەپتۇ، كېيىن "ئاق قۇشقاچمۇ گۆشقۇ، ئاز بولسىمۇ
پۇلنى ئېلىپ يىلاننى ئۇنىڭغا بەرسەم، كىچىك بالا دېگەن
بىردەمدە ئۆلتۈرۈپ قويامدۇ؟" دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، يارماقلارنى
قولىغا ئېلىپ، كەينىگە قارىماي كېتىپ قاپتۇ.

ياسىن يىلاننى كۆتىرىپ ئۆيگە كەپتۇ. كەچ كىرگەندە،
ھېرىپ ـ ئاچقان ئانا ئۆيگە كېلىپ، تاماق ئېتەي دېسە، يا بىر
چىمدىم ئۇن، يا بىر تۇتام كۆكتات ۋە ياكى بىر قالام ئوتۇن
يوق تۇرغىدەك. ئۇ ھەيران بولۇپ، ياسىندىن ۋەقەنى سوراپتۇ.
ياسىن ئۆزى ئۇچراتقان ئەھۋالنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بې-
رىپتۇ. ئانا ئۆز ئوغلىنىڭ بۇ ئەقىلسىزلىكىگە بىرمۇنچە كايىپ
نائىلاج ئاچ قوساق يېتىپ قاپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە، ئانىسى تۇنۇگۈن ئىشلەپ تاپقان ئىك-
كى يارماقنى يەنە ياسىننىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپتۇ ھەم ئۇنىڭغا

قىلدىغان سودىلىقنى قايىنا - قايىنا تاپىلاپ، بايالارنىڭ ئۆيىگە
قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ياسىن پۇلنى سىقىمدىغىنىچە ئۆيدىن چىـ
قىپ، ئۇنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن رەۋەندىنىڭ دۇكىنىغا كېتىۋاتسا،
بىر ئادەم پۈتۈن ئەزايىنى قوتۇر باسقان ئورۇق بىر ئىتنى
يوغان بىر يىپىرىندا ئوتتۇن بىلەن ھەدەپ ئۇرۇپ كېلىۋاتقىدەك.
قىيىلىقتىن ئاران ماڭالايدىغان ھالغا كەلگەن بۇ ئىت ھەر قە-
دەمدە بىر يىقىلىپ، بىر قوپۇپ، ئېچىنىشلىق غىڭشىپ، كوز يې-
شى قىلغىدەك. ياسىن نىمە قىلىشىنى بىلمەي، ئۇلارغا قارىغىنىـ
چە قېتىپ قاپتۇ. بىر چاغدا ئىت قاندافتۇ بىر كۈچىنىڭ ياردە-
مى بىلەن بىرلا ئوقچۇپ ياسىننىڭ كەينىگە ئوتتۇۋاپتۇ ۋە:
— ھەي بالا،— دەپتۇ زۇۋانغا كىرىپ،— ئەگەر مېنى
ئۇنىڭدىن قۇتقۇزۇۋالساڭ، ئومۇرۋايەت ساڭا ياخشىلىق قىلىمەن.
ئومۇرۋايەت خىزمىتىڭنى قىلىمەن.
ئىتنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلىغان ياسىننىڭ يۈرىكى شۇررىدە
ئېرىپ، ئۇنىڭغا بەكمۇ رەھمى كەپتۇ. ئۇ ئىتنى ئۆز گەۋدىسى
بىلەن دالدا قىلىپ تۇرۇپ ھىلىقى ئادەمدىن سوراپتۇ:
— ھەي ئاكا، بۇ ئىتنى نىمىشقا مۇنچىۋالا ئۇرىسىز؟ ئۇ-
نىڭدىن سىزگە نىمە يامانلىق كەلدى؟
— بۇ ئىتقا مەن يىگىرمە يىل تۇز بەرگەن بولسامۇ،—
دەپتۇ ھىلىقى كىشى،— ئۆيۈمنىڭ تېمىنى تېشىپ كىرىپ، ما-
ڭا قەست قىلماقچى بولدى. شۇڭا ئۇنى ئولتۈرمەكچىمەن.
بۇ گەپنى ئاڭلىغان ياسىن بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كې-
يىن:
— ماڭا سېتىپ بەرسىڭىز بولمامدۇ؟— دەپتۇ ھەم ئانـ
سى ئوزۇق - تۈلۈك سېتىۋېلىشقا بەرگەن ئىككى يارماقنى ئۇنىڭـ
غا تەڭلەپتۇ.
ھىلىقى كىشى كوڭلىدە: ئىتنى ئۇنىڭغا بەرسەم، بىر دەم

يوق تۇرغىدەك. بوسۇغىدا ئىت، مەرەپىتە مۈشۈك، توردە يىلان بالىسى تۈگۈلۈپ ياتقۇدەك. ئانا ھەيران بولۇپ، ياسىندىن ۋەقەنى سوراپتۇ. ياسىن ئۆزى ئۇچراتقان ئەھۋالنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئۈچ كۈندىن بۇيان ئېغىر ئەمگەك قىلىپ، ئاغزىغا گىيا سالمىغان ئانا ياسىننى نەچچە تەستەك ئۇرۇپتۇ. ئىت، مۈشۈك، يىلان بالىسىنى ئۇنىڭغا قوشۇپ ئۆيىدىن ھەيدەپ چىقىرىپتۇ.

ياسىن ئۆز ھەمرالىرىنى كەينىگە سېلىپ، ئۆيىنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتۈپ، بىر تۈپ دەرەخنىڭ ئاستىدا يانپاشلاپتۇ. ئۈچ كۈندىن بېرى ھېچنەرسە يېمىگەچ قوسىقى غولدۇرلاپ، كوزىگە ئۇيقۇ كىرمەپتۇ. بىر چاغدا بامدات نامىزىغا ئەزان چىقىپتۇ. ئورە تۇرغىدەك ماغدۇرى قالمىغان ياسىن تەسلىكتە ئورنىدىن تۇرۇپتۇ - دە، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئۆينىڭ يېنىغا كەپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، ئۆينىڭ ئىشىك - دەرىزە، تورۇسلىرى قاياقلارغا ئۇچۇپ كەتكەن، توت بۇلۇڭ، بىر كۈلۈڭلا قاپتۇ. بۇ ھالنى كورگەن ياسىن ئۆزىنى ئۇرۇپ يىغلاپتۇ. يىغلا - يىغلا ئاخىرى ھوشىدىن كېتىپ قاپتۇ. ئىت، مۈشۈك، يىلان بالىسى ياسىننىڭ ئېچىنغىنىدىن كوزلىرىگە ياش ئاپتۇ.

— ئاغىنىلەر، — دەپتۇ يىلان بالىسى يىغلاپ تۇرۇپ، — بۇ بىچارە بىزنى دەپ مۇشۇ ئەھۋالغا گىرىپتار بولدى. بىزمۇ ئۇنىڭ دەردىگە دەرمان، رەنجىگە شىپا بولمايلىمۇ؟

— توغرا ئېيتتىڭ، — دەپتۇ ئىت كوز - يېشىنى سۈرتۈۋېتىپ، — ئۇنىڭ بىزگە قىلغان شۇنچە ياخشىلىقىنى ھازىر ياندۇرمىساق قاچان ياندۇرىمىز؟

— مەنمۇ شۇنى دېمەكچى ئىدىم، — دەپتۇ مۈشۈك مىشىلداپ يىغلاپ تۇرۇپ، — بۇ بىچارە قوساقنىڭ ئاچلىقىدىن مۇشۇ ھالغا كەلدى. ئۇ ھوشىغا كەلگىچە، بىز بىر ئىلاج قىلىپ ئۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

غا يەيدىغان بىر نەرسە تەييارلاپ قويايلى.

ئۈچەيلەن مەسلىھەتلىشىپ، يىلان ياسىننى ساقلايدىغان ئىت بىلەن مۈشۈك بازارغا بېرىپ، ياسىنغا ئوزۇقلۇق تېپىپ كەلمەكچى بولۇپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار رەستىگە كەلگەندە، مۈشۈك ئىت بىلەن قىلىشقان مەسلىھەتكە ئاساسەن، بىرلا سەكرەپ قاتار كەتكەن دۇكانلارنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپتۇ. ئىت بولسا، ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتكەچ ئالدىغا قاراپ مېڭىۋېرىپتۇ. كېتىۋېتىپ شۇنداق قارىغۇدەك بولسا، بىر ناۋايخانىنىڭ پەشخۇنىدا يېڭىلا تونۇردىن قومۇرۇلغان شىرمان نان، گىردە نان، كۈنجۈت، سىيادان سېپىلگەن توقاچ نانلار دۆۋىلىنىپ تۇرغىدەك. ئىت شۇنداق ئىشارەت قىلغان ئىكەن، مۈشۈك ئۆزىنى ئۆگزىدىن پەشخۇنىنىڭ ئۈستىگە ئېتىپتۇ. پەشخۇندىكى نانلار ھەر تەرەپكە چېچىلىپ كېتىپتۇ. ناۋاي چوچۇپ ئوڭدىسىغا ئۇچۇپ كېتىپتۇ. ناۋاي ئېسىنى يىغىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ بولغىچە ئىت بىلەن مۈشۈك بىردىن ناننى چىشلەپ ئېلىپ قېچىپتۇ. ئۇزۇنغا قالماي، ياسىننىڭ قېشىغا يېتىپتۇ. ناننى كۆرگەن يىلان خۇشاللىقىدا پىلتىڭلاپ كېتىپتۇ. بىر ھازا ئويلانغاندىن كېيىن، مۈزدەك قۇيرۇقىنى ياسىننىڭ مەڭزىگە ئاستا يېقىپتۇ. ياسىن ئەندىكىپ، بىر مىدىرلاپتۇ-دە، ئاستا كۆزىنى ئېچىپتۇ. يىلان بىلەن ئىت، مۈشۈك دەرھال ئۇنىڭ چۆرىسىگە ئولىشىپتۇ.

— ئەي ئىگەم، — دەپتۇ ئۇلار تەڭلا، — بۇ ناننى ئىتتىك يەۋېلىڭ، پۇت-قولىڭىزغا ماغدۇر كىرسۇن.

ياسىن ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىپ، ناندىن بىر ئاز يەپتۇ. شۇ ئاندا پۇت-قولىغا ماغدۇر كەپتۇ. ياسىن ئۆز ھەمراھلىرىغا مۇنداق دەپتۇ:

— سىلەرمۇ ئۆز جېنىڭلارنى جان ئېتىڭلار، مەنمۇ ئانامنى ئىزلەپ باقاي، تاپالىسام، ئۆمرۈم بويى خىزمىتىنى قىلىپ،

ئۇنى رازى قىلاي. تاپالمىسام، ئۇنىڭ دەردىدە ئالەمنى كېزىپ تەركى - دۇنيا بولاي.

— ئەي ئىنگەم، — دەپتۇ يىلان دەس ئورنىدىن تۇرۇپ ياسىنغا تازىم قىلىپ، — سىز مېنى ئولۇمدىن قۇتقۇزۇپ قالغىنىڭىز ئۈچۈن، مېھرىۋان ئانىڭىزدىن ئايرىلدىڭىز. مەنمۇ ئاتا-ئانامدىن ئايرىلغان يېتىممەن. سىز ئانىڭىزنى تاپماي تۇرۇپ، ئولسەممۇ سىزدىن ئايرىلمايمەن.

— ئەي ئىنگەم، — دەپتۇ ئىت كوزىگە ياش ئېلىپ، — سىز مېنى زالىم ئىگەمدىن قۇتقۇزۇۋالسەن دەپ، مېھرىۋان ئانىڭىزدىن، ماكانىڭىزدىن ئايرىلدىڭىز. مەنمۇ سىز ئانىڭىزنى تاپماي تۇرۇپ، ئولسەممۇ سىزدىن ئايرىلمايمەن.

— ئەي ئىنگەم، — دەپتۇ مۇشۇك ياسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئارقا پۇتلىرى بىلەن ئورە بولۇپ، — مېنى ناھەق ئولۇمدىن قۇتقۇزۇۋالسەن دەپ، مېھرىۋان ئانىڭىزدىن، ئوي - ماكانىڭىزدىن ئايرىلدىڭىز. مەنمۇ يىلان بىلەن ئىتقا ئوخشاش سىزگە سادىق بولۇپ قالىمەن.

ياسىن ھەمرالىرىنىڭ بۇ سوزلىرىدىن چوڭقۇر تەسىرلىنىپ، بىر ھازا خىيال سۇرۇپتۇ، ئاندىن مۇنداق دەپتۇ:

— ئەي كويۇمچان ھەمرالىرىم، ماڭا باغلىغان ئەقىدەڭلەرگە رەھمەت! ئۇنداق بولسا، بىز مەڭگۈ بىللە بولايلى.

شۇنداق قىلىپ، توتەيلەن ياسىنىڭ ئانىسىنى ئىزلەپ مېڭىپتۇ. كېتىۋېتىپ، ياسىن ھەمرالىرىدىن ئوز سەرگۈزەشتىلىرىنى سوزلەپ بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ.

— مەن، — دەپتۇ يىلان بىرىنچى بولۇپ سوز ئېلىپ، — ئاق يىلان پادىشاسىنىڭ ئارزۇلۇق ئوغلى ئىدىم. بىر كۈنى قارا يىلان پادىشاسى لەكمە - لەكمە لەشكەر بىلەن مەملىكىتىمىزگە تاجاۋۇز قىلدى. پۇتۇن مەملىكەت خانىۋەيران بو-

لۇپ، ئۇلۇكلەر تاغدەك دوۋىلىنىپ كەتتى. ئەنە شۇنداق كۈن-لەرنىڭ بىرىدە، ئانام مېنى بىر ئۇستەك بويىدىكى چاتقال ئا-رىسىغا يوشۇرۇپ قويۇپ، دۈشمەنگە قارشى جەڭگە ئاتلىنىپ كەت-تى. قاراڭغۇ چۈشكەندە، ئۇستەڭنىڭ سۈيى تېشىپ كېتىپ، مېنى قاياقلارغىدۇر ئېقىتىپ كەتتى. تاڭ ئاتقاندا قارىسام، بىر ھوي-لىنىڭ يېنىدا تۇرۇپتىمەن، نېمە قىلىش، نېمە ئېيتىشىمنى بىل-مەي تۇرغىنىمدا، ئىچكىرىدىن بىر بالا يۈگۈرۈپ چىقىپ قالدى. ئۇ، مېنى كورۇش بىلەنلا، يۈگۈرۈپ كېلىپ قۇيرۇغىمىدىن تۇ-تۇپ، سورەپ ئۇيىنغىلى تۇردى. بىر چاغدا ئۇيىدىن دادىسى چىقىپ:

— ئۇنى ئۇلتۇرۇپ، ئاتقا سېلىپ بەر. يىلان گوشى يې-گەن ئات ھەرگىز چارچىمايدۇ، — دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان بالا دادىسىنىڭ تاپشۇرۇغىنى دەرھال ئورۇنلىماقچى بولۇپ، مېنى بېشىدىن ئايلاندۇرۇپ يەرگە شۇن-داق قاتتىق ئۇردىكى، سۆڭەكلىرىم قاراسلاپ سۇنۇپ، ئېغىز-بۇرنۇمدىن قان كەتتى. قورقىنىمدىن جېنىم تۇمشۇغۇمغا كېلىپ قالدى. ئويلانسام، بىكاردىن-بىكار ئاتقا يەم بولۇپ كەتكۈ-دەكمەن. شۇڭا، بار كۈچۈم بىلەن قېچىشقا ئۇرۇندۇم. بالىمۇ دادىسىنىڭ بۇيرۇغى بىلەن مېنى قوغلاشقا باشلىدى ۋە ئۇزۇنغا قالماي يېتىشىۋېلىپ، مېنى يەنە تۇتۇۋالدى ھەم بېشىدىن ئاي-لاندۇرۇپ، بىر توپ دەرەخكە ئۇرۇشقا تەمشەلدى. ئەمدى ئو-لۇم كوزۇمگىلا كورۇندى، شۇڭا، قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن، ئۇ-نىڭدىن قۇتۇلۇش نىيىتىدە، ئۇنىڭ قولىنى چىشلىۋالدىم. كېيىن-كى ئىشلار ئۆزىڭىزگە مەلۇم.

— سەنمۇ كوپ ئازاپ تارتىپسەن، — دەپتۇ ياسىن يې-لان بالىسىغا، — ئەگەر ئىلاج بولىسىلا، سېنى ئاتا-ئاناڭغا تاپشۇرايلى.

يىلان بالىسى خوشاللىقتىن پىلتىڭلاپ، ئۇسۇل ئوينىغاپ كې-

ـىپتۇ. ئەندى ئىت سوز ئاپتۇ:

— مېنىڭ ئاتا-بوۋام، — دەپتۇ ئۇ، — ئومۇر بويى مېنى سىزگە ساتقان ھىلقى باينىڭ بوسۇغىسىنى ساقلاپ ئالەمدىن ئوتكەن ئىكەن. مەنمۇ ئەقلىمگە كەلگەندىن بويان ئۇنىڭ بوسۇغىسىدا پايلاقچىلىق قىلدىم. يىللارنىڭ ئوتۇشى بىلەن قېرىپ، ماغدۇرۇمدىن كەتتىم. باي خىزمەتكارلىرىغا مېنى ئولتۇرۇۋېتىشنى بۇيرۇدى. ئۇزۇن يىل مەن بىللە بولغان بۇ خىزمەتكار مېنى يىراق بىر چولگە ئاپىرىپ تاشلىۋەتتى. مەن ئۇ يەردە يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن ئاشقان-تاشقان سوڭەكلەرنى تېپىپ يەپ، بىر يىلغا يېقىن جان باقتىم. بىر كۈنى كېچىسى ئەندى ئۇخلاي دەپ تۇرسام، يىراقتىن بىرنەچچە ئادەمنىڭ سوزلەشكەن ئاۋازى كەلدى. شۇنداق قۇلاق سالسام، ئۇلار مېنىڭ خوجايىنىمنى قانداق ئولتۇرۇش، مال-مۇلكىنى قانداق بۇلاش توغرىلىق مەسلىھەتلىشىۋېتىپتۇ. كوڭلۇمدە: "ئۇ باي مېنىڭ ئوزىگە قانچىلىك سادىقلىقىمنى چۈشەنمەي، مېنى يوقىتىۋەتمەكچى بولغان ئىدى، ئەگەر مەن ئۇنى ۋە ئۇنىڭ مال-مۇلكىنى مۇشۇ ئوغرىلاردىن قوغداپ قالالىسام، خوجايىن چوقۇم ئوزىنىڭ ماڭا قىلغان يامانلىقىدىن خىجىل بولۇپ، بۇنىڭدىن كېيىن مېنى تازا ئوبدان باقىدۇ؛ ئاخىرقى ئومرۇممۇ راھەتتە ئوتىدۇ..." دەپ ئويلاپ، ئورنۇمدىن تۇردۇم-دە، ئوغرىلارنىڭ كەينىگە چۈشۈۋالدىم. ئۇلار ئىنسى-جىنمۇ ئۇيقۇغا كەتكەن چاغدا باينىڭ ئويى ئەتراپىغا كېلىشتى. مەنمۇ پەم بىلەن بىر دالدىغا يوشۇرۇندۇم. ئوغرىلار باي يېتىپ-قوپىدىغان ئويىنىڭ تېمىنى شەپىنە چىقارماي تېشىپ، ئىچكىرىگە كىرىشكە تەييارلانغان چاغدا، مەن يوشۇرۇنغان جايىمدىن چىقىپ، "ھاۋ-ھاۋ-ھاۋ..." دەپ قاۋاپ، ئوغرىلارغا شۇنداق بىر ھەيۋە قىلمىغان ئىدىم، ئۇلار قورققىنىدىن ئالدى-كەينىگە قارىماي قېچىپ كېتىشتى. مەن

www.uyghurkitap.com

خوجايىنىمنىڭ رەھمىتىنى ئېلىشقا تەييارلىنىپ تۇرغىنىمدا، بىرسى بىقىنىمغا شۇنداق قاتتىق تەپتىكى، نەچچە يۇمىلىنىپ كەتتىم. ئېسىمنى يىغىپ شۇنداق سەپسالسام، بۇ، مېنىڭ خوجايىنىم ئىكەن. كېيىنكى ئىشلار ئۆزىڭىزگە مەلۇم.

— خوجايىنىڭ ئەجەبمۇ رەھىمسىز، ئەجەبمۇ كۆڭلى قارا ئادەم ئىكەن، — دەپتۇ ياسىن، بوپتۇ، - سەنمۇ ماڭا ھەمرا بولۇپ، ئاخىرقى ئۆمرۈڭنى مەن بىلەن بىرگە ئۆتكۈزگىن.

ئىت خۇشاللىقىدا ئويناقشىپ، ياسىننىڭ پۇتلىرىنى يالاپ كېتىپتۇ. ئەمدى مۈشۈك سۆز ئاپتۇ:

— ئەي ئىگەم، — دەپتۇ ئۇ، — مېنىڭ ئاتا - بوۋام ھىلىقى سىزگە مېنى ساتقان باينىڭ ئامبار - قازناقلىرىدىكى تاغار - تاغارلاپ ئاشلىقلارنى تولۇم چاشقانلاردىن قوغداپ، ئالەمدىن ئۆتكەن ئىكەن. مەنمۇ ئېسىمنى بىلگەندىن تارتىپلا ئاتا - ئانامنىڭ كەسپىگە ۋارىسلىق قىلدىم. كۈنلەرنىڭ بىرىدە خوجايىنىمنىڭ ئۆيىدە ئادەملەرگە ۋابا كېسىلى تارقىتىدىغان بىر چاشقان پەيدا بولۇپ قالدى. مەن بىرنەچچە كۈن پايلاپ يۈرۈپ ئۇنى تۇتۇۋېلىشقا ئاز قالغاندا، بۇ مەككار چاشقان قېچىپ قۇتۇلماقچى بولۇپ، بىر سەكرىگەن ئىدى، ياغلىق قاچىغا چۈشۈپ كەتتى ھەم ئۇزۇنغا قالماي ئۆلۈپ قالدى. مەن قانداق قىلىشنى بىلمەي تۇرغىنىمدا، باينىڭ خوتۇنى تاماق ئېتىش ئۈچۈن ياغلىق قاچىدىكى ياغدىن ئالماقچى بولىدى. بۇ چاغدا مەن ئۇنىڭ ئىچىدە چېپىپ يۈرۈپ مياڭلاپ، ئۇنى يىسە جەزمەن كېسەل بولۇپ ئۆلىدىغانلىقىنى ئېيتتىم. ئۇ مېنىڭ گەپلىرىمنى ئۇقمىدى بولغاي، يەنىلا ياغ ئالماقچى بولىدى. مەن سەكرەپ ئۇنىڭ دۈمبىسىگە چىقىپ، چومۇچ تۇتقان قولىنى سىلكىۋەتتىم. شۇ چاغدا ئۇ، ياغلىق قاچىنى يەرگە تاشلىۋەتتى. ياغلىق قاچا چېقىلىپ، ياغ پۈتۈنلەي يەرگە توكۈلۈپ، توپىغا

ـسڭىپ كەتتى. بۇ چاغدا خوجايىن كىرىپ كەلدى - دە، خوتۇنىدىن ئەھۋالنى، ئاڭلاپلا، مېنى ئۇرۇپ كەتتى. مەن ناھەق ئۆلۈپ كېتىشتىن قورقۇپ، جېنىمنى ئېلىپ قاچتىم، ئۇ بولسا، كەينىمدىن قالماي قوغلايتتى، يېتىشۋالغان يەردە ئايىماي ئۇراتتى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار سىزگە مەلۇم.

— سەنمۇ بىر دەرتمەن ئىكەنسەن، — دەپتۇ ياسىن مۇشۇككە، — خالىساڭ، سەنمۇ بىزگە ھەمرا بول. كېيىنكى كۈنلىرىمىزنى بىرگە ئۆتكۈزەيلى.

— مەڭگۈ سىزگە ھەمرا بولىمەن، — دەپتۇ مۇشۇك خوشاللىقىدا قۇيرۇغىنى شىپاڭلىتىپ، — ئۆلسىڭىز بىللە ئۆلىمەن، تىرىلسىڭىز بىللە تىرىلىمەن. توتەيلەن مۇڭداشقاچ مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، مېڭىۋېرىپ بىر قومۇشلۇق سازلىققا كېلىپ قاپتۇ، سازلىقنىڭ چوڭلۇقىدىن ئۇ چېتىدىن بۇ چېتىگە كۆز يەتمەيدىكەن. قومۇشلۇقنى خىلمۇ - خىل جانىۋارلار ماكان قىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ خىلمۇ - خىل تىللاردا سۆزلەشكەن ئاۋازىدىن ئادەمنىڭ قورقىسى كېلىدىكەن. توتەيلەن يا سازلىقتىن ئۆتۈشنى، يا كەينىگە يېنىپ باشقا بىر يول تېپىشنى بىلمەي، بىرھازا تۇرۇپ كېتىپتۇ. بىر چاغدا يىلان بالىسى گەپ ئېچىپتۇ:

— بۇ يەر، — دەپتۇ خوشال بىر قىياپەتتە، — بىزنىڭ مەملىكىتىمىزگە بەكمۇ ئوخشايدىكەن.

— راستمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ياسىن.

— راستمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئىت بىلەن مۇشۇك.

— راست، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ يىلان بالىسى، — مۇشۇ قومۇشلۇق خۇددى ئوردىمىزنىڭ بېغىغىلا ئوخشاۋاتىدۇ!

— ئۇنداق بولسا، تۈزۈكرەك سەپسال، — دەپتۇ ياسىن ئىت بىلەن مۇشۇك.

— ئۇنداق بولسا، تۈزۈكرەك سەپسال، — دەپتۇ.

— ماقۇل، — دەپتۇ يىلان بالىسى ۋە جىمى ئەتراپقا بىرھازا سىنچىلاپ قاراپتۇ. ئاندىن ئۆچەيلەندىن ئۆزىنى بىردەم كۆتۈپ تۇرۇشنى ئۆتۈنۈپ، چولتوككىدە قىلىپ سۇغا شۇڭغۇپتۇ.

ئۆچەيلەن يىلان بالىسىنى كۈتۈپتۇ، كۈتۈپتۇ، كۈتۈپتۇ. كۈتۈۋېرىپ تاقىتى پۈتۈپتۇ. ئاچلىق ھەم ھارغىنلىقتىن پۇت - قولىنىڭ ماغدۇرى كېتىپتۇ. بىر چاغدا قارىغۇدەك بولسا، ساز-لىقنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا دەھشەتلىك دولقۇن كوتىرىلىپ، قو-مۇشلار شالدىرلاپ، پۈتۈن ئەتراپ شاۋ - شۇۋۇغا تولۇپ كېتىپتۇ. ئۆچەيلەننى سۈر بېسىپ، قانداق قىلىشنى بىلمەي بېشى قېتىپتۇ ھەم چوڭقۇر غەمگە پېتىپتۇ. بارا - بارا دولقۇن تېخىمۇ ئۇلغىيىپ، شاۋ - شۇۋۇلار تېخىمۇ كۈچىيىپ، يەر - زېمىن تىترەشكە باشلاپتۇ. دولقۇن بىلەن شاۋ - شۇۋۇلار ئۆچەيلەننىڭ ئالدىدا دىڭگىيىپ تۇرغان قومۇشلارنى بىرنى قالدۇرماي يۇلۇپ، يىراق - يىراقلارغا تاشلاپتۇ. قومۇش يۇلۇپ تاشلانغان يەردىن شۇنداق بىر يول ئېچىلىپتۇكى، گۈزەللىكىنى تەرىپلىگىلى سوز يەتكۈسىز: كەڭ - كۇشادىلىقى كوز يەتكۈسىز ئىكەن. يولنىڭ ئىككى قاسىنىغىدا ئېچىلىپ كەتكەن گۈللەردىن چىققان خۇشبۇي ھىد ئادەمنىڭ كوڭلىنى مەس قىلارمىش. گۈللەرنىڭ بەرگىگە قونۇپ، زوق - شوخ بىلەن سايراۋاتقان سان - ساناقسىز قۇشلارنىڭ يېقىملىق ئاۋازى جەننەت قۇشلىرىنى خەس قىلارمىش.

ئۆچەيلەن ئەنە شۇ مەنزىرىگە مەس بولۇپ تۇرغانلىرىدا، ئاشۇ يولدىن زور داغدۇغا بىلەن ئايىغىغا كوز يەتمىگىدەك بىر ئالمان كېلىۋاتقىدەك، تازا سەپسېلىپ قارىسا، ياسىن قۇتقۇزۇۋالغان يىلان بالىسىنى باشلىرىدا كوتىرىشىپ، سان - ساناقسىز يىلان كېلىۋاتقىدەك. بۇ ھالنى كورگەن ئۆچەيلەننىڭ تېنى ئەيمىنىپتۇ. جانلىرىنىڭ قايغۇسىدا بىرنەچچە قەدەم كەينىگە يېنىپتۇ. بۇنى سەزگەن يىلان بالىسى ئۆزىگە ھەمرا بولۇپ كېلىۋاتتۇ.

قىلغان يىلانلارغا دەرھال گۆز جايىدا توختىتىشنى بۇيرۇپ، ئۆزى يالغۇز ئۈچ دوستىنىڭ يېنىغا ئۇچۇپتۇ ۋە مۇنداق دەپتۇ:

— ئەي كويۇمچان ھەمرالىرىم، ئاتا - ئانام چىلالايدۇ سىلەرنى ئوردىغا، ئۇلار ھەم كەلمەكتە ھەربىرىڭلارنىڭ ئالدىغا. يۈرۈڭلار ماڭايلى، قىلمايلى تەخىر؛ ئۇلارنىڭ كوزلىرىدىنى قىلمايلى بەسىر.

— يۈرۈڭلار، — دەپتۇ ياسىن ئىت بىلەن مۈشۈككە، — يىلاننىڭ تەكلىۋىنى قويمايلى يەردە.

ئۈچەيلەن يىلان بالىسىغا ئەگىشىپ، سازلىقتا يول ئاپتۇ. بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن، قىلىچ، نەيزە، سۈپەر - قالقان بىلەن قوراللانغان سانسىز يىلانلار يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى رەڭگا - رەڭ گۈللەر ئارىسىدىن چىقىپ ئۇلارغا ئىھتىرام بىلدۈرۈپتۇ. يىلان بالىسى بېشىنى شۇنداق لىڭشىتىپ قويغان ئىكەن، بىردەمدە كوزدىن غايىپ بوپتۇ. يەنە بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن، ئاق يىلان پادىشاسى بىلەن خانىش ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ، تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئۆز پەرزەنتىنى ساق - سالامەت ئۆزلىرى بىلەن دىدار كورۈشتۈرگىنى ئۈچۈن ياسىنغا پۈتمەس - تۈگىمەس مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپتۇ. ئاندىن ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن ياسىننى ئوتتۇرىغا، ئىت بىلەن مۈشۈكنى ئىككى يېنىغا ئېلىپ، ئوغلىنى كەينىگە سېلىپ، ئوردىغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئوردىغا كىرگەندىن كېيىن، مېھمانلار شەرىپىگە بەكمۇ كاتتا زىياپەت بېرىپتۇ. زىياپەتتىن كېيىن، پادىشا ئۇلارغا ماۋۇلارنى سوزلەپ بېرىپتۇ: ئاق يىلان مەملىكىتىنىڭ ئەسكەرلىرى قارا يىلان پادىشاسىنىڭ تاجاۋۇزىنى تارمار قىلىپ، پۈتۈن ئەلگە تىنچلىق ئاتا قىلغاندىن كېيىن، خانىش جەڭ كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ، ئوغلىنى قويۇپ قويغان يەرگە كېلىپ قارىسا، ئۇ يەردە ئوغلى تۇرماق، چاتقاللارنىمۇ سۇ ئېقىتىپ كېتىپتۇ. ئانا يىغلا - يىغلا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەھۋالنى پادىشاغا دەپتۇ. سان - ساناقسىز لەشكەر ۋە نى - نى قاۋۇل لەشكەر باشلىقلىرىدىن ئايرىلىپ قالغىنىغا تېخىچە قايغۇرۇۋاتقان پادىشا ئوغلى توغرىسىدىكى ئۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ، خۇدىنى يوقىتىپ قويغىلى تاس قاپتۇ ھەم پۈتۈن مەم-لىكەتتىكى لەشكەر ۋە پۇقرالارغا يارلىق چۈشۈرۈپ، ئەگەر كى-مىكى ئوغلىنى تېپىپ بەرسە ياكى ئۇنىڭ ئۆلۈك - تىرىكلىكى ھەققىدە خەۋەر بەرسە، ئۇنىڭغا ھەددى - ھېساپسىز دۇنيا - دەپىنە ئىنئام قىلىدىغانلىقىنى جاكالاپتۇ. بىراق، ھېچكىممۇ شاھ-زادىنى تاپالماپتۇ. پادىشا بىلەن خانىش پەرزەنت داغىدا يىغ-لا - يىغلا ئىككى كوزىدىن ئايرىلىپ قاپتۇ. باياتىن لەشكەر باشلىقلىرىنىڭ ھەمرالىقىدا، ئۇشتۇمتۇت ئوردىدا پەيدا بولغان شاھزادىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاش بىلەنلا، ئۇنىڭ كوزلىرى ۋاللىدە ئېچىلىپ كېتىپتۇ. شاھزادىدىن بىر ئادەمزات بالىسىنىڭ ئۆزىنى قۇتقۇزۇۋالغانلىقى، ھەتتا ئۇنى ئوز مەملىكىتى چېگرىسىغىچە ئې-لىپ كەلگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلاپ، خوشاللىقىدا ئومرىدە تۇنجى قېتىم ئادەم بالىسى ئالدىغا تازىمغا چىققانلىقى؛ ياسىنىنىڭ ئوز پەرزەنتىگە قىلغان بۇ ياخشىلىقىنى نىمە بىلەن قايتۇرۇشنى بىلمەيۋاتقانلىقىنى سوزلەپ كېلىپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئەي ئادەمزات، نىمە ھاجىتىڭىز بولسا تارتىنماي ئېيتىڭ. كەمىنە قولىڭىز ھەرقاچان خىزمىتىڭىزگە تەييار.

— رەھمەت، — دەپتۇ ياسىن پادىشاغا ھورمەت بىلەن تازىم قىلىپ، — پېقىرنىڭ ھېچقانداق ھاجىتى يوق. شاھزادى-نى قولىڭىزغا ساق - سالامەت تەككۈزدۈم، ئەمدى كوڭلۈم توق.

— رەھمەت سىزگە، — دەپتۇ پادىشامۇ ئوز نۆۋىتىدە ياسىنغا ئېگىلىپ تازىم قىلىپ، — يۈزمىڭ رەھمەت! ئەگەر بولمىسا ھېچقانداق ھاجىتىڭىز، پېقىرنىڭ ماۋۇ ئىلتىماسىنى قو-بۇل قىلغايسىز.

— قېنى ئېيتىڭ، ئەي سەلتەنەتلىك شاھ، — دەپتۇ ياسىن يەنە بىر قېتىم پادىشاغا ئېگىلىپ تازىم قىلىپ، — پېقىر كەلتۈرگىسى ھەرقانداق تەلىۋىڭىزنى بىجا.

— مەملىكىتىمىزدە قېلىڭ مەڭگۈگە، ئەلنى سورايلى ئىككىمىز بىللە.

— تەشەككۈر سىزگە، ئەي ئۇلۇغ شاھىم؛ يۇرت سورىمىغان تۇرۇق - ئەۋلادىم، — دەپ تەكەللۇپ بىلەن ئاق يىلان پادىشاسىنىڭ تەكلىۋىنى رەت قىپتۇ ياسىن، — رۇخسەت قىلسىڭىز، كەتسەم ئېلىمگە؛ يەتسەم مېھرىۋان ئانام ۋەسلىگە.

ياسىننىڭ بۇ سوزلىرى پادىشانى چوڭقۇر ئويغا سالىپتۇ. ئويلىنا - ئويلىنا، ئاخىرى غەزنىچىنى تووۋلاپتۇ:

— ئەي غەزنىچى، — دەپتۇ ئۇ، — تېز ئېيت قېنى: غەزنىمىزدە ھەم بىزگە، ھەم ئادىمىزاتقا كېرەكلىك ئەڭ قىممەتلىك نىمە بار؟

— ئەي قۇدرەتلىك شاھىم، — دەپتۇ غەزنىچى، — غەزنىمىزدە باردۇر بىر جۇپ گوھەر: ئۇنىڭ بىرى ئاتىڭىزدىن مىراس قالغان خاسىيەتلىك ئالتۇن كەمەر، يەنە بىرى — ئۇزىڭىز كويىقاپتىن ئېلىپ چىققان ئەڭگۈشتەر. ئالتۇن كەمەرنى باغلىغان كىشى ئۇمۇر بويى كورمىگەي خەتەر؛ كىمدە بولسا ئەڭگۈشتەر ياردۇر ئۇنىڭغا زەپەر.

— ئەپچىق، ئۇلارنى! — دەپتۇ پادىشا؛ غەزنىچى پەرمانىنى قىلىپتۇ بىجا. پادىشا ئەڭگۈشتەر بىلەن كەمەرنى قولىغا ئېلىپ، ئۇلارنى ئالتۇن پەتنۇسقا سېلىپ، ھورمەت ۋە ئېھتىرام بىلەن ياسىنغا سۇنۇپتۇ. ياسىن ئىككى يارماق بەدىلىگە بۇنچە قىممەتلىك سوغىلارنى ئېلىشقا خىجالەت بولۇپ، پادىشاغا مۇنداق دەپتۇ:

— ئەي ھورمەتلىك پادىشا، كوپ خىجالەتمەن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئالدىڭىزدا. قىلغان ئىشىم بەكمۇ ئازدۇر - بەكمۇ ئاز، ئەرزىمەيدۇ بۇ ئىسىل سوغىڭىزغا.

بۇ چاغدا گەپكە شاھزادە ئارىلىشىپتۇ.

— ئالمىسىڭىز دادام رەنجىيدۇ سىزدىن، مەنمۇ بولىمەن تاشلىۋەتكەندەك ئېگىزدىن.

ياسىن ئويلىنىپ قاپتۇ. ئويلىنا - ئويلىنا، ئاخىرى مۇنداق دەپتۇ:

— ئۇنداق بولسا قوبۇل قىلاي ئەڭگۈشتەرنى، سىزگە قالسۇن ئاتا مىراس ئالتۇن كەمەر، كەلمەس ئەسلا ئېلىڭىزگە خەۋپ - خەتەر.

پادىشا ياسىننىڭ سوزىگە مايىل بولۇپتۇ. ئۇنىڭ ئاجايىپ ئەقىل - پاراسىتىگە قايىل بولۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ياسىن ئەڭگۈشتەرنى قوبۇل قىلىپ ئالىدىغان، ئالتۇن كەمەر پادىشاغا قالىدىغان بولۇپتۇ. بۇ چاغدا، ئوردا ئىچى خوشاللىققا تولۇپتۇ. ئەتىسى سەھەردە، ئاق يىلان پادىشاسى خانىش، شاھزادە، ۋەزىر، ئولىمالارنىڭ ھەمرالىقىدا ياسىن ۋە ئۇنىڭ ھەمرالىرى بولغان ئىت بىلەن مۇشۇك ئاق يىلان پادىشاسىنىڭ گۈزەل مەملىكىتى بىلەن خوشلىشىپتۇ.

ئۇچەيلەن ياسىننىڭ ئانىسىنى ئىزلەپ ئۈچ كۈن يول مېڭىپتۇ. ئۈچ كۈن ئىچى ئۇلارغا يا ئادىمىزات ۋە ياكى بىرەر كەپە ئۇچرىماپتۇ. ھەم ئاچلىق، ھەم ھارغىنلىق ئۇلارنى ماغدۇرىدىن كەتكۈزۈپتۇ. بولۇپمۇ ئىتنىڭ پۇتىنى يوتكىگىدەك ھالى قالماپتۇ. ياسىن بىلەن مۇشۇك ئۇنىڭغا تارتىشىپ، بىر كۈنلۈك يولنى ئىككى كۈندە بېسىپتۇ. بۇنىڭدىن بەكمۇ خىجالەت بولغان ئىت مۇنداق دەپتۇ:

— ئەي مېھرىۋان ھەمرالىرىم، ماڭا قارىماي، يولۇڭلارنى مېڭىۋېرىڭلار؛ بولمىسا، ھەممىمىز بۇ چولدە ئاچلىقتىن ئولۇپ قالىمىز.

— ياق، — دەپتۇ ياسىن، — ئىمە بولىساق بولىمىزكى، ھەرگىزمۇ سىلى تاشلاپ كەتمەيمىز.

— ياق، — دەپتۇ مۇشۇكمۇ، — بىز باشتا ئۆلسەكمۇ، تىرىلسەكمۇ بىللە بولۇشقا قەسەم قىلىشقان. ھايات تۇرۇپ بىر-بىرىمىزنى تاشلىمايمىز.

ئىت تەسىرلىنىپ يىغلاپتۇ ۋە پۈتكۈل كۈچىنى ئاياقلىرىغا يىغىپ، سەپەرنى داۋام قىپتۇ. ئىككى كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن پۇتلىرى زادىلا يوتكىيەلمەس بولۇپ قاپتۇ. بۇ چاغدا ياسىن ئۇنى يۈدۈۋالماقچى بولغان ئىكەن، ئۇ زادىلا ئۇنىماپتۇ. ھوكىرەپ يىغلاپ، ئۆزىگە ئۆلۈم تىلەپتۇ. ئۇنىڭ نالىسىگە چىدىماي، ياسىن بىلەن مۇشۇكمۇ يىغلاپتۇ. ياسىن بىر تەرەپتىن يىغلاپ، بىر تەرەپتىن خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ، يىلان پادىشاسى غەزنىچىسىنىڭ "كىمدە بولسا ئەڭگۈشتەر، ياردۇر زەپەر" دىگەن سۆزلىرى ئېسىگە كەپتۇ. ياسىن قويىندىن ئەڭگۈشتەرنى ئېلىپ:

— ئەي ئەڭگۈشتىرىم، كورسەت كارامەت، ئاچلىق دەردىدىن بولدۇق بىتاقەت؛ كەلتۈر بىزلەرگە جەننەتتىن نېمەت، — دىگەن ئىكەن، ئەڭگۈشتەردىن ۋاللىدە ئوت چاقناپ، ئالدىم شۇنداق گۈزەل تۈسكە كىرىپتۇكى، جەننەت بىكار قالسۇن! ئارقىدىن تەخسە-تەخسە مىۋە-چىۋە، پولو، مانتۇ، ئۇگرە، سامسا، چۆچۈرە، پەرمۇدە، كاۋاپ، شورپا ... يېيىلىپ كېتىپتۇ. ئۈچەيلەن بۇ تائاملارغا ئېغىز تېگىپتۇ. ئەنە شۇ چاغدا ئىت بىرلا سىلكىنگەن ئىكەن، مويلىرى ئالتۇندەك پارقىراپ، ئادەمنىڭ مەسلىكى كەلگىدەك چىرايلىق بولۇپ كېتىپتۇ. كۈچ-قۇۋۋەتكە تولۇپ، ياشلىقى ئەسلىگە قايتىپتۇ. مۇشۇكمۇ بۇ سوغىدىن قۇرۇق قالماپتۇ: ئۇنىڭمۇ جارا-ھەتلىرى ساقىيىپ، مويلىرى ئالتۇن رەڭ ئاپتۇ. پۇت-قولى كۈچ-قۇۋۋەتكە تولۇپ، غەيرىتى كوزلىرىدىن ئۇرغۇپتۇ. ئۇ

ياسىنغا قاراپ كوڭلى يېرىم بوپتۇ.

— ئەي مېھرىۋان ئىگەم، — دەپتۇ ئۇ، — كىيىم-كېچەكلىرىمىز بەكمۇ جۇل-جۇل بولۇپ كېتىپتۇ. يەڭگۈشلىرىڭلارنىڭ دەرھال يېڭىسىنى. ئەڭگۈشتەر يەنە بىر كورسەتسۇن بىلىكسىنى.

— ئەي مېھرىۋان ئىگەم، — دەپتۇ ئىت، — مۈشۈكنىڭ ئېيتقىنى پۈتۈنلەي توغرا. چىرايلىق كىيىنىپ چىقايلى بىرلىغا.

— رەھمەت سىلەرگە، — دەپتۇ ياسىن، — يۈرىكىمگە ئوت كېتىدۇ، ئانام چۈشسە يادىمغا. ئانامنىڭ دىدارىنى كورمەي تۇرۇپ، كىيىم يەڭگۈشلەشنى كىم قويۇپتۇ مەن يېتىم بىچارىگە؟!

بۇ گەپلەر ئىت بىلەن مۈشۈكنى بەكمۇ خىجىل قىپتۇ. ئۇلار ئۆز ئىگىسىنىڭ ئاجايىپ سەممى، ۋاپادار، ئاقكوڭۈل، كەمتەرلىكىگە چىن كوڭلىدىن ئاپىرىن ئوقۇشۇپ، بۇ ھەقتە قايتا ئېغىز ئاچماپتۇ.

ئۇچەيلەن قوسىقىنى ئوبدان تويغۇزۇپ، يەنە يولغا چۈشۈپتۇ. كۈن ئولتۇرۇپ، قاش قارايغاندا، ئۇلارغا يەككە-يېگانە بىر ئۆي ئۇچراپتۇ. ئىشىكنى قاققان ئىكەن، ئۆيدىن چاچلىرى ئاپپاق، يۈزلىرى يالپاق، كوزى جىنتاق، بۇرنى پۈچۈق، ئاغزى مايماق، سالپاڭ قۇلاق، بېلى دوكىغاق بىر موماي چىقىپ كەپتۇ. ياسىن ئۇنىڭدىن ئۆيىدە بىر كېچە قونىدۇرۇشنى ئوتتۇنگەن ئىكەن، موماي دەرھال ماقۇل بوپتۇ ۋە ئۇلارنى ئۆيگە باشلاپتۇ. ئۆيگە كىرىپ قارىغۇدەك بولسا، بۇ ئۆيدە بىر پارچە كىگىز ياكى بورا، ئوت ياقىدىغان ئوچاق ياكى مورا يوق ئىكەن. قاراڭغۇلۇقتىن گورگە ئوخشايدىكەن. ياسىننىڭ مومايغا ئىچى ئاغرىپ، ئەنگۈشتەرگە:

— ئەي ئەنگۈشتىرىم، — دەپتۇ ئۇ، — ئۆينى راسلا چىرايلىق، بولسۇن يورۇق، ئازادە، دەم ئېلىشقا قولايلىق. موماي ئۈچۈن ھازىرلا، توخۇم پوشكىلى، ئەتكەن چاي، بولسۇن

يەنە قەن ـ ناۋات، ھەسەل بىلەن سىېرىق ماي، تەييار بولسۇن
بىزگىمۇ كوگۇل تارتقان تاماقلار، راسا يەيلى تويغىدەك، ئەجەپ
ئاچتى قوساقلار.

ياسىننىڭ گېپى تۈگىشىگە، ئەنگۈشتەردىن "ۋال ـ ۋۇل"
قىلىپ كوزنى چاقنىتىدىغان نۇر چىقىپتۇ. كوزنى يۇمۇپ ـ ئاچ
قىچە ئۇنىڭ ئىچى زىلچە ـ گىلەم، بىسات ـ كېچەك، خىلمۇ ـ
خىل يىمەك ـ ئىچمەككە تولۇپ كېتىپتۇ. ئومرىدە بۇنداق ئىسىل
نەرسىلەرنى كورۇپىمۇ باقمىغان موماي خوشاللىقىنى باسالماي
قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ. مېھمانلارنىڭ ئايىغىدا پايپېتەك بولۇپ
كېتىپتۇ. توتەيلەن خوشال ـ خورام ئولتۇرۇپ تاماق يەپتۇ. تا-
ماق يەپ ئولتۇرۇپ موماي ياسىندىن قەيەردىن، قانىداق بولۇپ
بۇ يەرگە كېلىپ قالغانلىقى ھەم قەيەرگە بارىدىغانلىقىنى سوراپ-
تۇ. ياسىن بېشىدىن ئوتكەنلەرنى بىرنى قويماي سوزلەپ بېرىپ-
تۇ. بۇ چاغدا، موماي ئۇنىڭغا قاتتىق ئىچ ئاغرىتقان بولۇپ،
كوز يېشى قىپتۇ. ئاندىن: "ئەنگۈشتەرنى قولۇمغا ئېلىپ كورۇپ
باقسام" دەپ يالۋۇرۇپتۇ. ياسىن دەرھال ئۇنىڭ تەلىۋىنى بىجا
كەلتۇرۇپتۇ. بۇ چاغدا ئىت بىلەن مۈشۈك ياسىندىن قاتتىق
نارازى بولۇپ، مومايىنىڭ قولىدىكى ئەنگۈشتەرنى تارتىۋالماق
چى بوپتۇ. ئەمما، قانداقتۇر بىر كۈچ ئۇلارنى مومايغا يېقىن-
لاشتۇرماپتۇ. بۇ ھالنى كورگەن موماي قاقاقلاپ بىر كۈلۈپتۇ ـ
دە، ئۇلارنى مەسخىرە قىلىپ مۇنداق دەپتۇ:

— قولۇمدا بار ئەنگۈشتەر، يوقتۇر ماڭا خەۋپ ـ خەتەر،
يېيىشىم ھالۋا ـ شېكەر، ئىچىشىم ھەۋزى ـ كەۋسەر. ئوتسۇن
ئومرۇم راھەتتە، ياشاپ باغدا ـ جەننەتتە. كەمبەغەللىك، قىيىن-
لىق كەتسۇن ئەبەت كەلمەسكە.

مومايىنىڭ گېپى تۈگىشىگە ئەنگۈشتەردىن ۋال ـ ۋۇل
قىلغان بىر نۇر چىقىپتۇ ـ دە، كوزنى يۇمۇپ ـ ئاچقىچە، موماي

ياپ - ياش بىر قىزنىڭ سۈرىتىگە كىرىپتۇ. ئۇ گەنگۈشتەرنى بىر شىلتىغان ئىكەن، ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا ئۇ چېتىدىن بۇ چېتىگە كۆز يەتكۈسىز، زۇمرەتتەك سۈزۈك سۈيى بار بىر كۆل پەيدا بولۇپتۇ. ئارقىدىنلا، تۈۋرۈكلىرى ئالتۇن بىلەن كۈمۈشتىن، نەقىشلىرى گوھەر بىلەن ياقۇتتىن ياسالغان ئاجايىپ كۆركەم، ئاجايىپ ھەيۋەتلىك بىر راۋاق قاياقتىندۇر ئۇچۇپ كېلىپ، كۆلنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا قونۇپتۇ. راۋاقنىڭ ئەتراپىدا بولسا، ئالەمدىكى ھەممە مېۋىلەر ۋە رەڭگا - رەڭ گۈل - چېچەكلەر بىلەن تولغان؛ بۇغا - مارال، كېيىك، توشقان چېپىپ يۈرگەن؛ جەننەت قۇشلىرى خەندان ئۇرۇپ سايراپ تۇرغان ئاجايىپ گۈزەل، ئاجايىپ خوش ھاۋالىق بىر باغ پەيدا بولۇپتۇ. باغ ئىچىدىن ئاجايىپ كېلىشكەن بىر جۈپ قىز چىقىپ، كولدە تۇرغان قىيىققا سەكرەپ چىقىپتۇ. قىيىق ئۇچقاندەك مېڭىپ، مومايىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپتۇ. قىزلار قىيىقتىن چۈشۈپ مومايغا ئېگىلىپ تازىم قىپتۇ. ئاندىن مومايىنى ئىككى قولىدىن يۆلەپ، قىيىققا چىقىرىپتۇ. بۇ باغدا موماي ياسىنلارغا قاراپ مۇنداق دەپتۇ:

- ئامان قويدۇم جېنىڭنى، رەھمەت ئېيت بۇ كۆڭلۈمگە، دۇئا قىلىش ئۆلگىچە، بەختىم بىلەن ئۆمرۈمگە.

شۇنداق دەپتۇ - يۇ، كېمە ئۈزۈپ كېتىپتۇ. ياسىنلارنىڭ ئەتراپىدىكى ئوت - ئىمارەت، باغ - ۋارانلار بوران سوقۇۋەتكەن توزغاقتەك، قاياقلارغىدۇر توزۇپ كېتىپتۇ. ئۇلار ئەمدى ... ئەمەس ... يېرىدا تۇرغىدەك، كۆلنىڭ ئوتتۇرىسى

يىدا پەرۋاندەك ئايلىنىپ، يېقىملىق گەپلەر بىلەن كوڭلىنى ياساپتۇ. ياسىنمۇ ھەمراھلىرىنىڭ كوڭلىنى ئاياپ، دەرھال كوز ياشلىرىنى سۇرتۇپتۇ. ئۇچەيلەن ئۇگدىشىپ ئولتۇرۇپ، ياسىننىڭ كوزى ئويقۇغا كېتىپتۇ. بۇ چاغدا ئىت بىلەن مۇشۇك مۇنداق مەسلىھەت باشلاپتۇ:

— دوستۇم،— دەپتۇ مۇشۇك ئىتقا،— ئىگەم بىزنى دەپ مۇشۇ كۇنلەرگە قالدى. بىزمۇ ئۇنىڭغا بىر ياخشىلىق قىلمايلىمۇ؟

— ماقۇل،— دەپتۇ ئىت،— قانداق قىلىمىز؟

— ئىگەم ئويغانغىچە بىر ئاز ياغاچ تېرىپ، ئۇنىڭدىن سال ياسايلى، ئاندىن مەن موماي ئېلىپ قاچقان ئەنگۈشتەرنى ئېلىپ كېلەي. مەن قايتىپ كەلگىچە، سەن ئىگەمگە ھەمرا بولۇپ بۇ يەردە تۇرۇپ تۇرغىن.

مۇشۇكنىڭ بۇ مەسلىھەتى ئىتقا ماقۇل كەپتۇ. ئەمما، بۇ يەرلەردە ياغاچ تۇرماق، ئوت-چوپمۇ تېپىلمايدىكەن، شۇڭا ئىت مۇنداق دەپتۇ:

— مەن سۇ ئۈزۈشكە ئۇستا، كېمە بولمىسىمۇ، بۇ كولدىن ئۈزۈپ ئوتەلەيمەن. ئەنگۈشتەرنى مەن تېپىپ كېلەي.

— ياق،— دەپتۇ مۇشۇك،— سەن بەك يوغان، خەق ئاسانلا كورۇپ قالىدۇ ھەم ئىگىز جايلارغا يامىشىپ چىقالمايسەن، ئەڭ ياخشىسى بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن مەنلا چىقاي.

تالىشا-تالىشا، ئاخىرى ئىككىيلەن بىللە بارىدىغان بوپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئىت مۇشۇكنى دۈمبىسىگە مىندۈرۈپ كولگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. نەچچە كېچە-كۈندۈز ئۈزگەندىن كېيىن، موماي تۇرغان باققا يېتىپ كەپتۇ. ئىت باغنىڭ سۆڭگۈچى توۋىدە پايلاقچىلىق قىلىپ قاپتۇ. مۇشۇك باغنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ يول ئاپتۇ. مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، يەنە مېڭىپتۇ، بىر ھازا ماڭغاندىن كېيىن، موماي تۇرغان راۋاقنىڭ تۈۋىگە كەپتۇ. قارى-

ئۆزدەك بولسا، ئاسمانغا تاقاشقىدەك بۇ راۋاقنىڭ توت بۇلۇڭىدا
توتلا تۈۋرۈكى بولۇپ، يا شوتىسى، يا پەلەمپىيى يوق ئىكەن.
مۈشۈك ئويلىنىپمۇ تۇرماستىن تۈۋرۈككە يامىشىپتۇ. يامشا - يا-
مشا، ئاخىرى راۋاقنىڭ ئۈستىگە چىقىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا،
راۋاقنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا ئاجايىپ چىرايلىق نەقىشلەنگەن،
پادىشالارغا ياراشقىدەك بىر كارۋات تۇرغىدەك. كارۋاتقا سېلىن-
غان تاۋار يوتقان، مەخمەل كۆرپە، پەي ياستۇقلار ئۈستىدە ھە-
ملقى موماي ياتقىدەك. كارۋاتنىڭ ئىككى يېنىدا قوللىرىدا توز
قۇيرۇغىدا ياسالغان يەلپۈگۈچلەرنى تۇتقان بىر جۈپ قىز ھە-
دەپ مومايىنى يەلپۈۋاتقىدەك. مۈشۈك پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ،
ئۇلارغا يېقىنلاپ كەپتۇ ۋە ئەنگۈشتەرنى ئىزلەپ مومايىنىڭ ئەت-
راپىغا كۆز ساپتۇ. بىر چاغدا موماي ئۇيقۇ ئارىلاش بىر ئەس-
نىگەن ئىكەن، ئاغزىدىن ۋال - ۋۇل قىلىغان بىر نۇر چىقىپ،
پۈتۈن ئالەمنى يورۇتۇۋېتىپتۇ. مۈشۈك دەرھال راۋاقتىن چۈشۈپ،
كورگەنلىرىنى ئىتقا ئېيتىپتۇ. ئىككىيلەن بىر ھازا مەسلىھەتلەش-
كەندىن كېيىن، ئوبدان بىر چارە ئويلاپ تېپىپتۇ - دە، مۈشۈك
دەرھال كەينىگە يېنىپتۇ. ئۇ يېرىم كۈن ئاۋارە بولۇپ بىر دانە
چاشقان تۇتۇپتۇ. ئاندىن چاشقانغا ئۆز مۇددىئاسىنى ئېيتقان ئى-
كەن، چاشقان دەرھال ئۇنىڭ تەلىۋىنى ئورۇنلاشقا قەسەم ئىچىپ-
تۇ ھەم قۇيرۇغىنى سۇغا چىلاپ، ئاندىن قازاننىڭ كۈيىسىگە
مىلەپ، مۈشۈك بىلەن بىرلىكتە راۋاققا يامىشىپتۇ. قارىغۇدەك
بولسا، موماي خاقىراپ ئۇخلاۋاتقىدەك، ئۇنى يەلپۈۋاتقان قىز-
لارمۇ كۆزلىرىنى ئاچالماي، ھەدەپ ئۈگدەۋاتقىدەك. چاشقان
مۈشۈكنىڭ ئىشارىتى بىلەن چاندۇرماستىن كارۋاتقا يامىشىپ،
مومايىنىڭ ياستۇغى ئۈستىگە چىقىپتۇ. ئاندىن قۇيرۇغىنى ئۇشلاپ،
مومايىنىڭ بۇرنىغا ئاستا تىقىپتۇ. موماي كۈيىنىڭ ئاچچىقىغا چى-
دىماي، كەينى - كەينىدىن بىرنەچچىنى چۈشكۈرگەن ئىكەن،

ئاغزىدىن ئەنگۈشتەر چاچراپ چىقىپ، مۈشۈكنىڭ ئالدىغىلا چۈشۈپتۇ. مۈشۈك ئەنگۈشتەرنى كاپ قىلىپ چىشلەپتۇ-دە، كوزىنى يۇمۇپ-ئاچقىچە راۋاقتىن چۈشۈپ، ئىتنىڭ يېنىغا كەپتۇ. موماي ئېسىنى يىغىپ چاپارمەنلىرىنى مۈشۈكنى تۇتۇشقا بۇيرۇغاندا، ئىت بىلەن مۈشۈك ئاللىقاچان كولىدىن چىقىپ بولغان ئىكەن. قارىغۇدەك بولسا، ياسىن تېخىچە ئۇخلاۋاتقىدەك. ئىككىيلەن ئۇنىڭ ئويغىنىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ. ياسىنمۇ بىرنەچچىنى ئەسنەپ، ئاستا كوزىنى ئېچىپتۇ. كوزىنى ئېچىپتۇ-يۇ، مۈشۈكنىڭ ئاغزىدا پارقىراپ نۇر چېچىپ تۇرغان ئەنگۈشتەرنى كورۇپ، خوشاللىقىدا سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپتۇ ۋە ئىت بىلەن مۈشۈكتىن قانداق قىلىپ بۇ ئەنگۈشتەرنى قولغا چۈشۈرگەنلىكىنى سوراپتۇ. ئىككىيلەن بولغان ۋەقەنى سوزلەپ بېرىپتۇ، ياسىن ئەنگۈشتەرنى قولىغا ئېلىپ غەزەپ بىلەن بۇيرۇق قىلغان ئىكەن، ھىلىقى قارا نىيەت موماي دەرھال ئۇنىڭ ئالدىدا ھازىر بولۇپتۇ ھەم ئوزىنىڭ گۇناھىدىن ئوتۇشنى تىلەپتۇ. يامانغا ياخشىلىق قىلىپ، بۇرنىغا سۇ كىرگەن ياسىن مومايىنىڭ ھىلىسىگە ئالدانماپتۇ. ئۇ ئىت بىلەن مۈشۈككە مومايىنى قانداق جازا بىلەن جازالاشنى مەسلىھەت قىلغان ئىكەن، ھەر ئىككىيلەن ئۇنى دەرھال ئولتۇرۇپ، گوشىنى موماي ئوزى بىنا قىلغان كولىدىكى بېلىقلارغا يەم قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ. بۇ تەلەپ ياسىنغا ماقۇل كەپتۇ، ياسىن ئىشارەت قىلىپ بولغىچە ئىت بىلەن مۈشۈك بۇيرۇقنى بېجا كەلتۈرۈپ بولۇپتۇ. ئاندىن ئۈچەيلەن تاماققا ئولتۇرۇپتۇ. تاماق يەپ ئولتۇرۇپ ياسىن:

— ئەگەر شۇ تاپتا، — دەپتۇ ئۇ، — ئاناممۇ قېشىمدا بولسا، نېمە دېگەن ياخشى بولاتتى-ھە!

ئىت بىلەن مۈشۈكمۇ ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى تەكرارلىشىپتۇ.

ئۇ بىر نىمە دەپ، بۇ بىر نىمە دەپ ئاخىرى ئاننى ئەنگۈشتەرگە تاپقۇزماقچى بولۇشۇپتۇ. ياسىن ئەنگۈشتەرگە مۇنداق دەپتۇ:

— ئەنگۈشتىردىم — ئەنگۈشتەر، ئەنگۈشتەر، خاسىيەتلىك ئەنگۈشتەر،
مېھرىۋانىم ئانامدىن، قالدىم كۆپ يىل بىخەۋەر، كېيىپ بەرگىن
ئانامنى، ساقايتقىن دىل يارامنى.

ياسىننىڭ سۆزى ئاياقلىشىشى بىلەن تەڭ، ئەنگۈشتەردىن ۋال-ۋۇل قىلىپ بىر نۇر چاقناپتۇ-دە، پۈتۈن ئەتراپ نۇر بىلەن يورۇغاندەك يالتىراپ كېتىپتۇ. ئاشۇ نۇرلار ئارىسىدىن بىر يول ئېچىلىپتۇ. ئۈچەيلەن شۇ يول بىلەن ئازغىنە ماڭغان ئىكەن، بىر ئەسكى تاملىقتا ئۆلەر ھالەتتە ياتقان ئانىسىنى ئۇچرىتىپتۇ. ئانا-بالا خۇشاللىقتىن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ، ئۇزاقىچە كۆز يېشى قىلىشىپتۇ. ئىت بىلەن مۈشۈكمۇ ئۆزىنى تۇتالماي قېلىشىپتۇ. توتەيلەن بىر ھازا يىغا-زارە قىلىشقاندىن كېيىن، ئانا-بالا بىر بىرىدىن ئايرىلغاندىن بۇيان بېشىدىن ئۆتكەن كۈنلەرنى بىر-بىرلەپ سۆزلىشىپتۇ. ئانىنىڭ سۆزىدىن ماۋۇلار مەلۇم بوپتۇ: ياسىننى ئۆيىدىن قوغلىۋەتكەن كۈنىنىڭ ئەتىسى ئانا بايىنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. بىردەم كىر يۇغاندىن كېيىن، قوساقنىڭ ئاچلىقىدىن ماغدۇرى ئۈزۈلۈپ، ھوشىدىن كېتىپتۇ. بۇ ھالنى كۆرگەن باي ئۇنى "ئۆلگەن ئوخشايدۇ" دەپ ئويلاپ، خىزمەتكارلىرىغا ئەپچىقىپ كۆمۈۋېتىشكە بۇيرۇپتۇ، ئۆزى بىرنەچچە چاپارمەننى باشلاپ بېرىپ، نەزىر-چىراقتا ئىشلىتىش نامى بىلەن ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئۈستىنى ئېچىپ، ياغاچ-تاشلىرىنى قايتۇرۇپ كەپتۇ. خىزمەتكارلار ئاننى شەھەر سىرتىغا ئەپچىقىپ، بىر ئازگالغا تاشلاپتۇ-دە، ئۈستىگە ئازراق توپا تاشلىۋېتىپ قايتىپ كېتىشىپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن، ئانا ھوشىغا كېلىپ، شۇنداق قارىغۇدەك بولسا، بىر ئازگالدا

ياتقىدەك. ئۇ، تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ، مىڭ جاپادا ئازگاللىدىن
چىقىپتۇ ۋە چاۋار تېرىۋاتقان بىر خوتۇنغا ئۇچراپتۇ. ئىككىيـ
لەن بىردەم مۇڭدىشىپ، بىر بىرىنىڭ ھالىغا يىغلاپتۇ. شۇنـ
داق قىلىپ، ئىككى تۇل خوتۇن بىر كۇندە مىڭ ئۇلۇپ، مىڭ
بىر تىرىلىپ، بىرلىكتە تىرىكچىلىك قىلىپ كەپتۇ. ياسىننى سېـ
غىنىپ، ئانىنىڭ كوزىدىن ياش قۇرۇماپتۇ، سۇرۇشتۇرۇپ دېرىكـ
نى ئالالماپتۇ...

شۇنداق قىلىپ ئانا ـ بالا تېپىشىپتۇ. ئۇلار ئەنىگۇشتەرـ
نىڭ خاسىيىتى بىلەن كېيىنكى ئۇمرىنى خوشال ـ خورام ئوتـ
كۇزۇپتۇ. ئىت بىلەن مۇشۇكمۇ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىپ، ئۇلارنىڭ
بوسۇغىسىنى ساقلاپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەسئۇل مۇھەررىرى: ماخمۇتجان ئىسلام

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى (5)

تۈزگۈچىلەر: نۇرمەھەممەت زامان
تۇرغان شاۋدۇن

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
ئۈرۈمچى شەھەر جەنجۇڭ كوچىسى №54
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ئۈرۈمچى ناھىيىلىك باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1168 × 850 مم 1/32 باسما تاۋىقى: 8.625
1983 - يىل 3 - ئاي 1 - نەشرى
1993 - يىل 12 - ئاي 2 - بېسىلىشى
تىرازى: 60.001 — 62.650
ISBN 7—228—02801—5/I·988

باھاسى: 3.20 يۈەن

维吾尔民间故事选（五）（维吾尔文）
努尔买买提 吐 尔 干编

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市建中路54号 邮政编码830001）
新疆新华书店发行 新疆新华印刷二厂排版
新疆乌县印刷厂印刷
850×1168毫米 32开本 8.625印张
1983年3月第1版 1993年12月第2次印刷
印数：60,001—62,650

ISBN7-228-02801-5/I·988 定价：3.20元